ئابدۇراخمان قاھار

# توزۇماس گۈل



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئابدۇراخمان قاھار

# توزۇماس گۈل

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

永不凋谢的花：维吾尔文/ 阿布都热合曼·卡哈尔著：
— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.5
ISBN 978-7-228-14272-9

Ⅰ.①永... Ⅱ.①阿... Ⅲ.①长篇小说 — 中国 — 当代 —
维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第087549号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾则孜·吐尔迪 |
| 责任校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京盛通印刷股份有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 8.5 |
| 版　　次 | 2011年9月第1版 |
| 印　　次 | 2011年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 25.00 元 |



يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار

# نەشرىياتتىن

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار 1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1945 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدا غۇلجىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىغا كىرىپ بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1956 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى دارىلمۇئەللىمىنلەردە ۋە ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1988 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئابدۇراخمان قاھار 1953 ـ يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «بەختىمىز كۈلدى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە قوشۇلغان. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، رومان ۋە ئەدەبىي خاتىرە ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ «ۋاپا» (ھېكايىلەر توپلىمى)، «ئاھ، ياشلىقىم» (پوۋېستلار توپلىمى)، «ئىلى دولقۇنلىرى» (ئىككى قىسىملىق رومان)، «ھايات سىرى» (رومان)، «كۆكۈل» (رومان)،

«ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى» (رومان) قاتارلىق يىگىرمە پارچىگە يېقىن كىتابى نەشر قىلىنغان. «ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى» ناملىق رومانى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

# ئاپتوردىن

رىزۋانگۈل جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن قاتناشقان ۋە مۇشۇ شانلىق ئۇرۇشتا مەردلەرچە قۇربان بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك، قەھرىمان قىزى. بۇ قىزنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە مەردلىكىنى تارىخ ئۇنتۇمايدۇ.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىسى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن قوماندانى مۇزەپپەر ئابدۇللايېف ماڭا:

— ئۇكا، رىزۋانگۈل ھەققىدە رومان يېزىپ، بىر ئابىدە تىكلەپ قويسىڭىز بولاتتى، — دېگەنىدى، مەن:

— مۇزەپپەر ئاكا، رىزۋانگۈل ئىنقىلاب باشلىنىپ تېخى ھەرەمباغ ئېلىنمايلا قۇربان بولغان، ئۇرۇشقا قاتناشقان كۈنلىرى ئاز، قولۇمدا ئۇ توغرۇلۇق تۈزۈكرەك ماتېرىيالمۇ يوق، — دېدىم.

— ماتېرىيالنى مەن بېرىمەن، ئۇزاقتىن بېرى يىغقان ماتېرىياللىرىم بار، — دېدى مۇزەپپەر ئاكا ۋە يىغقان ماتېرىياللىرىنى ماڭا بەردى. مەن ئۇ ماتېرىياللارنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم ۋە ھەجمى كىچىكرەك بىر رومان يېزىش قارارىغا كېلىپ، مەنمۇ ماتېرىيال ئىزدىدىم. رىزۋانگۈلنىڭ ئەينى يىللاردىكى سەپدىشى، ساۋاقدىشى، دوستى رىزۋان ناسىر ھەم سەپدىشى، مەكتەپدىشى ھاكىم تۇرسۇنلار بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆھبەتلەشتىم، ئاندىن غۇلجىغا بېرىپ ساۋاقدىشى ھوشۇرخان ھەدە ۋە ھەربىي سەپتە بىللە بولغان يۈسۈپ مۇئەللىم، ماناپ

قادىر بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلارنىڭ رىزۋانگۈل ھەققىدىكى بايانلىرى مۇزەپپەر ئابدۇللايېف ماڭا بەرگەن ماتېرىياللاردىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. مەسىلەن، رىزۋانگۈلنىڭ بالىلىق ـ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن سورىغان سوئاللىرى، بەش ـ ئالتە ياش ۋاقىتلىرىدىلا ئائىلىدە ساۋاتىنى چىقارغانلىقى ۋە ھېسابتا تۆت ئەمەلنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغانلىقى، ئوقۇشقا كىرىپ مۇئەللىملىرىدىن قىيىن سوئاللارنى سوراپ، ئۇلارنى مەڭدىتىۋەتكەنلىكى، پارتىزان بولغاندىن كېيىن قوراللارغا ئۇيغۇرچە ئىسىم قويغانلىقى ۋە ئۇ ئىسىملارنىڭ ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكى، دۈشمەن پوتىيىنىڭ تۆشۈكىگە گىرانات تاشلىغانلىقى، ئۈمىد مەكتىپىدە كىيىملەرنى پەسلىگە قاراپ كىيگەنلىكى، بۇ ھالنى كۆرگەنلەر موسكۋادىن كەلگەن قىزمىكىن دەپ قالغانلىقى، ۋالىبول ئويناشتىكى ئالاھىدىلىكى، توپنى ئوغۇللاردىن ئاشۇرۇپ ئۇرىدىغانلىقى قاتارلىق ئىشلىرىمۇ مۇزەپپەر ئاكىدىن باشقا زاماندىشلىرىنىڭمۇ ئېغىزىدىن چىقتى. مەزكۇر كىتاب يېزىلىپ بولۇپ، قايتا ئوقۇش ۋە تۈزىتىش جەريانىدا رىزۋانگۈلنىڭ مەن ئىگىلىگەن گەپ ـ سۆزلىرى ۋە بەزى ۋەقەلىكلەرنىڭ مۇزەپپەر ئاكىنىڭ ماڭا بەرگەن ماتېرىياللىرىدىكى بىلەن ئوخشاش چىقىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن، رىزۋانگۈل بىر مەشھۇر تارىخىي شەخس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئەينەن ئېلىشقا توغرا كەلدى.

# 1

كەچ كۈز.

شىۋىرلاپ يېتىپ كەلگەن ئىزغىرىن شامال كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاسمانغا بوي سوزغان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى ئۈزۈپ، بىر ئۇيان ـ بىر بۇيان يېنىك ئۇچۇرۇپ توپىلىق يوللارغا، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئېرىقلارغا بىرلەپ ـ ئىككىلەپ تۆكمەكتە ۋە ئېرىقلارغا يىغىلغان غازاڭلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنى توسۇپ، كوچىلارغا يايماقتا ئىدى. ئەتىيازدىن تارتىپ كۈزگىچە ئېتىز ـ قىرلاردا يۈرۈپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتكەندىن كېيىن شەھەرلەرگە كىرىپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچلانغان ئېگىز شاخلىرىغا قونۇۋالغان ئۇنى سەت قاغىلار شۇملۇق تىلەۋاتقاندەك ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئەنسىز قاقىلدىماقتا، بۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئۈنلىرى ئاللىقاچان ئۆچكەن. مەھەللىدىكى شاۋقۇن ـ سۈرەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق. تال چىۋىقلارنى ئات ئېتىپ كوچىلارنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئوينايدىغان شوخ، كەپسىز بالىلار كاڭلىق ئۆيلەرگە مۆكۈشكەن. تىرىكچىلىك غېمىدە تىنىمسىز ئۆمىلەپ يۈرگەن قۇرت ـ قوڭغۇزلارمۇ ئۇچەكلىرىگە كىرىپ كەتكەن.

كوچىلاردىن ئاچچىق شامالدا يۈزلىرى ئېچىشىپ ـ قىزىرىپ كەتكەن دېھقانلارنىڭ ۋە يۈزلىرى تونۇغۇسىز ھالدا قارىداپ، گەۋدىسى مۈكچىيىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مۇڭلۇق ئاۋازدا: «سەۋزە ـ پىياز ئېلىۋېلىڭلار»، «پارچە كۆمۈر، پارچە كۆمۈر» دېگەن ھەسرەتلىك ھەم نالىلىك ئۈنى ئاڭلىنىپ قالمىسا، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق سادا يوق. قىزىق ئىش،

ھويلا - ھويلىلاردىن خورازلارنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ. مەھەللە ئىچىنى قانداقتۇر بىر سىرلىق جىمجىتلىق ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، سۈر بېسىپ كەتكەن. پەقەت دەل - دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچلانغان ئىنچىكە - نازۇك شاخلىرى شىۋىرلىسا، يەرلەرگە تۆكۈلۈپ قۇرۇغان غازاڭلار شىلدىرلايتتى. بۇ يېقىمسىز ھالەتلەر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ، كىشىدە نەغمە - ناۋالىق، گۈل - چېچەكلىك باھار - ياز ئايلىرىنى سېغىنىش ھېسسىياتىنى قوزغايتتى.

كوچا - كوچىلاردا ۋارقىراپ يۈرگەنلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازلىرى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— سەۋزە - پىياز، سەۋزە - پىياز ئېلىۋېلىڭلار، ئەرزان ساتىمەن، سەۋزە - پىياز تېرىغانغا تويدۇم ...

— پارچە كۆمۈر، پارچە كۆمۈر ! ...

ھويلىدا خېلىدىن بېرى چىگىچ خىياللار بىلەن ئولتۇرغان رىزۋانگۈل كوچىلاردا ئۈزۈكسىز تەكرارلىنىۋاتقان بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ پىچىرلىدى: «ياشاش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپ قوللىرىنى قاداق باسقان دېهقانلار، يوقسۇزلۇق تاشتىنمۇ قاتتىق دېگەن كۈنگە قالغان ئىشلەمچىلەر، بىچارە ئېلىپ - ساتارلارغا نېمە دېگۈلۈك ... ئۇلارنىڭ ھاياتى شۇنداق ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ ئۇلار نېمە گۇناھى ئۈچۈن ئېغىر كۈنلەرگە قالدۇ؟ نېمىشقا تارتقان جاپاسىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرەلمەيدۇ - ھە؟ ! ... مېنىڭ مۇنداق سوئاللىرىمغا مۇئەللىممۇ تۇزۇك جاۋاب بەرمىدى، ئۇلارنىڭمۇ پارقىراپ قالغان كۆزلىرى نېمىشقىدۇر ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن باقىدۇ. دادامغا ئېيتسام، ‹مۇنداق گەپلەرنى ئېغىزىڭغا ئالغۇچى بولما، ئىچىڭگە يۇتۇۋەت، بالام› دەيدۇ. مۇئەللىم ئوقۇپ بەرگەن ئۆمەر مۇھەممىدىنىڭ ‹ئېغىر كۈنلەردە›، ھېكايىسىدىكى ئېغىر كۈنلەر نەق بىچارە خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈنلەر ئىكەنغۇ. بىچارە خەلقىمىز مەيلى قەيەردە بولسۇن ئېچىنىشلىق، ئوسال، دەردلىك كۈنلەرنى

كۆرۈۋېتىپتۇغۇ... باراۋەرسىزلىك، زۇلۇم قانات چىقىرىپ تەنتەنە قىلىۋاتقاندا، ئەركىنلىك، ئازادلىق، تىنچلىق، خاتىرجەملىك باش كۆتۈرەلمىسە مەيلىمۇ؟ زۇلۇم ـ ئوقۇبەت ئاستىدا ياشاش پېشانىمىزگە پۈتۈلگەنمۇ ھە ! ...»

قىز ئاسمانغا تىكىلىپ قارىدى، قوغۇشۇن رەڭلىك ھەم قارامتۇل بۇلۇتلارنىڭ تۈرۈلۈپ ـ تۈرۈلۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى ـ دە، جۇدۇن باشلىنىپ كەتمىگىيدى، دەپ ئەنسىرەپ قالدى. ئۇنىڭ گۈللۈك چۆنەكنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىغا بىر سائەتتىن ئاشتى. ئاشۇ كۆرۈمسىز بۇلۇتلار تېخىچە تارقاپ كەتمىدى، يا يامغۇر تامچىلىرى تۆكۈلمىدى، يا قار چۈشمىدى. قوشنا ئايالنىڭ ئۆز ھويلىسىدا تۇرۇپ كىملەرگىدۇر ئېيتىۋاتقان سۆزلىرى ئاڭلىنىپ قالدى:

ــ تېخىچە كۆمۈر چۈشۈرەلمىدۇق، دادىسىنىڭ نالچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلى قورسىقىمىزغا يەتمەيۋاتسا، قانداق قىلغۇلۇق، قار يېغىپ كەتسە قانداقمۇ قىلارمىز؟... قارنى ياغماي تۇرۇپ تۇر، بىز كۆمۈر چۈشۈرۈۋالايلى دېگەنگە تۇرۇپ تۇراتتىمۇ؟ قىش بولمىسا بولمامدىغاندۇ، قەشقەر تەرەپلەردە ئانچە سوغۇق بولمايدىكەنغۇ؟ خۇدا، ئۆزۈڭ بار، يوقسۇللارنىڭ قاقشاپ، تېپىرلاۋاتقىنىنى كۆرۈۋاتقانسەن؟ ...

قىزنىڭ مەيۈس قوي كۆزلىرى جىنچىراغدەك پىلدىرلاپ، تاتارغان يۈزىنى غەمكىن تۈس قاپلىدى. ئۇ ئاچچىق شامالنىڭ يۈزىگە يىگىنىدەك سانجىلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇۋاتامدۇ ــ تۇيۇمايۋاتامدۇ، بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ، ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، مۇشۇ ھالەتكە يات ھالدا بەدىنى قىزىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قانسىز لەۋلىرى يەنە پىچىرلىدى: «ئادەملەرمۇ قىزىق بولىدىكەن، سوغۇق ئەدىگەن قىشنى كۆرسە، ئەجەب قاتتىق كەلدى بۇ قىش، دەپ يازنى سېغىنىدىكەن؛ بەدەنلەرنى قىزىتىپ، تەرلەتكەن يازنى كۆرسە، ئىسسىقنىڭ ئازابىمۇ يامان ئىكەن، دەپ قىشنى ئەسلەپ قالىدىكەن. پەسىللەرنىڭ تەبىئەت قانۇنىيىتى

بويىچە نۆۋەتلىشىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، تۇرمۇش غېمى ئۇلارنى شۇنداق سۆزلىتىۋېتىدىكەن - دە...»

قىز بىردىنلا ئويغا پېتىپ قالدى: «ئادەملەر بۇ دۇنياغا نېمىگە تۆرەلدى، نېمىگە ياشىدى؟ ئىنسان تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، قېرىپ ئۆلگۈچە ھەددى - ھېسابسىز جاپا - مۇشەققەت تارتىدىكەن، مۇنداق ئېغىرچىلىقلارنى تارتقۇچە ياشاپ نېمە قىلىدۇ، دۇنياغا كۆز ئاچمىسىلا بولمامدۇ ؟ ! ... ‹بەش كۈنلۈك شۇ ئالەمدە كىم مۇرادىغا يەتتى› دېگەن ناخشا بىكار چىقماپتىكەن - دە. راست، مۇرادىغا يەتكەن ئادەمنى كۆرگەنلەر بارمىدۇ؟ ... بەش كۈنلۈك شۇ ئالەمدە دېگىنى، — قىز تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا پاتتى، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلدى، — ھە، ئەمدى بىلدىم، ئادەم بىر كۈندە تۇغۇلىدىكەن؛ ئۈچ كۈن قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، تۇغۇلغانغا مىڭ پۇشايمان قىلىپ ياشايدىكەن؛ يەنە بىر كۈندە ئۆلىدىكەن. بۇ ناخشا ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ ياشاپ، ئۆلگەنلىكىنى نېمىدېگەن قىسقا - ئىخچام ئىپادە قىلغان - ھە ...»

قىزنىڭ يادىغا نەۋاقتا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىش كەلدى: ھېيت كۈنى ئىدى، دادىسى ھاشىم ئاخۇن نامازدىن خاپا قايتىپ كەلدى.

— مەسچىتتىن كېلىۋاتسام، — دېدى ئۇ، — دوقمۇشتا ئىككى ئېشەك ھارۋىدا قوراي تۇرۇپتۇ. ئىگىلىرى: «ئېلىۋېلىڭلار، ئەرزان بېرىۋېتىمەن !» دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ. يولدا كەلگۈچە ئويلاپ كەلدىم: ئۇلارنىڭ بېشىغا قاتتىق كۈن چۈشمىسە، ھېيت كۈنى قورايلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ بازارغا كېلەمدۇ؟ راست، «موھتاجلىق تاشتىن قاتتىق» دېگەن گەپ بار. ئۇلارنىڭ قورايلىرىنى دېگىنىگە ئېلىپ، ھاجىتىنى راۋا قىلايمىكىن دەيمەن. سىلەر بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

ئانىمۇ، ئاكا - ھەدە، سىڭىللارمۇ دادىسىنىڭ ئېيتقانلىرىغا قوشۇلدى. ھاشىم ئاخۇن ئالدىراپ قورايلارنى ئېلىش ئۈچۈن بارسا، ياشراق قورايچى قورايلىرىنى سېتىپ كېتىپتۇ. ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي بولسا تېخىچە قورايلىرىغا خېرىدار كۈتۈپ

تۇرغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھاشىم ئاخۇن بوۋاينىڭ قورايلىرىنى دېگىنىگە ئېلىپ، ئۆيگە باشلاپ كەلدى. بوۋاي قورايلارنى چۈشۈرۈۋېتىپ، پۇلنى ئېلىپ ماڭماقچى بولغاندا، ھاشىم ئاخۇن:

— توختىسىلا، بۈگۈن ھېيت، ئۆيگە كىرىپ ھېيتلاپ كەتمىسىلە خاپا بولىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى. بوۋاي ھېيتلاپ ئۆيگە كىرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چىنە قايماقلىق ئەتكەنچاي قويۇلدى.

— قېنى چاينى قىزىقىدا ئىچىپ، قورساقلىرىنى ئوبدان تويغۇزۇپ ماڭسىلا، — دېدى ھاشىم ئاخۇن چىنىگە بىر كاللەك ساڭزىنى سېلىۋېتىپ، — يېڭىيەر دېگەن نە ئۇ، ھازىر ماڭسىلا، چۈشتە ئاران چىقالايدىلا.

راست، بوۋاي يېرىم كېچىدە قورايلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ بازارغا ماڭغان، ئەتىگەنلىك چايمۇ ئىچمىگەن.

بوۋاي چاينى ئىچىپ بولۇپ دۇئا قىلدى ـ دە، بىردىنلا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، ياخشىلىقمۇ ئادەمنى ئۆكسۈتۈپ قويىدۇ.

— بولدى، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، — دېدى ھاشىم ئاخۇن، — ھېيت ھەممە ئادەم خۇشال بولىدىغان كۈن ئەمەسمۇ.

— ھە، ھەي ئۇكام، كۆڭلىڭىز يۇمشاق، ئوبدان ئادەم ئىكەنسىز ... — دېدى بوۋاي بېشىنى كۆتۈرمەستىن، — نېمىسىنى ئېيتاي، ئۆيدە سەككىز ياشلىق ئوغلۇم بار. ئۇنىڭدىن چوڭلىرى — ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىزىمنى تالالىق قىلىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قىينىلىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى ياشلىق قىزى بار ياشراق بىر ئايالغا ئۆيلەنگەنىدىم. ئۇ ئوغلۇمغا ئۆچ چىقىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇنى ياش بولغاندىكىن، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىمغا ياردىمى تېگەر، ئىككى قولىنىڭ كۈچى بار، كۆيۈپ ـ پىشىپ ئۆي تۇتار، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، نەدىكىنى، ياش ئادەمنىڭ ھەۋىسى تولا بولىدىكەن، راھەت ـ ھالاۋەتنى ئويلايدىكەن... ئۇ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەن بىلەن

قىزىمغا ھېيتلىق كىيىم ئېلىپ بېرىسەن، دەپ ئۇرۇشۇپ تۇرۇۋالدى. بېشىم ساقايسۇن، دەپ ئۇنىڭ بىلەن قىزىغا كىيىم ئېلىپ بېرىپ، بار پۇلۇم تۈگىدى. سەككىز ياشلىق ئوغلۇم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، مۆلدۈرلەپ قاراپ قالدى. بالامنىڭ بوينى قىسىلىپ قالمىسۇن، ئازراق پۇل غەملەي، دەپ ئۆيدىكى قورايىنى ھارۋىغا بېسىپ ئەكەلگەن، ھېلىمۇ سىزگە ئۇچراپتىمەن، ئۇكام. بولمىسا قانداق قىلاتتىمكىن؟ دۇنيادا سىزدەكمۇ رەھىمدىل ئادەملەر بار ئىكەنغۇ، دەپ يىغلاپ قالدىم، ئادەم قېرىغانسېرى يىغلاڭغۇ بولۇپ قالىدىكەن ...

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، مانا ماۋۇ ئۈچ تەڭگە، بىر تەڭگىنى ئۆگەي قىزلىرىغا، ئىككى تەڭگىنى ئوغۇللىرىغا بەرسىلە، بۇ مېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ھېيتلىقىم، — دېدى رىزۋانگۈلنىڭ دادىسى پۇلنى سۇنۇپ. ئاڭغىچە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ئۇنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ئىككى - ئۈچ تەڭگىدىن پۇللارنى بوۋايغا تۇتقۇزدى.

— ئەمدى بۇ پۇللارغا بىر قوزا كېلىدۇ، بىر قوزا ئېلىپ بېقىپ قويسىلا، — دېدى ھاشىم ئاخۇن گېپىنى ئۆزگەرتىپ، — «بىر قوي ئون يىلدا مىڭ بولىدۇ» دېگەن گەپ بار، شۇنىڭ بىلەن روناق تېپىپ كەتسىلە ئەجەب ئەمەس.

بوۋاي نەچچە تەزىم قىلىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ ئۇزاپ كەتكۈچە ھەممىسى قارىشىپ تۇردى. ئۇ چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ كېتىۋاتاتتى.

قىزنىڭ كۆڭلى پەرىشان، چىرايى قايغۇلۇق ئىدى. بولمىسا ئۇ بىركىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالمىدى ياكى بىركىمدىن ئۇرۇنسىز گەپ، تىل - ئاھانەت ئاڭلىمىدى ۋە ياكى ئاتا - ئانىسىدىن ئۆزىنى ئەيىبلىگەن سۆزلەرنىمۇ ئىشىتمىدى. ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭ چىرايى قايغۇلۇق؟ بۇ يەردە ئۇنى رەنجىتكۈدەك، دىلىغا ئازار بەرگۈدەك بىرەر ئىشمۇ بولۇپ ئۆتكىنى يوق. تەبىئەتنىڭ بۇ كۆڭۈلسىز مەزگىلى ئۇنىڭغا شۇنداق روھىي ھالەت ئاتا قىلغان

بولسا كىرەك ھەم ھېلى ئەسلەپ ئۆتكەن ھېلىقى بوۋاينىڭ ئىچىنىشلىق قىسمىتى ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغاندۇر بەلكى.

ئۇنىڭ كۆزى يېنىدىكى يازىچە پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن ئىككى تۈپ قىزىلگۈلگە چۈشتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەرلىكى ھۇجرىسىدىن چىقىپلا مۇشۇ گۈلگە زوقلىنىپ قاراپ كېتەتتى. تېخى يېڭىلا ئېچىلغان بىر - ئىككى تال گۈل جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ھازىر ئەسەرمۇ يوق. ئۇ گۈللەر ھازىر ئەتە - ئاخشىمى ئۇرغان يۇزلەرنى ئېچىشتۇرغۇدەك ئاچچىق شامالدا بەرگلىرى بىلەن قوشۇلۇپ سولىشىپ، مۇڭلۇق تۇستە ئۇمچىيىپ - شۇمشىيىپ قاپتۇ. تېخى يوپۇرماقلىرى ئۇششۇك تېگىپ قارىداپ ئۇزۇلۇپ چۈشۈپتۇ. ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ قالغان ئازغانلىقتىن بۇلبۇلنىڭ سېھىرلىك ئۇنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يېقىملىق ئاۋاز نەگە كەتتى؟ ... ھازىر ئۇنىڭ ئورنىغا قاغىنىڭ يېقىمسىز، سەت ئۇنى ئاڭلىنىدۇ. بۇ كۆڭۈلسىز ھالەتلەر — تەبىئەتنىڭ يالىڭاچلىنىپ كۆرۈمسىز تۇسكە كىرىپ قېلىشى، سوغۇقنىڭ نەرە تارتىپ بېسىپ كېلىشى، ئادەملەرنىڭ چىرايىدىكى ئىللىقلىقنىڭ يىتىشى... مانا بۇ ئۆزگىرىشلەر بىغەم ئادەملەرگە تەسىر قىلمىغان بىلەن، تېخى ئەقلى توشمىغان بولسىمۇ، قەلبى ھەر خىل ئەھمىيەتلىك سوئاللار بىلەن تولغان بۇ قىزغا ئالاھىدە تەسىر قىلىپ، بۇ تەسىرلەر چىرايىغا ئوقچۇپ چىققانىدى. ھېلىمۇ ئاچچىق ھەم سوغۇق شامال ئۇنىڭ يۈزىنى چىمدىپ ئۆتمەكتە ۋە غولىنى قورۇپ سوغۇقنىڭ ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. ئۇ بۇلارنى سەزسىمۇ، سەزمەسكە سېلىپ، قانداقتۇر ئەندىشىلىك خىياللارغا چۆكۈپ تولغانماقتا. تېز ئارىدا سوغۇق چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەندىشىدە قالغان مەھەللە ئىغىر جىمجىتلىققا مەھكۇم بولغانىدى. ئاچچىق ئىزغىرىن شامال دەرەخلەرنىڭ سارغايغان ھەم قارىداپ كەتكەن يوپۇرماقلىرىنى ئەڭ ئۇچىدىن باشلاپ تۆكىدۇ. شۇڭا، تىترەشمۇ دەسلەپ دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچلانغان نوتىلىرىدىن باشلىنىدۇ.

ياش، نازۇك نوتىلارنىڭ شۇۋۇلداشلىرى كىشىلەردە ۋەھىمىلىك تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. شۇ تۇرقىدا پۈتۈن مەھەللە شۈمشىيىپ ئېچىنىشلىق تۇيغۇغا غەرق بولغانىدى.

ۋاقىت غۇيۇلداپ ئۆتۈپ چۈشمۇ يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۆگزە - ئۆگزىلەردىكى ئېگىز - پەس تۇرخۇنلاردىن ئاقۇچ، كۆكۈچ، قارامتۇل ئىسلار تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كۆتۈرۈلمەكتە. بۇ ھال ئاياللارنىڭ چۈشلۈك غىزاغا تۇتۇش قىلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. ئەمدى دەل - دەرەخلەر ئارىلىرىدا قۇشقاچلار ۋىچىرلىششقا باشلىدى. ئۇلار دان ئىزدەپ ھويلىغا شەپىسىز چۈشمەكتە. بىردەمدىن كېيىن ھويلىغا نەدىندۇر پەيدا بولغان ئىككى كۆك كەپتەرمۇ چۈشتى. قۇشقاچلار ئەيمەنمەي قىزنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ، يېرىم قۇرۇغان گۈل - گىياھلارنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تېپىپ يېمەكتە. ئۇلار بىر تال دان ئۈچۈن تۇمشۇقلىرىنى گىياھلارنىڭ ئارىلىرىغا نەچچە قېتىم ئۇراتتى. قۇشقاچلارنىڭ ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ دىكىلداپ ماڭغاندىكى يېنىك، ئەپچىل ھەرىكەتلىرىگە زوقلىنىپ قارىغان قىزنىڭ ھېلىلا غەم - ئەندىشە ئەكس ئېتىپ تۇرغان سولغۇن چىرايىدا خۇش تەبەسسۇم جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. بىراق، قىز كەپتەرلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ئويلىنىپ قالدى: «كەپتەرلەر ياۋاش، چىرايلىق قۇش، لېكىن تەييارتاپ، تەييارغا ھەييار قۇش ئىكەن. قۇشقاچ كىچىك قۇش بولسىمۇ، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىكەن، مېۋىلەرگە چۈشكەن قۇرتلارنى ئوزۇق قىلىدىكەن، ئەمگەكچان قۇش ئىكەن...»

بىراق، ئەنە ئاۋۇ يەردە كەپتەر ۋە قۇشقاچنى تۇتۇپ يېيىش قەستىدە يۈرگەن، تامنىڭ ئۆگزىگە تۇتاشقان يېرىگە چاپلىشىپ يېتىۋالغان خېلىلا چوڭ بىر ئالا مۈشۈك كۆزلىرىنى يالت - يۇلت قىلىپ، ئۇياق - بۇياققا تېز - تېز قارىماقتا. ئۇنىڭ ئولجىغا ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان يولۋاسنىڭكىدەك يانغان كۆزلىرى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالاتتى. مۈشۈك ئۆزىنى

ھويلىغا ئېگىز يەردىن تۇيۇقسىزلا ئاتقاندى، قۇشقاچلار «پۇررىدە» قىلىپ، كەپتەرلەر «پالاق ـ پۇلۇق» قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. جانىۋارلارنىڭ مۈشۈكنىڭ زەربىسىدىن تىنچ ـ ئامان قۇتۇلۇپ قالغانلىقىدىن كۆڭلى جايىغا چۈشكەن قىزنىڭ بىردىنلا قەھرى يېنىپ، چىرايىدىكى تەبەسسۇم يىتتى. قىز تاش ـ چالما ئېتىپ مۈشۈكنى سۈردى. مۈشۈكمۇ قورقۇدىغاندەك ئەمەس، ئۇ بىر قېچىپ توختاپ، كەينىگە ئوت ئالغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ، يەنە قېچىپ، يەنە كەينىگە قاراپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە تامغا ئۇچقاندەك يامىشىپ چىقىپ، ئۇياققا چۈشۈپ كەتتى. ئەگەر قىز بوشراق كەلسە، مۈشۈكنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىلغۇسى باردەك قىلاتتى. شۇ تاپتا قىزنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتكەن، كۆز ئالدىدا ئابايىقى ئوغرى مۈشۈك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ كەپتەرنى چىشلىۋالغىلى تاسلا قالغان ئەمەسمىدى. «ئوغرى مۈشۈكمۇ يىرتقۇچ ھايۋان ئىكەن، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى قىز ئىچ ـ ئىچىدىن يېنىپ، — ئاجىز، ياۋاش جان ـ جانىۋارلار سەللا بىخۇدلۇق قىلسا، ۋەھشىي، كۈچلۈك ھايۋانلارغا ئاسانلا يەم بولۇپ كېتىدىكەن. ئادەملەر ئارىسىدىكى ئاجىز، ياۋاشلارنى بوزەك قىلىش، كۈچلۈكلەرگە خۇشامەت قىلىش ھايۋانلار ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىكەن. دادامنىڭ دېگىنى راست ئىكەن ـ دە، قايسى كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا دادام شۇنداق دېگەنىدى: ‹پۇلدار، كۈچلۈك بايلار ئاجىز، ئوتتۇر ئوقەت تىجارەتچىلەرگە كۈن بەرمەيدىكەن. بىچارىلەر بىر پارچە ماتانى ئىككى ـ ئۈچ سومدىن سېتىپ، ھەر بىر پارچىسىدىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز تىيىن پايدا ئېلىپ، ئائىلىسىنى ـ بالىلىرىنى باقىدۇ. پۇلدارلارنىڭ شۇنىڭغىمۇ كۆزى قىزىرىپ، قېلىپلىشىپ قالغان باھانى بۇزۇپ، بازارغا نۇرغۇن ماتا كىرگۈزۈپ ئەرزان باھادا ساتىدىكەن. خېرىدارلار شۇ ياققا ئاغقاندا، كەمبەغەل ئوقەتچىلەرمۇ ماللىرىنى (ماتالىرىنى) ئىلاجسىزلىقتىن ئەرزان سېتىشقا مەجبۇر

بولىدىكەن. پۇلدارلار شۇنداق چاغدا ئۆزلىرى كۈتكەن پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇلارنىڭ باھاسى چۈشكەن ماللىرىنى بىراقلا سېتىۋالىدىكەن ــ دە، ئىككى ــ ئۈچ كۈن تۇرۇۋېلىپ، بازاردا شۇ خىل مال قالمىغاندا، ماللارنىڭ باھاسىنى بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئۆستۈرۈپ بازارغا قايتا سالىدىكەن. بازاردا ئۇنىڭدىن باشقا مال قالمىغاچقا، ئېھتىياجلىق كىشىلەر قىممەت باھالىق مالنى ئېلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن پايدا پۇلدارلارنىڭ، يەنى كۆچلۈكلەرنىڭ يانچۇقىغا چۈشىدىكەن. كۆردۈڭلارمۇ پۇلدارلارنىڭ نائىنساب، قەبىھلىكىنى؟! ... نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، باشقىلارنىڭ جان بېقىش يولىنى شۇنداقمۇ توسقان بارمۇ؟ ! ئىنساب، دىيانەت دېگەنلەر نەگە كەتتى ــ ھە؟ !›»

قىز دادىسىنىڭ دېگەنلىرىنى ئويلاپ، ئابايا يۈز بەرگەن ئىشلارغا قايتتى: « ئوغرى مۈشۈك كەپتەرنى يەپ كەتكىلى تاسلا قالدىغۇ، يەپ ئۆگەنگەن ــ دە. قايسى كۈنى ئېغىل تەرەپتە كەپتەر تۈكلىرى تورۇپ كېتىپتىكەن، ئۇ كەپتەرنى ئابايىقى ئوغرى مۈشۈك يەپتىكەن ــ دە ... ئادەملەر ئىچىدىمۇ كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى رەھىم قىلماي بوزەك قىلىشى، باشقىلارنىڭ ئازغىنا پۇلىغا كۆز قىزارتىشى ئادەتتىكى ئىشلار ئىكەن ــ دە. يىرتقۇچ ھايۋانلارلا ئەمەس، ئادەملەرمۇ ۋەھشىيلىشىپ كېتىپتۇ، يولۋاسنىڭ ئۆزىلا بوپتۇ. ‹تۈلكىنىڭ تەقسىماتى› دېگەن چۆچەكتە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئولجا ئالغان نەرسىلەرنى تۈلكە باش بولۇپ تەقسىم قىلىپ، يولۋاسقا مۇنداق دېگەنىكەن: ‹يولۋاس جانابلىرى، توشقان ئەتىگەنلىكلىرى بولسۇن، كېيىك چۈشلۈكلىرى بولسۇن، قىرغاۋۇل كەچلىكلىرى بولسۇن، سىلىدىن ئاشسا، بىز يەيلى.› يولۋاستىن قورقۇپ قىلىنغان بۇ تەقسىمات تۈلكىنى ئامان قويغان. ئەگەر ئولجىنى تەڭ يەيلى، دېگەن بولسا، تۈلكىنىڭ مىجىقى چىقىپ كەتكەن بولاتتى...»

شامال ئەدىمەكتە. ئاسمان يۈزىنى قاپقى سېلىنغان بۇلۇتلار

قاپلىدى. قىزنىڭ باش ئۈستىدىن قارامتۇل بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ ـ تۈرۈلۈپ ئۆتمەكتە. ئۈرۈلۈۋاتقان شامالدىن قارنىڭ ھىدى كەلمەكتە ئىدى. «قار چۈشۈپ كېتەرمۇ، ـــ قىز ئاسمانغا ئالىيىپ قاراپ، ئابايىقى قوشنا ئايالنىڭ نالىلىك گېپىنى ئويلاپ قالدى، ـــ قار چۈشۈپ كەتسە، بىچارىلەر، بىر پارچە كۆمۈرگە زار ئادەملەر قانداق قىلىدۇ؟ ئەگەر راستىلا قار ياغسا، ئاپامغا ئېيتماي، ئابايىقى بىچارە ئايالغا يوشۇرۇنچە بىر پارچە كۆمۈر ئاچىقىپ بېرىمەن.»

بىلىنەر ـ بىلىنمەس قار ئۇچقۇنلاشقا باشلىدى. «ئاخىر چۈشتى ـ دە. ئاپام: ‹دۆلەتمەن قىشمۇ ياخشى› دەيدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا دۆلەتمەن ئادەملەر قىشنى ياخشى كۆرىدىكەن ـ دە، مەكتەپتە بىللە ئوقۇيدىغان بايلارنىڭ قىزلىرى: ‹قىش دېگەن ياخشى، توپا ـ چاڭ يوق، ھاۋا ساپ. قېلىن كىيىنىۋالسا، قىشنى يازدىكىدەك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ› دەپ يۈرىدۇ. توۋا، ئۇلار نېمىشقا باشقىلارنىمۇ ئويلىمايدىغاندۇ؟»

ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. ئىشىكتىن بېشىنى چىقارغان ئانىسىنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى:

ـــ رىزۋانگۈل، تاماق پىشتى، بالام.

ـــ ھە، ھازىر كىرىمەن.

ـــ شۇنچە سوغۇقتا تالادا نېمانچە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتىدىغانسەن، سوغۇقنى سېغىنىپسەن ـ دە؟...

ـــ سوغۇقنىمۇ سېغىنامدۇ كىشى؟

ـــ ئەمىسە، نېمىشقا قاققان قوزۇقتەك ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟

ـــ مانا ئاپا، ماڭدىم، ـــ رىزۋانگۈل ئورنىدىن تۇردى. سوغۇقتىن، قىمىرلىماي ئۇزاق ئولتۇرۇشتىن ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ قالغانىدى. ئۇ پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تىزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئۇياققا ـ بۇياققا بىردەم ماڭدى ـ دە: «ھەي قىش، ھەي قىش، كەمبەغەللەرنى قاقشىتىدىغان قىش، يەنە كەلدىڭمۇ؟» دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇچقۇنلاپ چۈشۈۋاتقان

قار مانا ئەمدى لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىدى. تامدا ئابايىقى ئوغرى مۈشۈك يەنە پەيدا بولدى. بىراق، كەپتەر، قۇشقاچلار نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى.

## 2

جىمجىتلىقتا چۆكۈپ مۈگدەلىنىپ قالغان كوچىلار ئەتىگەنلىكى ھويلا ـ ھويلىلاردىن بويۇنلىرىغا جىلتىلىرىنى ئېسىپ چىققان ئوقۇغۇچىلار، ئىشقا ماڭغان خىزمەتچىلەر، دۇكانلىرىغا ماڭغان ھۈنەرۋەن ـ تىجارەتچىلەر، كۈنلۈك ئىشلەپ كۈنىنى ئاران ئېلىۋاتقان ئىشلەمچىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.

ھەرقايسى يان كوچىلاردىن بەشلەپ ـ ئونلاپ، يىگىرمىلەپ چىققان ئوقۇغۇچىلار بىلەنمۇ چوڭ كوچىلار ئاۋاتلىشىپ، قايىنام ـ تاشقىنلىقتا چۆمىدۇ. بۇ ئاۋاتلىق، قايىنام ـ تاشقىنلىق ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەندە مەكتەپكە ماڭغان، چۈشتە ئۆيگە قايتقان، تاماقلىنىپ بولۇپ يەنە مەكتەپكە ماڭغان، كەچتە ئۆيگە قايتقان چاغلاردا تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. مەكتەپكە بارغۇچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان قىزىق ـ قىزىق گەپلىرى، تالاش ـ تارتىشلىرى، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قىزىپ سۆزلەشلىرى كوچىدىكى ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغان ئادەملەرنى جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ زوقىنى قوزغايتتى.

يان كوچىلاردىن چىققان بەزى ئوقۇغۇچىلار دوقمۇشقا كەلگەندە، بىرىنى ساقلاش زۆرۈر بولغاندەك تۇرۇپ قالاتتى. ئۇلار ئاۋات چوڭ كوچىنىڭ باش تەرىپىگە دەمىمۇدەم قارايتتى ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن شۇ تەرەپكە تىكىلەتتى. بۇ ھال بۇگۇنلا كۆرۈلۈۋاتقىنى يوق، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى، چۈشلۈكى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. شۇنداق تەقەززالىقتا تۇرغان باللاردىن ئورۇق، ئېگىز

بويلۇق بىرى بىردىنلا:

— قاراڭلار، ئەنە كېلىۋاتىدۇ ! — دېدى كوچىنىڭ بېشىدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

بالىلارنىڭ يۈزلىرىدە تەبەسسۇم ياندى. ھازىر كەچ كۈز مەزگىلى بولسىمۇ، دەرەخلەردە قالغان ئاخىرقى سارغايغان يوپۇرماقلار ئىرغاڭلاپ چۇشۇۋاتسىمۇ ۋە ئاچچىق شاماللار ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، بالىلارنىڭ كۆڭلىدە بۇ كۆڭۈلسىز مەزگىلنىڭ تەسىرىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

— سالام، ساۋاقداشلار ! — دېدى رىزۋانگۇل بالىلارنىڭ قېشىغا كېلىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا.

— ھېلىمۇ ياخشى ئۆتۈپ كەتمەپسىز، نېكەم سىزنى ساقلاپ تۇرغىلى، — دېدى ئابايىقى ئورۇق، ئېگىز بويلۇق، ئاق سېرىق بالا.

— تېخى ئەتىگەن تۇرسا، ھازىر مەكتەپكە بارساق، دېگەن ۋاقىتتىن يېرىم سائەت بۇرۇن بېرىپ بولغان بولىمىز، — رىزۋانگۇل شۇنداق دېدى - دە، قوشۇپ قويدى، — سىلەرمۇ سەھەرچى بولۇپ كەتتىڭلار، يۈرۈڭلار، چاپسانراق ماڭايلى.

تېخى كىچىكلىكىگە قارىماي، تەمبەل كەلگەن ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ بەستىگە ماسلاشمىغان ھالدا ئىنچىكە، نازۇك ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

— بىزنى سەھەرچى قىلىۋەتكەن ئۆزىڭىزغۇ.

— سىلەرنى مەن قانداق قىلىپ سەھەرچى قىلىۋەتتىم؟ — رىزۋانگۇل بىر ياقتىن ھەيران قالغاندەك، بىر ياقتىن سوئال سورىغاندەك قىياپەتتە بالىلارغا تىكىلدى ۋە دەررۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئەگەر راستلا سەھەرچى قىلىۋەتكەن بولسام ئوبدان قىپتىمەنغۇ، — دېدى.

— شۇنداق، ئوبدان قىلدىڭىز، — ئىنچىكە ئاۋازلىق ئوقۇغۇچى يەنە سۆز ئالدى، — سىزنىڭ قىزىق - قىزىق گەپلىرىڭىز، ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان سوئاللىرىڭىز ۋە ئاجايىپ

قىزىقارلىق تېپىشماقلىرىڭىزنى ئاڭلايمىز، دەپ سەھەرچى بولۇپ كەتتۇق. بۇ يەرگە بالدۇر چىقمىساق، سىز ئۆتۈپ كېتىسىز - دە، گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىيالماي قالىمىز.

— ئۇنداق بولسا، سوئاللىرىمنىمۇ، تېپىشماقلىرىمنىمۇ ئېيتىمەن، لېكىن تۈنۈگۈنكى سوئاللىرىم بىلەن تېپىشماقلىرىمغا جاۋاب بەرمىسەڭلار، بۈگۈن يېڭىلىرىنى ئېيتمايمەن.

— ئۇنداق قىلماڭ، يېڭىلىرىنى ھازىر دەڭ، تۈنۈگۈنكىنى قوشۇپ، چوقۇم ئەتە جاۋاب بېرىمىز.

— ياق، نېسىدىن تەلىيىم يوق.

— ئۇنداق قىلماڭە، ئەتە راستلا تەلىيىڭىز كېلىدۇ.

— مېنى ئالدىماڭلار، ئالدامچىنىڭ بازىرى كاسات ... ھە، ماقۇل، ئۇنداق بولسا گېپىمىز گەپ، ھە!

— شۇنداق، گېپىمىز گەپ، سىزنى ھەرگىز ئالدىمايمىز، — باللار تەرەپ - تەرەپتىن سۆزلەپ، چۇرقىرىشىپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار نېيتىدىن ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە دوقمۇش - دوقمۇشلاردا، يان كوچىلارنىڭ ئېغىزلىرىدا رىزۋانگۈلنى ساقلاپ تۇرۇشى ئۇنىڭ يېڭىدىن - يېڭى سوئاللىرىنى، تېپىشماقلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار سوئال - تېپىشماقلارغا ئۆزلىرى جاۋاب تاپالماي قالسا، ئۆيىگە بارغاندا ئاتا - ئانىلىرى، ئاكا - ھەدىلىرىگە ئېيتىپ جاۋاب ئالماقچى ھەم ئۇنى رىزۋانگۈلگە يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ رەھمەت - تەشەككۈرىگە ئېرىشمەكچىدى. رىزۋانگۈلنىڭ رەھمىتىنى ئېلىش ئۇلار ئۈچۈن ماختانغۇدەك ئىش ھېسابلىناتتى.

رىزۋانگۈل يېڭى سوئال - تېپىشماقلارنى ئېيتماي، ئۇلاردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، باللارنى ئاغزىغا قاراتتى.

— ئۇنداق بولسا باشلىدىم، دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار: بىرىنچى، ئۆگزىگە چىقىپ كىگىز قاقسام، توپىسى تۇرپانغا

كەتتى، ئۇ نېمە؟ ئىككىنچى، ئۆزى مۈشتەك، قۇيرۇقى نوغۇچتەك، ئۇ نېمە؟ ئۈچىنچى، ئاپا دېسەم ئۇچى بار، ھەدە دېسەم بىرى يوق، بار دېسەم بىرى بار، دادا دېسەم، بىرىمۇ يوق، ئۇ نېمە؟ تۆتىنچى، ئىككى ئېرىقتىن سۇ كەلدى، بەش ئادەم يۈگۈرۈپ باردى، ئىككىسى توسۇپ قالدى، ئۈچى قاراپ قالدى، ئۇ نېمە؟ بۈگۈن تېپىشماقتىن تۆتنى ئېيتتىم، جاۋابىنى تاپالىساڭلار مەكتەپتىن قايتقاندا ئېيتىپ بېرىسىلەر، تاپالمىساڭلار، بۈگۈن كېچىچە ئويلاپ، ئەتە ئەتىگەندە ئېيتىپ بېرىسىلەر، ئۇقتۇڭلارمۇ؟ تاپالمىساڭلار، چىقىۋېرىدىغان تېپىشماق يوق، ھە؟

— ئۇقتۇق، بىراق ئاز بولۇپ قالدى، يەنە بىرنەچچىنى ئېيتىپ بېرىڭ، — باللار چۇرقىرىشىپ تۇرۇۋالدى.

— ماقۇل، يەنە ئېيتاي: ئاي نېمە ئۇچۇن كېچىسى كۆرۈنۈپ، كۈندۈزى كۆرۈنمەيدۇ؟ ئۇ كۈندۈزى نەگە كېتىدۇ؟ ئاي بەزىدە ئورغاقتەك، بەزىدە يېرىم نانذەك، بەزىدە پۈتۈن نانذەك كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ يەنە بىر سوئالىمىزمۇ دەۋېتەي: سوغۇق ھاۋا ئېغىرمۇ، ئىسسىق ھاۋا ئېغىرمۇ؟

بۇلا ئەمەس، باشقا باللارمۇ ئۆي - ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن يۇمۇرىستىك گەپلەرنى، ھەمەك تازىنىڭ كۈلكىلىك قىلىقلىرىنى، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنىڭ بىر - بىرىنى قانداق يەڭگەنلىكى توغرىسىدىكى خىيالىي سۆز - ھەرىكەتلىرىنى دەپ، دوراپ كۈلكە قوزغايتتى. شۇنداق كۈلكە - قىزىقچىلىق، قىيقاس - چۇقانلار بىلەن ماڭغاندا، تۆۋەن سىنىپنىڭ باللىرىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىۋېلىپ، رىزۋانگۈلنى ئارىغا ئېلىۋالاتتى. باللار رىزۋانگۈلگە شۇنچىلىك ئىچەركىشىپ كەتكەنكى، مەكتەپكە بېرىپ - كېلىشتە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا، خۇددى ئىنتايىن مۇھىم، ئەتىۋارلىق بىرنەرسىسىنى يىتتۇرۇپ قويغاندەك كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولاتتى. شۇڭا، يان كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىدا ساقلاپ تۇرغان باللار رىزۋانگۈلنى تېخى كەلمىدى دېسە، ئۇنى مەكتەپكە كەچ قالسىمۇ ساقلاپ تۇراتتى. كەتتى دېسە،

هېچنېمىگە قارىماي كەينىدىن يۈگۈرۈيتتى.

ئۇلار شۇنداق كۆلكە - قىزىقچىلىقلار بىلەن مېڭىپ مەكتەپكە كەلگەنلىكىنى تۇيماي قېلىشاتتى.

غۇژمەكلىشىۋالغان بالىلار مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇلارغا سەل يىراقتىن ئەگىشىۋالغان، ئەمما گەپ - سۆزلەرنى ئېنىق ئاڭلىغان يۇقىرى يىللىقتىكى ئىككى ئوقۇغۇچى ئۆزئارا گەپلىشىپ قالدى:

— رىزۋانگۈل دېگىنى قالتىس زېرەك، ئەقىللىق قىز ئىكەن جۇمۇ، — دېدى بىرى.

— راست، بۇ قىزنىڭ سورىغان سوئاللىرى چوڭ ئادەملەرنىڭمۇ ئېسىگە كەلمەيدۇ، — دېدى يەنە بىرىمۇ، — ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش ئالامەتلىرى ئۇلارنىڭ يۈزىگە تېپىپ چىققانىدى.

— ئۇ سورىغان سوئاللىرىنى ئۆزى بىلىپ سوراۋاتامدىغاندۇ ياكى بىلمەيلا سوراۋاتامدىغاندۇ؟

— ئۆزى بىلىدۇ، بالىلار تاپالماي قالسا، ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ - دە. قىزىق ئىكەنسەن، ئۆزى بىلمىگەن سوئالنى باشقىلاردىن سورامدۇ؟

— قالتىس قىز ئىكەن بۇ، بالىلارغا شۇنداق سوئاللارنى قويۇپ، تېپىشماقلارنى ئېيتىپ، — دېدى يەنە بىرى، — ئۇلارنى ئويلىنىشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرۇۋېتىپتىكەن - دە، بۇ قىز.

— قارا، ئۇچۇ، بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىۋاتقان گەپ.

— شۇنداق، بۇ بالىلارنى ئەقلىنى ئىشلەتسۇن دېگىنى ئوخشايدۇ.

مۇنداق سوئاللارنى سوراش، تېپىشماقلارنى ئېيتىش رىزۋانگۈلدە بۇگۈنلا پەيدا بولغان ئەمەس، ئۇ تۆت - بەش ياش ۋاقىتلىرىدىلا ئانا تىلىنى خېلى پىششىق بىلەتتى، گېپى ئوچۇق - راۋان، جۈملىلىرى مەنىلىك ئىدى. بۇ تەرىپى ئاتا - ئانا، ئاكا -

ھەدىلىرىنى بىر تەرەپتىن ھەيران قالدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن چوڭقۇر ئويلارغا سالاتتى. باشقا قۇشلار ئېگىز ئۇچالايدۇ ـ يۇ، توخۇ نېمىشقا ئېگىز ئۇچالمايدۇ، يا ئۇ قۇش ئەمەسمۇ؟ شامال نەدىن كېلىدۇ؟ نېمىشقا يامغۇر ياغىدۇ؟ بۇلۇتلار بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا ماڭىدۇ، تېنەپ قېلىپ شۇنداق مېڭىۋاتامدۇ، ئۇلارنىڭ بىزنىڭكىدەك ئۆيى يوقمۇ؟ ... تېخى بەش ياشقا تولمىغان قىزنىڭ مۇنداق سوئاللىرى كۆپ ئىدى ۋە كالىلىسىدا يېڭىدىن ـ يېڭى سوئاللار پەيدا بولۇپ تۇراتتى. مەھەللىنىڭ بېشىدىن تارتىپ تا ئايىغىغىچە ھويلىلاردا، ئۆيلەردە، ئادەم يىغىلغان يەرلەردە، ئاتا ـ ئانىلار، باللار ئارىسىدا كىچىككىنە رىزۋانگۇلنىڭ ئادەمنى ئويغا سالىدىغان سوئاللىرى توغرۇلۇق گەپ ـ سۆزلەر، ئويلىنىشلار، مۇنازىرىلەر، تالاش ـ تارتىشلار بولۇپ تۇراتتى. بەزىلەر: «ئاپىسى مەريەمخانغۇ ئادەتتە تۇز، بىر ئىشلارنى ئانچە چوڭقۇر ئويلاپ كەتمەيدىغان ساددىلا بىر ئايال، دادىسى ھاشىماخۇن خېلىلا ئەقىللىك ئادەم، بۇ قىز دادىسىنى دورىغان ئوخشايدۇ» دېسە، بەزىلەر: «دادىسىمۇ تۆت ـ بەش ياش ۋاقتىدا مۇنچىلىك ئەمەس بولغىيدى» دەيتتى. «بۇ قىز مۇشۇنداقلا ماڭسا، دادىسىنىڭ يېشىغىچە نېمە ئىشلارنى قىلىۋېتىدىكىنتاڭ، بۇ قىز چوڭ بولسا خېلى ـ خېلى ئىشلارنى تەۋرىتىدىغان قىز بولىدۇ جۇمۇڭلار ...» دەيتتى يەنە بەزىلەر. قولۇم ـ قوشنىلار رىزۋانگۇلنى شۇ دېمەتلىك ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق باللىرىغا سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر ئويلارغا پاتاتتى ۋە ئىختىيارسىز ياقىسىنى تۇتاتتى: « بىزنىڭ باللارنىڭ خىيالىغا مۇنداق سوئاللار كېلەيمۇ دېمەيدۇ، ئەجەب رىزۋانگۇلنىڭ يادىغا كېلىپلا تۇرىدۇ ـ ھە ... ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئاتا ـ ئانىلاردىن تۇغۇلغانغۇ؟... ئەقىللىك بالا كىچىكىدىن مەلۇم، دېگەن گەپ بار، رىزۋانگۇل ئەقىللىك ئىكەن ـ دە. ئۇ مەھەللىدىكى باشقا باللارغىلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ بىر قورساقتىن چۈشكەن ئاكا ـ ھەدىلىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، كىچىككىنە تۇرۇپ ئەقىلگە تولغان

قىزغۇ بۇ ...»
شۇ چاغلاردا رىزۋانگۈل بەزى كېچىلىرى كۆرگەن چۈشلىرىنى ئېيتاتتى: ئاق قۇلاردەك ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقۇدەك، بىردە بۈككىدە قارىغايلىق بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىدە، بىردە پايانسىز باغلارنىڭ ئارىلىرىدا، بىردە قۇياش نۇرىدا جىمىرلاپ تۇرغان تىنچ، كۆز يەتكۈسىز كۆل ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگۈدەك، بەزىدە بۈك - باراقسان قارىياغاچ ئاستىدا خەت يېزىپ ئۆزىدىن چوڭ باللارغا دەرس ئۆتۈۋاتقۇدەك ... كىچىك باللار نۇرغۇن چۈشلەرنى كۆرىدۇ، بىراق ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. رىزۋانگۈل كۆرگەن چۈشلىرىنى زادىلا ئۇنتۇمايتتى. كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەتىسى ئاتا - ئانا، ئاكا - ھەدىلىرىگە، مەھەللىداشلىرىغا زوق - شوخ بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى. كىچىككىنە تۇرۇپ كۆرگەن چۈشلىرىنى رەتلىك، تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بېرىشى ئۇنىڭ زېھنى ئۆتكۈر قىز ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرەتتى.
رىزۋانگۈل ئالتە ياشقا كىرگەندە، ھەدىسى زەينەپ بۇۋىدىن خەت ئۆگىنىپ ساۋاتىنى چىقىرىۋالغان ۋە شۇ مەزگىللەردە نەشر قىلىنغان گېزىت - كىتابلارنى بىمالال ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولغان. شۇڭا، ئۇ ئۆمەر مۇھەممىدىنىڭ «ئېغىر كۈنلەردە» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ۋە دادىسىدىن:
— دادا، ئۆمەر مۇھەممىدى دېگەن كىشى ھازىر قەيەردە تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىغان مەيۈس ئۈچقۇنلار پىلدىرلىغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.
— ئۇ كىشى ياركەنتتە تۇرىدۇ، ئۇنى نېمە قىلاتتىڭ، قىزىم؟
— ھېلىقى سوئاللارنى شۇ كىشىدىن سورايتتىم.
دادىسى سۈس كۈلدى ھەم يۈز - كۆزلىرىدە ھەيران قېلىش، ھاياجانلىنىش ئالامەتلىرى ياندى:
— ئۇ كىشىنىڭ سەن بىلەن سۆزلىشىدىغانغا ۋاقتى يوق، ئۇ ياركەنتتە بالا ئوقۇتىدۇ. سەن سەل چوڭراق بولغاندا، ئۆزۈم

ئاپىرىپ سېنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ كېلەي، بولامدۇ، قىزىم؟ ھە، مېنىڭ قىزىم مانا مۇشۇنداق دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ، — دېدى ئۇ قىزىنىڭ ماقۇل بولغانلىقىدىن خۇش بولۇپ.

رىزۋانگۈل ئاشۇ ئالتە ياش ۋاقتىدا يەنە باشقىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ دادىسىدىن ھېساب ئۆگىنىپ، قوشۇش، ئېلىشنى بىلىۋالغان، شۇنىڭغا ئۇلاپلا بۆلۈش، كۆپەيتىشنى رەسمىي ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئالغان ئىمتىھانىدىن ياخشى ئۆتكەن.

رىزۋانگۈل مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىدىن، مەكتەپداشلىرىدىن سورىغان سوئاللىرى، ئېيتقان تېپىشماقلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەزىدە مۇئەللىملەرگىمۇ قىيىن سوئاللارنى قويۇپ، ئۇلارنى تەڭقىسلىقتا قوياتتى. لېكىن، ئۇنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ قىيىن سوئاللارنى قويۇش ئارقىلىق مۇئەللىملەرنى ئوڭايسىزلاندۇرۇش ئەمەس، بەلكى بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىۋېلىش، ئاڭلىغان يېڭى گەپ - يېڭى سۆزلەرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى چۈشىنىۋېلىش ئىدى. دەل مۇشۇ ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ مۇئەللىملەردىن كۆپ سوئال سورايتتى.

بىر قېتىم دىن دەرسى ئۆتۈلۈپ، ئاخىرىدا مۇئەللىم:

— سوئاللىڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. شۇ چاغدا رىزۋانگۈل ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، مېنىڭ بىر سوئالىم بار، — دېۋىدى، مۇئەللىم:

— قېنى سوراڭ، — دېدى.

— يەرنى ناھايىتى زور بىر كۆك ئۆكۈز مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، بىر مۈڭگۈزى تالغاندا، يەرنى ئىككىنچى مۈڭگۈزگە يۆتكەيدۇ، مۇشۇ يۆتكىلىش ۋاقتىدا يەر تەۋرەپ كېتىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، مۇشۇ گەپ راستمۇ، مۇئەللىم؟ — دېدى رىزۋانگۈل

ئەستايىدىل ھالدا.

مۆئەللىمنىڭ قاپىقى سىلىندى، تاتارغان چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ياندى ـ دە، بىر رىزۋانگۇلگە، بىر نەلەرگىدۇر قاراپ:

— بۇگەپنى نەدىن تېپىپ كەلدىڭىز؟ — دېدى.

— مۆئەللىم، بۇنى مەن تېپىپ كەلمىدىم، خەلق ئىچىدە مۇشۇنداق گەپ بار ئىكەن، بۇنى مەنمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىغان، راست ـ يالغانلىقىنى بىلىۋالاي دېگەن شۇ.

— بۇنى ئاللا بىلىدۇ، — دېدى مۆئەللىم زەردە بىلەن قىزغا تىكىلىپ.

— ئەمىسە، بۇنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئاللادىن سورامدۇق؟ — دېدى رىزۋانگۇل دەرھاللا، — ئۇنداقتا ئاللا قەيەردە، بېرىپ سوراپ باقايلىچۇ؟ قېنى ئېيتىپ بېرىڭچۇ، مۆئەللىم!

— قالايمىقان گەپ قىلماڭ! — مۆئەللىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئەگەر بۇ سوئالنى ئوغۇل ئوقۇغۇچى سورىغان بولسا، مۆئەللىم ئۇنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغان بولاتتى. ئاچچىق ـ غەزەپ ئۇنىڭ بەدىنىنى لەرزىگە سالدى ـ دە، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قىزنى چوقۇپ تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ئولتۇرۇڭ!

رىزۋانگۇل ئىككىنچى ھەپتىدە ئۇ مۆئەللىمدىن يەنە مۇنداق سوئال سورىدى:

— مۆئەللىم، كىشىلەر ئارىسىدا ئاسماندىكى ھەربىر يۇلتۇزدا بىر ئادەمنىڭ جېنى بولىدۇ، قايسى يۇلتۇز سارقىسا، شۇ يۇلتۇزدا جېنى بار ئادەم ئۆلىدۇ، دېگەن گەپ بار ئىكەن، بىز ھېچ بىلەلمىدۇق، راست شۇنداق بولامدۇ؟

— بۇنى ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمىسە، بۇ گەپ قانداق چىقىپ قالدى ئەمىسە؟...

— سىز مۇنداق سوئاللارنى نەدىن تېپىپ كېلىسىز ـ ھە؟ ! — مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ، چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ كەتتى. چىرايىدىمۇ قان دىدارى قالماي، قانسىز لەۋلىرى يېپىلماي سۇس تىترىدى، — سىز نېمىشقا مۇنداق سوئاللارنى سورايسىز، دادىڭىز كىم بولىدۇ، سىز دائىملا ئېگىز ـ پەس سوئاللارنى سورايسىزغۇ، بۇلارنى كىم ئۆگىتىدۇ سىزگە؟! سىز تېخى بەشىنچى سىنىپتا ئوقۇيسىز، چىرايلىقچە دەپ قويماي، ئۇلارنى چوڭ بولغاندا چۈشىنىپ قالىسىز، ئالدىرىماڭ.

رىزۋانگۇلنىڭ ئېغىزىدا نۇرغۇن سوئاللار قاپلىشىپ تۇرسىمۇ، گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. بولمىسا، ئۇ سىز چۈشىنىپ تۇرۇپ سۆزلىمەي تۇرۇۋاپسىز ـ دە، دېمەكچىدى. ياخشى باشلانغان دەرس كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشتى.

ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلارغا لەقەم قويۇش، ئۇلارنىڭ قىلىق ـ ھەرىكەتلىرىنى، سۆزلەش ئادەتلىرىنى، ھەتتا مېڭىشلىرىنى دوراش ئەزەلدىن مەۋجۇت. بۇنى ئوقۇتقۇچىلاردىن بىلىدىغانلارمۇ بار، بىلمەيدىغانلارمۇ بار، بىلمەيدىغانلار بىلمەيلا ئۆتۈپ كېتىدۇ ـ دە، بۇ ھەقتە ھېچقانداق گەپ ـ سۆز تېرىلمايدۇ؛ بىلىپ قالغانلاردىن بەزىلىرى ئۆزىنى دورىغان ئوقۇغۇچىنى ئاخىرغىچە يامان كۆرۈپ، ياخشى ئىش قىلسىمۇ يامانغا بۇراپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكىشىپ ئۆتىدۇ.

رىزۋانگۇل ئەنە شۇنداق ئوقۇتقۇچىلارغا لەقەم قويۇشقا ئۇستا قىز ئىدى. ئۇ چاغلاردا دەرستە ناچار ياكى كەپسىز، ئىنتىزامسىز، ئەخلاقسىز ئوقۇغۇچىلارنى تىللاپ ئۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ بار ئىدى. ئەمما، مۇنداق ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ تەرىپىدىن تەنبىھلەنمەيتتى ياكى جازالانمايتتى. مەكتەپتە مۆمىن دەيدىغان گەۋدىلىك بىر ئوقۇتقۇچى بولىدىغان، ئۇ دەرستە ناچار ياكى ئىنتىزامسىزلىق قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى يوغان مۇشتى بىلەن ئايىمايلا سالاتتى. دەرس ئاخىرلاشقاندا، ئۇ تۈگۈلگەن يوغان مۇشتىنى كۆرسىتىپ: «مانا بۇ دېھقان مۇشتى، ئەگەر ئەتىلىككە كىمدەكىم دەرس ئۆگەنمەي كەلسە، مۇشۇ دېھقان مۇشتىنى

يەيدۇ» دەپ ھەيۋە قىلاتتى. راستلا ئۇ دەرس بىلمىگەن ئوقۇغۇچىنى تاراسلىتىپ ئۇرۇپ كېتەتتى. شۇڭا، رىزۋانگۈل ئۇ ئوقۇتقۇچىغا «مۆمىن مۇشت» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۇ ئوقۇتقۇچىنى مۆمىن مۇئەللىم دېمەي، «مۆمىن مۇشت» دەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. يەنە بىر ئۆمەر دېگەن ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا زادىلا سىلىق - سىپايە گەپ قىلماي، دائىملا توك، قوپال - سوغۇق گەپلەرنى قىلاتتى، ئالدىراقسان ئىدى. ئۇ قىش مەزگىلى ئىدى، بىر كۈنى ئۇ دەرس ئۆتۈۋاتقاندا، ئەڭ ئارقىدىكى پارتىدا ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسنى ئاڭلىماي يوشۇرۇنچە كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ: «ھەي ھارىمى، دەرس ئاڭلىماي، نېمە ئوقۇۋاتىسەن - ھە؟!» دەپ ئۇنىڭ قېشىغا كېتىۋېتىپ مەشكە پۇتلىشىپ، مەش ئۆرۈلۈپ، پولغا ئوتلار چېچىلىپ كەتكەن، تاختاي كۆيۈشكە باشلىغاندا، ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا: «ئورۇندۇقتا چاپلىشىپ قالغاندەك ئولتۇرۇشىسەنغۇ، قوپۇشە مۆرىمەسلەر ! تالادىن قار ئەكىرىپ چېچىش، بولۇشە چاپسان !» دېگەن. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن رىزۋانگۈل: «باللار، مەن ئۆمەر مۇئەللىمگە ئىككى لەقەم قويۇپ قويدۇم: بىرى ‹ئۆمەر توڭكاي›، يەنە بىرى ‹ئۆمەر گۇر - گۇر›، قايسىسى مۇۋاپىق بولسا، شۇنى قوللىنايلى» دېۋىدى، باللار: «ھەر ئىككىسى مۇۋاپىق بوپتۇ. ئۆمەر مۇئەللىمنىڭ توڭكايلىقىمۇ، گۇر - گۇرلىقىمۇ بار ئىكەن» دېيىشتى.

## 3

چارەكلىك ئىمتىھان ئاخىرلاشقان چاغ ئىدى. مەيلى چارەكلىك بولسۇن، مەيلى مەۋسۇملۇق بولسۇن، ئىمتىھان ئاخىرلاشسا ئوقۇغۇچىلار گويا يەلكىسىدىن يوغان بىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالىدۇ. رىزۋانگۈل باشلىق بىر توپ

باللار خۇشال ھالدا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن دوقۇرۇشۇپ كىرىپ، ئىلمىي بۆلۈم ئۇدۇلىدىكى تامغا ئورنىتىپ قويۇلغان «چېپىشىش تاختىسى»غا قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى يېڭىدىن چىقىرىپ قويۇلغان تاختىغا تىكىلگەنىدى. باللار قايسى گىرافىغا ئىسمىم چۈشكەندۇ، دەپ تاختايغا ئالدىرىماي كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. يۈرەكلىرى سېلىپ كەتكەن باللار ھەر خىل ئوي - خىياللار ئىلكىدە گىرافىدىن كۆز ئۈزەلمەيتتى.

«چېپىشىش تاختىسى»غا ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، ئات، ئېشەك، تاشپاقا قاتارلىق بەش خىل نەرسىنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، ئەلا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمى ئايروپىلاننىڭ رەسىمى بار گىرافىغا، ياخشى ئوقۇغانلارنىڭ ماشىنا، ئوتتۇراھال ئوقۇغانلارنىڭ ئات، تۆۋەن دەرىجىدە ئوقۇغانلار ئېشەك، نۆل ئالغانلارنىڭ تاشپاقىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن گىرافىلارغا يېزىلاتتى. بۇ «چېپىشىش تاختىسى» ھەرقانداق شوخ، كەپسىز، سۆزمەن، مەغرۇر ئوقۇغۇچىلارنىمۇ سۆزسىز، تىنچ، شۈك قىلىۋېتىپ، دېمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋېتەتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار بۇ يەردىن ئۈنى ئۆچكەن ھالدا ئاستا، شەپىسىز غايىب بولاتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار توپ ئىچىدىن «ئاكاڭ قارىغاي قانداق ئىكەن» دېگەندەك تەكەببۇرانە ھالدا چىقاتتى. بەزى ئايروپىلان، ماشىنىغا چىققان ئوقۇغۇچىلار ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي كېتىپ قالاتتى. مانا بۇلاردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىجەز - خۇلقىنى، خاراكتېرىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

توپ ئىچىدىن بىردىنلا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى:

— ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، رىزۋانگۈل ئايروپىلانغا مىنىپتۇ!

— رىزۋانگۈل يەنە ئايروپىلاندا ئۇچۇپتۇ!

— رىزۋانگۈل بىزنى مېھمان قىلسۇن!

— رىزۋانگۈل بىزگە زىماتاڭ ئېلىپ بەرسۇن!

توپ ئىچىدىن ئۈنىڭغا قارشى مەزمۇندىكى گەپلەرمۇ كۆتۈرۈلدى:

— رىزۋانگۈل ئەمەس، رىزۋانگۈلنى بىز مېھمان قىلىشىمىز كېرەك !

— ئەلاچىلارنى بىز مېھمان قىلماي، ئۇلار ياخشى ئوقۇغاننى ئاز دەپ يەنە بىزنى مېھمان قىلاتتىمۇ؟!

— مانا مەن مېھمان قىلىمەن، — دېدى رىزۋانگۈلنىڭ قوشنىسى ئورۇق، ئاق يۈزلۈك بالا، — كۆككۆۋرۈكتىن رىزۋانگۈلگە، باشقىلارغىمۇ چولۇقاينىڭ نەشپۈتىدىن ئېلىپ بېرىمەن، يۈرۈڭلار !

بالىلار دۈررىدە قوزغىلىشتى.

— توختاڭلار، — دېدى يەنە بىر ئوقۇغۇچى، — دەرسكە قوڭغۇراق چالىدىغانغا ئاز قالدى، ھازىر ماڭساق بولمايدۇ، چۈشتە چىقايلى.

— نېمانداق ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىسىلەر؟ ئۇنىڭدىن ئادەمنى كۆلدۈرىدىغان قىزىق - قىزىق گەپلەرنى ياكى ئۆيگە سالىدىغان چوڭقۇر سۆزلەرنى قىلساڭلارچۇ، — دېدى رىزۋانگۈل ئوڭايسىزلىنىپ، — ھەممە ئادەم تىرىشسىلا ئەلاچى بولالايدۇغۇ، بۇ ماختاپ كەتكۈدەك ئىشمىدى؟...

مەكتەپ ھاياتى ۋاڭ - چۇڭلۇق، لېكىن بىر پۈشتەك بىلەن ئوقۇغۇچىلار مەيداندا رەت - رەت تىزىلىپ كېتىدىغان، يەنە بىر پۈشتەك بىلەن تارقىلىپ سىنىپلاردا ھازىر بولىدىغان ئاجايىپ تەرتىپلىك ھەم جۇشقۇن ھايات. پۈشتەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ھەممە ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىدۇ. مۇبادا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كېلىۋېتىپ پۈشتەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسا، ھېچنېمىگە قارىماي مەكتەپكە چاپىدۇ.

دەرسكە قوڭغۇراق چېلىنىشقا يېرىم سائەت ۋاقىت بار ئىدى. مەكتەپكە كېلىپ بولغان ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل ئىشلار بىلەن بەند ئىدى: بىرلىرى تەنتەربىيە مەيدانىنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ دەرسلەرنى تەكرارلىماقتا؛ بىرلىرى ئاشۇ ئۆتۈلۈپ بولغان دەرس مەزمۇنلىرىنى بىر - بىرىگە سۆزلەپ

بەرمەكتە؛ يەنە بىرلىرى تەنتەربىيە مەيدانىدىكى گار، سېتكىلار ئەتراپىغا يىغىلىپ ۋالىبول، ۋاسكېتبول ئوينىماقتا. رىزۋانگۈل ۋالىبولغا ناھايىتى قىزىقاتتى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى مەكتەپكە بىر سائەت، بولمىغاندا يېرىم سائەت بۇرۇن كېلىپ ۋالىبول ئويناتتى، يەنە كېلىپ كۆپ ھاللاردا ئوغۇللار بىلەن ئويناتتى، قىزلارغا يېقىن يولىمايتتى. قىزلار بىلەن ئوينىماسلىقىنىڭ سەۋەبى: قىزلار چىدىماس ھەم كىچىككىنە بىر يەرلىرى سۈرۈلۈپ كەتسە يىغلايدۇ، كۆكەرمىلىك قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇلار بىلەن ئوينىغان چاغلاردا مۇنداق ئىشلار كۆپ كۆرۈلگەنىدى. ئەسلىدە رىزۋانگۈل مەكتەپ سەنئەت كۇرژۇكىغا قاتناشقان. ئۇ قىزىقىشى بويىچە ۋالىبول كوماندىسىغىمۇ قاتناشماقچىدى. چۈنكى، شۇ چاغدا مەكتەپنىڭ ئوغۇللار ۋالىبول كوماندىسى بىلەن قىزلار ۋالىبول كوماندىسى بار ئىدى. ئۇ قىزلار ۋالىبول كوماندىسىغا قاتناشماقچى بولغاندا، ئۇنى يېتەكچىسى توسۇپ قويغان.

— سىز تېخى كىچىك ئىكەنسىز، قىزلار كوماندىسىنىڭ مەشقىگە كېلەر يىلى قاتناشسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز، — يېتەكچى شۇنداق دېگەندە، رىزۋانگۈل:

— ۋاھ، بۇ قانداق گەپ؟! مېنىڭ بويۇم پاكارمىكەن ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ؟ — دەپ تۇرۇۋالغان.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، بويىڭىزغۇ بولىدۇ، بىراق يېشىڭىز كىچىكرەك ئىكەن، يېشى كىچىك ئادەمنى كوماندىغا قوبۇل قىلىپ قويساق، زورۇقۇپ قالىسىز، زورۇققان ئادەم ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ئاسانلا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ، سىزنى ئاياۋاتىمىز.

— مېنى ئايىماڭ، مۇئەللىم، كىچىكىمدىنلا چېنىقىپ كەتكەن، — دېدى رىزۋانگۈل قەتئىي ھالدا، ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى يېنىپ كەتكەنىدى.

يېتەكچى ئوقۇتقۇچى رىزۋانگۈلنىڭ يېنىپ كەتكەن

كۆزلىرى، تاتارغان يۈزىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى ۋە:
— كېلەر يىلى ئالتىنچى سىنىپقا چىققاندا قاتناشسىڭىز مۇۋاپىق بولىدۇ، سىز تېخى كىچىك، يېنىك ھەرىكەتلەرنى قىلىڭ، زورۇقىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلماڭ، قانداق دېدىم؟ — دېدى.
رىزۋانگۈل كۆزلىرىنى باشقا ياققا ئېلىپ قېچىپ:
— بولىدۇ، — دېدى ئارانلا.
رىزۋانگۈل «بولىدۇ» دېگەن بولسىمۇ، ۋالىبولغا بولغان قىزىقىش ئۇنى بۇ يولدىن ياندۇرالمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادىنى ۋالىبولغا بولغان ئىشتىياق چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ ئوغۇللار كوماندىسىدىكىلەرنىڭ توپ ئويناش ماھارىتىنى تىنماي كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىچىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى: «ھېلىقى ئېگىز بويلۇق بالا شۇنداق ياخشى چىقىرىپ بەرگەن توپنى نېمىشقا ئۇرالمىدى، ئېگىز چىققان توپنى دەل مۆلچەرلىيەلمەي بۇرۇن سەكرىۋېتىپ قالدى، توپنى قاتتىق ئۇرىدىغان چاغدا يەر دەسسەپ قالدى. يەنە بىر قارامتۇل ئېگىز بويلۇق بالىنىڭ شۇنداق ياخشى ئۇرغان توپنى قارشى تەرەپ تورىۋالدى. ئەسلىدە ئۇ پاسچى بىلەن كېلىشىۋالغان بولسا، توپنى سېتكىدىن يىگىرمە - يىگىرمە بەش سانتىمېتىر ئېگىز چىقارغان بولسا، قارشى تەرەپ تورىغۇچە توپنى چاققانلىق بىلەن ئۇرۇۋېتەر ئىدى. ھېلىقى پاكار بويلۇق پاسچى بالىنىڭ توپنى قارشى مەيداندىكى تورىۋېلىشقا تەييارلىق قىلىپ تۇرغان ۋە شۇنداق قىلىشقا كىرىشكەن ئىككى كىشىنىڭ كەينىگە تاشلىۋەتكىنى ناھايىتى ياخشى بولدى، ئازراق ھىيلە ئىشلەتكىنى جايىدا بولدى... توپ ئويناشمۇ پەم - پاراسەت، ھىيلە - ئۇستىلىق تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنى چۈشەنگەن، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەلىگەن ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ...»
رىزۋانگۈل مەكتەپتىن يېنىپ، چوڭ كوچىدىن ئۆز مەھەللىسىدىكى تار كوچىغا بۇرۇلغاندا، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۆز

بويىدىن ئېگىزرەك شاخلىرىغا كۈچەپ سەكرەپ قولىنى تەگكۈزۈپ، بۇ ھەرىكەتنى قايتا ـ قايتا مەشىق قىلىپ ماڭاتتى. سەكرەپ ئون شاخقا قولىنى تەگكۈزەلىسە، بۈگۈنكى قايتىشىم مەنىلىك بولدى، دەپ ھېسابلايتتى. بۇلا ئەمەس، ئۇ مەكتەپتىكى چاغلاردا، ئۇزاق تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا، كەچتە دەرستىن چۈشكەن چاغلاردا مەيدانغا چىقىۋېلىپ، ئوغۇل بالىلارغا قوشۇلۇپ ۋاللېبول ئوينايتتى. دەسلەپتە ئوغۇللار رىزۋانگۈلنى مەنسىتمەي ھەم ئۆزلىرىگە قوشۇلۇپ ئويىنىشىنى خوپ كۆرمەي، ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلمىدى، كۆزگە ئىلمىدى. بارا ـ بارا ئۇنىڭ توپ ئېلىشتىكى چاققانلىقى، ماھارىتى، چىداملىقلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ئوغۇللارنى قايىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رىزۋانگۈلنى رەسمىي كوماندا ئەزاسى ھېسابلايدىغان بولدى، ھەتتا بىر ـ بىرىگە قارشى توپ ئوينايدىغان ئىككى كوماندا ئۇنى تالىشىدىغان بولدى.

رىزۋانگۈلنىڭ ئاساسلىق ئوينايدىغىنى ۋاللېبول بولسىمۇ، لېكىن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىگە دىگۈدەك قاتنىشىپ، ئۆزىنى سىناپ كۆرۈپ، يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تولۇقلاشقا تىرىشاتتى. ھەرىكىتى كۆپ ئىدى، تىنىم تاپمايتتى. دائىم ئوغۇللار قىلالىغان ئىشنى قىزلار نېمىشقا قىلالمايدۇ، مەن نېمىشقا قىلالمىغۇدەكمەن، ھەممە ئەزايىم ئوغۇللارنىڭكىدەك تولۇق، بېرىلىۋاتقان تەلىم ـ تەربىيە ئوخشاش، دەپ ئويلايتتى. رىزۋانگۈلنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، ئۇنىڭ ئوغۇللار قىلىۋاتقان ئىشلارغا يۈرۈش قىلىۋاتقىنى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. «قىزلاردا كەم بولۇۋاتقىنى جۈرئەت، چىدام، ئىرادە، قىزلار ئۆزىنى ئەنئەنە بويىچە ئاجىز ھېسابلايدۇ، مانا مۇشۇ قاراش بۇزۇپ تاشلىنىشى كېرەك» دەپ قارايتتى. شەيتانچاق مىنىشنى ئۆگىنىش، بەزى

خەتەرلىك ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئۈچۈن رىزۋانگۈل.كۆپ قېتىم يىقىلدى، جەينەك، تىزلىرى، بىلەك - بېغىشلىرى سۈرۈلدى، بەدىنىنىڭ بەزىبىر يەرلىرى كۆكەردى، قانىدى ... لېكىن، ئۇ ھەممىگە چىدىدى، ۋايسىمىدى، ئۆزىنى ئەيىبلىمىدى، ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ ئاخىر شەيتانچاقنى رولىنى قويۇۋېتىپ، ئىككى قولىنى ئارقىسىغا، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ چاپتۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭغا مەكتەپتىكى ئويۇن - ھەرىكەتلەر يات ئەمەس ئىدى. قايسى ئويۇن - ھەرىكەت توغرا كەلسە، شۇنى ئىككىلەنمەي قىلاتتى، بىلمەيتتىم، قىلىپ باقمىغان دەپ قارىمايتتى. ئاپىسىنىڭ دائىم تاپىلاپ تۇرىدىغان «قاتتىق يۈگۈرمە، كەڭ ئېرىقلاردىن ھەرگىز ئاتلىما...» دېگەن نەسىھەتلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى. ئوغۇللار بىلەن بەسلىشىپ ئېگىزگە سەكرەيتتى، ئۇزۇنغا يۈگۈرەيتتى، تەپكۈچ تېپەتتى. مۇشۇ ھەرىكەتلەرنى ئۇ كۈچ سىنىشىش، چېنىقىش، تاۋلىنىش دەپ بىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھەرىكەتلەرنى قىلىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى سەيلە - ساياھەتكە، شەھەر سىرتىدىكى مەنزىرىلىك يەرلەرگە، تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىشقا ۋە بەزى - بەزىلەردە باراۋەتكە ئېلىپ چىققاندا، رىزۋانگۈل ھەرقاچان سەپنىڭ ئالدىدا بايراق كۆتۈرۈپ ياكى بارابان چېلىپ ماڭاتتى.

مەكتەپ سەنئەت كۇرژۇكى تەييارلىغان سۆلەتۋازلىق، لايغەزەللىك، ھورۇنلۇق، ساۋاتسىزلىق - قارىغۇلۇق، دەرسكە بېرىلمەي ئويۇنغا بېرىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتى، تاماكا چېكىش، ھاراقكەشلىك ئىللىتى قاتارلىق مەزمۇنلار ئىپادە قىلىنغان قىسقا كومېدىيە، بىر پەردىلىك دىراملاردا رىزۋانگۈل باش روللارغا چىقىپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولاتتى. يەنە ئۇ يالغۇز كىشىلىك ناخشىلارغىمۇ، لەپەرلەرگىمۇ چىقاتتى.

كۆرەڭمۇ كۆرەڭلەيدۇ
كاۋا قورسىقى بىلەن.
ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ،
ئالدايدۇ قۇرۇق سۆز بىلەن.
ھا ـ ھا ـ ھاي، ھا ـ ھا ـ ھاي،
پاختىنى ئاتتى، چالا كۆرەڭ.
...
يەنە قاياققا ماڭدىڭ، ئاكا؟
قاۋاققا بارىمەن، ئۇكا.
ئۇياتسىڭىزچۇ، جان ئاكا،
ھەي، ئاستا سۆزلە، ھېلى بىكا.

## 4

مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانى، رىزۋانگۈل ئوغۇللارغا قوشۇلۇپ ۋالېبول ئوينىماقتا. سىنىپلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مۇسابىقىنى كۆرۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلار شۇنچىلىك كۆپكى، ۋالېبول مەيدانىنىڭ تۆت تەرىپىگە تولۇپ كەتكەن. بەزى ئوقۇغۇچىلار دەرەخلەرگە چىقىۋېلىپ بۇ قىزىقارلىق ئويۇننى ھەۋەس بىلەن كۆرمەكتە. چىقىرىلغان توپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك، دەل ئۇرغان ھۇجۇمچى ئوقۇغۇچىنىڭ شەنىگە گۈلدۇراس ئالقىشلار ياڭرىماقتا. «ياخشى ئۇرۇلدى!» «قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن!» «ياشاپ كەت!» دېگەن ئاۋازلار ئۈزۈكسىز كۆتۈرۈلمەكتە. مەيدانغا چۈشكەن ئوقۇغۇچىلار ئالتىنچى سىنىپنىڭ باللىرى بولۇپ، ناھايىتى بەستلىك، ئېگىز ئىدى. ھېچكىم ئۇلارنى ئالتىنچى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى دېمەيتتى، گىمنازىيەنىڭ ئوقۇش تۈگىتىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىمىكىن، دەپ قالاتتى. رىزۋانگۈل ئوغۇللار بىلەن

توپ ئويناۋاتقان بىردىنبىر قىز بولۇپ، ھەممىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ كوماندىنىڭ توپ ئۇرغۇچىسى (ھۇجۇمچىسى) بولمىسىمۇ، توپنى ناھايىتى ياخشى ئالاتتى، پاسنىمۇ ياخشى چىقىرىپ بېرەلەيتتى، ھەرقانداق توپنى زايە كەتكۈزمەيتتى. توپقا قاتتىق بېرىلىپ كەتسىمۇ، قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىنى كۆزىتىشنى يادىدىن چىقارمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ پاس چىقارغان بولۇپ قارشى تەرەپ مەيدانىنىڭ بوش قالغان ئورنىغا توپنى چاققانلىق بىلەن تۈيدۈرماي تاشلىۋېتەلەيتتى. مۇنداق چاغدا مەيداندا قىيقاس ـ چۇقان، كۈلكىلەر كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، شۇڭىمۇ كوماندىلار رىزۋانگۈلنى تالىشىپ تۇراتتى.

بىر سىنىپ مەسئۇلى كوماندا باشلىقىنى چاقىرىپ:

— رىزۋانگۈلنى نېمىشقا ئاراڭلارغا قوشۇۋالدىڭلار؟ — دېدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن خاپا بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئويناۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭىزمۇ، مۇئەللىم، ئوغۇللارنى بېسىپ چۈشۈۋاتامدۇ؟ ...

— ئۇ قىز بالا تۇرسا.

— بۇ مەكتەپ ئۇيۇشتۇرغان رەسمىي مۇسابىقە ئەمەس، ئۆزىمىز تەشكىللىگەن ئادەتتىكى، مەشىق ئورنىدىكى مۇسابىقە، بۇنىڭغا كىم قاتناشسا بولىۋېرىدۇ، — دېدى كوماندا باشلىقى چۈشەندۈرۈپ.

— سىنىپ كوماندىسىنى تەشكىللىمىگەنمۇ؟

— تەشكىللىگەن، كوماندا ئەزالىرىدىن بەزىلىرىنىڭ مۇھىم ئىشى چىقىپ قېلىپ كېتىپ قالدى، كەتكەنلەرنىڭ ئورنىغا رىزۋانگۈل ئوينايدۇ. رىزۋانگۈل ئوغۇللاردىن ياخشى ئوينىغاچقا، بىزمۇ قوبۇل قىلىمىز، ئەمما بۇ قىزنى كوماندىغا قاتناشماڭ، دەپ كەتكۈزەلمەيمىز؛ دەرستە ياخشى بولغاچقا، بىزمۇ كۈچىيەلمەيمىز. «ئوغۇللار بىلەن قىزلار قوشۇلۇپ توپ ئوينىسا نېمە بولىدىكەن، يا مەن ئوينالماي چېنىپ قالدىمۇ؟» دەپ تۇرۇۋالىدۇ، شۇڭا مۇنداق ئادەتتىكى مۇسابىقىلەرگە

چۈشۈۋېرىدۇ. رىزۋانگۈل دەرستىلا ياخشى بولۇپ قالماي، تەنتەربىيەدىمۇ ياخشى. ئۇ بىزگە قوشۇلۇپ توپ ئويىنىغاندىن بېرى نەتىجىمىز ئالاھىدە ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

دەرەخكە چىقىۋېلىپ مۇسابىقە كۆرۈۋاتقان ئىككى ئوقۇغۇچى رىزۋانگۈل ھەققىدە گەپكە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار رىزۋانگۈل بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان باللار ئىدى.

— پاھ ـ پاھ، ئالغان توپنى قارا، ھەرقانداق ئوغۇل باللىمۇ مۇنداق قاتتىق ئۇرۇلغان توپنى ئالالمايدۇ، جۇمۇ، — دېدى بىرى ھەيران قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— مەنمۇ ئاغزىمنى ئېچىپلا قاپتىمەن، ئوقتەك ئۇچۇپ كەلگەن توپنى شۇنداق تېز ئېلىۋېتىپ، بىر يۇمىلاپلا تۇرۇپ كەتتى، — دېدى يەنە بىرىمۇ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدە قايىللىق ـ خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى يېنىپ كەتكەنىدى.

— مەنمۇ بۇ قىزغا ھەيران، بەزى باللار توپنى شۇنداق ياخشى ئوينايدۇ، پۇتۇن زېھنىنى توپقا بېرىۋېتىدۇ، ئەمما دەرستە ناچار. بىراق، رىزۋانگۈلچۇ؟ ئۇ ھەممىدە بار، ھەممىدە ئالدىدا، قاچان قارىساڭ يەنە ئايروپىلاندا. مەن مۇنداق ئەقىللىك، ھەرىكەتچان، ھەر جەھەتتە يېتىشكەن قىزنى زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن.

— مەنمۇ شۇنداق، ئۇ مەكتەپتىكى ھەرىكەتلەردە، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، ھەممىگە يېتىشىدۇ. دەرس تەكرارلاۋاتقىنىنى زادىلا كۆرگىلى بولمايدۇ، قايسى ۋاقىتلاردا دەرس تەكرارلايدىكىنتاڭ، ئۆيىدە ئاپىسىغا ياردەملىشىپ تاماق ئېتىدىكەن، ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، قاچا ـ قۇچىلارنى پۈتۈنلەي رىزۋانگۈل يۇيىدىكەن. ئۇ دەرس تەكرارلىمىسا، قانداق قىلىپ يەنە سىنىپ بويىچە ئەڭ ئالدىدا ماڭالايدىغاندۇ؟

— مېنىڭچە، ئۇ دەرس ۋاقتىدا پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئاڭلايدىغان ئوخشايدۇ، جۇمۇ، پاھ ـ پاھ، مۇنداقمۇ ئۆتكۈر

قىزلار بولىدىكەن ـ ھە ...

ــ شۇنداق، ئاشۇ بىر ئاڭلىغۇالغىنى بويىچە، مۇئەللىم دەرس سورىغان مەزمۇنلارغا بىرنى قالدۇرماي، تېخى مۇئەللىمگە ئەقىل كۆرسەتكەندەك دەپ بېرەلىگىنىگە ھەيرانمەن.

ــ ئەسلىدە ئۇ زېھنى ئۇچۇق، بەكمۇ ئەقىللىق قىز ئىكەن ـ دە، ئەقىللىق ئادەم قانداق بولىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ كېتەتتىم، رىزۋانگۇلگە قاراپ، ئەقىللىق دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋالدىم، ئەقىللىق ئادەم دېگەن رىزۋانگۇلدەك بولىدىكەن.

ــ ھە، راست، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سەنئەت كۆرۈكى تەييارلىغان ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى بىر قىسقا دراما ئوينىلىدىكەن.

ــ قەيەردە؟

ــ ئۇ ق ق① كۇلۇبىدا.

ــ ئۇنى كىم يېزىپتۇ؟

ــ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ بىرنەچچە مۇئەللىمى بىرلىشىپ يېزىپتۇ. رىزۋانگۇل باش رولغا چىقىدىكەن.

ــ يائاللا، بۇ قىز ھەممىگە ئۈلگۈرىدۇ ـ ھە !

ــ بۇ قىز ئۈلگۈرۈشىنىغۇ ئۈلگۈرىدۇ، تېخى باشقىلارنىڭ ياردىمىنىمۇ رەت قىپتۇ، تۈنۈگۈن ھويلىدا ئىككى ـ ئۈچ مۇئەللىمنىڭ شۇنداق دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

ــ شۇنداقمۇ، ــ ئۇ مۇسابىقە مەيداندىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، مۇنۇ گەپنى قوشۇپ قويدى، ــ بۇ قىز ھېلىتىن مۇشۇنچىلىك، چوڭ بولسا خېلى ـ خېلى ئىشلارنى قىلىدىغان قىز بولىدۇ جۇمۇ.

مەيداندا بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن ئالقىش ـ چاۋاك ساداسى ئىككىسىنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى.

سىنىپلار ئارا ئىختىيارىي ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقە

---

① ئۇ ق ق ــ ئۇيغۇر ـ قازاق ـ قىرغىز ئۇيۇشمىسى.

ئاخىرلاشتى. ئوقۇغۇچىلار ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشتى. ئابايىقى ئىككى ئوقۇغۇچى دەرەختىن چۈشۈپ ئۆيلىرىگە قايتماقچى بولدى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئۆيى رىزۋانگۇلنىڭ ئۆيىگە يېقىن ئىدى. ئۇ رىزۋانگۇلنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— يۈرۈڭ، قايتىمىز، — دېدى. ئۇ ئەسلىدە رىزۋانگۇل بىلەن بىللە قايتىشقا، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى.

— ياق، مەن ھازىر قايتمايمەن، كۆز باغلانغۇچە توپ ئوينايمەن، كۆردىڭىزمۇ ئاۋۇ بالىلارنى؟ — دېدى رىزۋانگۇل توپ ئويناۋاتقان بالىلارنى كۆرسىتىپ، — ئۇلار ئۆيلىرىگە ئالدىرىغىنى يوق، سىزمۇ ئۆيگە ئالدىرىماڭ، تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن (قايسىسىغا ئېپىڭىز بولسا) بىرىنى تاللاپ ئويناڭ. شۇنىڭدا چېنىقىسىز، ساغلام بولىسىز، تېخى جەڭگىۋارلىقىڭىزمۇ ئاشىدۇ، لايغەزەللىك، ھۇرۇنلۇقتىن خالىي بولىسىز. ئوقۇغۇچى دېگەن ئۆزىنى مەكتەپكە ئۇرۇپ تۇرۇشى، ئۆيگە ئالدىرىماسلىقى كېرەك. ئۆيگە ئالدىرىغان ئوقۇغۇچى ياخشى ئوقۇغۇچى بولالمايدۇ.

رىزۋانگۇلنى ئۆيگە قايتىشقا دالالەت قىلغان ئوقۇغۇچى رىزۋانگۇلدىن بىر ـ ئىككى ياش چوڭ ئىدى. ئۇ سىڭلىسىدەك بىر قىزدىن شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغىنىغا خىجىل بولۇپ، يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

— قانداق دېدىم، ئەكبەرجان؟ — دېدى مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان رىزۋانگۇل ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ.

— توغرا دېدىڭىز، — ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى جىددىي تۈسكە كىرىپ، چېقىر كۆزلىرى يانغانىدى، — توغرا، مەن ئەتىدىن باشلاپ پۇتبول مەشقىگە قاتنىشىمەن!

— يارايسىز، — رىزۋانگۇل كۈلۈمسىرىگىنىچە كېلىپ ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — مانا ئەمدى ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭىز.

*            *            *

غەزەپ ـ نەپرەت ئىنسان بىساتىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت، لېكىن ئۇنىڭ دەرىجىسى، ئۆلچىمى ئوخشىمايدۇ، بەزىلەردە كۈچلۈك بولىدۇ، بەزىلەردە ئاجىز بولىدۇ ھەم بەزىلەر ئۇنى ئىپادە قىلالايدۇ، بەزىلەر ئىپادە قىلالمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئىپادە قىلالماسلىقى ئۆز دۈشمىنىگە نىسبەتەن غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنى قانداق ئىپادە قىلىشنى بىلمەسلىكىدىن بولىدۇ. ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇسىنى روشەن ئىپادە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەملەر يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا، گەپ ـ سۆزلىرىدە، ھەرىكەت ـ قىياپىتىدە، ھەر خىل پائالىيەتلەردە، سەنئەتنىڭ تۈر ـ شەكىللىرىدە ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى ئېنىق نامايان قىلىپ، مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلالايدۇ.

ھەيۋەتلىك ئۇ ق ق كۇلۇبى. كۇلۇبقا ئادەملەر پاتماي قالغان. بۈگۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى يېزىلغان بىر مۇزىكىلىق دىراما ئوينالماقچى. دىراما باشلانغۇچە سازەندىلەر مۇزىكا چېلىپ كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ تۇرماقتا. ئويۇننىڭ باشلىنىشىدىن شەپە سېزىلگەندىن كېيىن، تەقەززالىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان كۆزلەر سەھنىگە تىكىلدى. يۈرەكلەر دۈپۈلدەپ سوقماقتا ... ئادەملەر ئىنتىزارلىقى كۈچىيىپ، پەردىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتمەكتە. بىردىنلا ۋاڭ ـ چۇڭلار ئۆزلۈكىدىن بېسىلىپ جىمجىتلىق باشلاندى. بۇ جىمجىتلىق بارا ـ بارا سۈرلۈك تۈس ئېلىشقا باشلىدى.

پەردە ئېچىلدى. ھاۋا تۇتۇق، ئەتراپنى سۈكۈت باسقان، قاپقى سېلىنغان بۇلۇتلار تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ ئاقماقتا. شۇملۇق تىلەۋاتقاندەك قاغىنىڭ سەت ئۇنى ئاڭلانماقتا. بىر تىڭشىساڭ قايغۇلۇق، بىر تىڭشىساڭ غەزەپ ـ نەپرەتلىك مۇزىكا ساداسى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە. مۇزىكا مۇڭىنىڭ ئېغىر بېسىمى

كۆلـۈبقا پاتـماي ئولتـۇرغان ئادەمـلـەرنىڭ ۋۇجـۇدىـنى لەرزىـگـە سالـماقـتا ... لەرزان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە سـەھنىـنـىـڭ ئۈستـى تەرىپىـدىن بىـرىـنەچچە لـوزۇنـكا ئاسـتـا ـ ئاستـا چـۈشمەكـتـە. لوزۇنكىلار دەل يېرىم تۈۋەنلىگەندە توختاپ تاماشىبىنلارغا ئېنىق كۆرۈندى. لوزۇنكىلارغا مۇنۇ شوئارلار يېزىلغانىدى:

«ياپون قانخورلىرى بىلـەن جان تىكـىپ كۆرەش قىلـىـۋاتقـان شەرقىي شىمال خەلقىگە ياردەم قىلايلى !»

«يـاپـون ئالۋاسـتـىلـىـرىـنى پاك زېـمـىـنـىـمـىزدىـن قـوغـلاپ چىقىرايلى !»

«ھەيدە ـ ھەيدە، ياپون قاراقچىلىرىنى جۇڭگودىن ھەيدە !»

سانسىزلىغان كۆزلەردىن نادامەت، غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چېچىلماقتا ... لەرزان مۇزىكا ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ، ئارقىدىن يېڭى بىر ئاھاڭ باشلاندى. سەھنىنىڭ كەينىدىن بىر توپ ئادەمنىڭ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلاندى:

ئېچىلغان گۈل قىزىلگۈل<br>
ھەرگىز سولمايدۇ.<br>
گۈلزارلىقا قەست قىلغان<br>
ھايات كۆرمەيدۇ.<br>
...

ناخشىدىن كېيىن يەنە ھەممە جىمجىتلىقتا پاتتى. نەق شۇ چاغدا سەھنىدە رىزۋانگۈل شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغىنىچە پەيدا بولدى.

ئۈمىد پارلاق، يىللار ئېغىر،<br>
مەنزىل داۋانلىق سەپەردە.<br>
دۈشمەن ئاكوپى ھەر قەدەمدە،<br>
توسۇق سىملار ھەر يەردە.

ئالدا دەريا ... ئالدا ئۆتكەل،
ئالدا قىستاڭ، تار يوللار.
ئالدا كۈرەش، تەۋرەش پۈتكۈل،
ئالدا يەڭگۈچى گاڭ يىللار.

سەن كۈرەشنىڭ قىرغىقىدا،
سەن كۈرەشنىڭ غارىدا.
ئالدا دولقۇن ھەمدە ئۇپقۇن،
جۇش ئۇرار تىك يارىدا.

مۇندا بوران، ئاندا شىۋىرغان،
ئۇ يەردە ھاۋا بۇلۇتلۇق.
بۇ سەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكان
ساي سۇلىرى دولقۇنلۇق.

بۇ چۆۋۈلغان، بۇ بۇزۇلغان،
بۇ گۆرىستان خارابە.
سەن تەر تۆككەن، سەن گۈل قىلغان،
سەن تۆرەلگەن مەشەدە.

بۇ يېزا، بىل، ئاتا ـ بوۋاڭ
تۇپرىقى، ئۇرۇق ـ پۇشتۇڭ
دالالىرى، گۈل باغلىرى،
ئېگىز تاغلىرى جان دوستۇڭ.
...

ئەسكى تاملارنىڭ ئىچىدە
مېھرىبان باغرىڭ ئاناڭ.
ئېگىز تاغلارنىڭ ئىچىدە
پارتىزان قبرى ئاتاڭ.

ئوق، دورا، سۇ توشۇيدۇ
ئالتە ياش كىچىك ئىنىڭ.
جۇ يازا ھەم چورۇق تىكىدۇ
يەتتە ياش سىڭلىڭ سىنىڭ.

بۇ گاڭ ئىزلار شۇلار باسقان
تائەبەد ھېچ كۆمۈلمەس.
يالقۇن ئوتلار شۇلار ياققان،
لاۋۇلدار، مەڭگۈ ئۆچمەس.

يەرگە سىڭمەس قانلىق ياشلار،
يەرگە سىڭمەس يالىلدار.
قانلىق ياشلار، قىزىل قانلار
خۇددى كۈندەك پالىلدار.

— قېرىنداشلار! — دېدى رىزۋانگۈل شېئىردىن كېيىن ياڭراق ئاۋاز بىلەن، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، قوي كۆزلىرى يېنىپ كەتكەندى، — ۋەھشىيلىكتە ئۆچىغا چىققان ياپون قاراقچىلىرى زورلۇق قىلىپ، قورال كۈچىگە تايىنىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋېلىپ، بىزنى بوزەك قىلىپ، بايلىقىمىزنى، خەلقىمىزنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلماقتا؛ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە، بولۇپمۇ قېرى-چۆرىلەر، ئاياللار، ھەتتا بوۋاقلارنىمۇ قىرغىن قىلماقتا. پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن نومۇس تېپىلمايدىغان بۇ مەخلۇقلار خوتۇن-قىزلىرىمىزنى خورلاپ ئاياغ ئاستى قىلماقتا. ئۇلارنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. جاسارەتلىك ۋە قەيسەر شەرقىي شىمال خەلقى ياپون قاراقچىلىرىنى پاك زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلماقتا. قەھرىمان خەلقىمىز تاغ-ئورمانلار، ئېدىر-قىرلاردا، شەھەر-يېزىلاردا ياۋۇزلار بىلەن تىركىشىپ

قانلىق جەڭلەرنى قىلماقتا. ئانا ماكانىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان بوۋاي ـ مومايلار، خوتۇن ـ قىزلار، كىچىك بالىلار تېنەپ ـ تەمتىرەپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرمەكتە ...

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قايناپ سۆزلەۋاتقان رىزۋانگۈل يانغا بۇرۇلۇپ يوچۇن بىرنەچچە قىزنى كۆرۈپ، بىردىنلا سۆزدىن توختاپ قاراپ قالدى. بىردىن پۈرلەشكەن تۇگۇنچەكنى كۆتۈرگەن قىزلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل ھەم كىر، يۈزلىرىمۇ مەينەت، ئاچلىق ـ ماغدۇرسىزلىقتىن دېرەك بېرىپ كۆزلىرى چوڭقۇر چاناق ئىچىدە پىلدىرلاپ قالغان، خەيلىرىنىڭمۇ پۈتىدا قالغۇدەك ھالى قالمىغان، بەستىدىن ھېرىش ـ چارچاش تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

— سوراپ باقاي، بۇ قىزلار شەرقىي شىمالدىن قېچىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، — دەپ رىزۋانگۈل ناخشا باشلىدى:

سالام، شەرقىي شىمال قىزلىرى،
نەدۇر كۆرگەن كۈنۈڭلار؟
نە قىسمەتتە ئۆتكەندۇ
كۈندۈزى ھەم تۈنۈڭلار؟

بىلىمەن، ياپون ئەبلەخلەر،
قان ـ ياش ئىچەر ھەربىيلەر
ئۆي ماكاندىن ئايرىدى،
بېرىپ سىلەرگە زەربىلەر.

بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەلدى
كۆرگەن كۈلپەت ـ زارىڭلار.
پەلەكلەرگىمۇ يەتتى
ئېچىنىشلىق كۈيىڭلار.

نېمىلەرنى كۆردۈڭلار،
قېنى جاۋاب بېرىڭلار؟

شەرقىي شىماللىق قىزلار جاۋاب بەردى:

بېسىپ كىردى ياپون ئالۋاستىلىرى،
ئېلىمىزنى قاپلىۋالدى مىسلىسىز كۆلپەت.
بەخىرامان يۈرۈۋېرىش ئاپەتتۇر بىزگە،
سەل بوشاشساق دۈشمەنلەرگە بېرىمىز پۇرسەت.
جىنايەتلىك ئويلار بىلەن ئۇرۇنۇپ دۈشمەن،
تىڭتىڭلايدۇ ھەرىكىتىمىز، خەۋىرىمىزنى.
جاللاتلارنىڭ شۇملۇقلىرى ئىتتىنمۇ رەزىل،
ھىيلە ـ مىكىر بىلەن قولغا ئالماقچى بىزنى.
خەلقىمىزنى ئالدىماقتا ساتقىنلار يەنە،
ۋەتەن سېتىش ئۇلار ئۈچۈن رەزىل مۇددىئا.
شۇنىڭ ئۈچۈن كېلەيلى بىز تېزدىن ھەرىكەتكە،
ئاڭلىق ھالدا ئېتىلايلى كۈرەش قوينىغا.

ئۆلتۈرمەكتە ئەر ـ ئايال، ياش قېرى دېمەي،
يېرىپ قورساق زەھەر تارىغان تىغلىرى ئىتتىك.
تىللىرىنى كەستى ئەلنىڭ، ئويدى كۆزلەرنى،
كىشىلەرنى تۇتۇپ كېلىپ كۆمۈشتى تىرىك.

جېنىم دوستۇم، قىلالايمىز قانداقمۇ تاقەت،
پارتىزانلىق ئەترەتلىرى چىللايدۇ بىزنى.
قولىمىزغا ملتىق ئېلىپ ياۋنى قوغلايلى،
دېڭىزلارغا چۆكتۈرەيلى قويماستىن بىرنى.

ناخشىنى رىزۋانگۈل ئاخىرلاشتۇردى:

قولىمىزغا ئېلىپ قورالنى،
ئىتتىپاقلىق، جاسارەت بىلەن

قوشۇلايلى، يۈر، پارتىزانلارغا.
چېكىنمەيمىز ھەرگىز ئارقىغا،
ئالغا قاراپ ماڭىمىز ھامان.
تەقدىم قىلىپ بار كۈچىمىزنى،
يوق قىلىمىز دۈشمەننى تامام.①

پىدائىيلار مارشى ساداسى ئىچىدە پەردە چۈشتى.

رىزۋانگۈل ساۋاقداشلىرى ئىچىدە يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىش ـ ھادىسىنى ئويلانمايلا ئۆتكۈزۈۋەتمەستىن، ئۇنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئويلاشلىرى بىلەن، گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىكى بىلەن، ئويچان قىياپىتى، ئويناپ سۆزلىسىمۇ، ئويلاپ سۆزلەيدىغىنى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. كۆڭلىدە يېڭىدىن ـ يېڭى سوئاللار ئۇستىدە بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى: «نېمىشقا ئادەملەر بىر ـ بىرىنى بوزەك قىلىدۇ، خارلايدۇ، ھەتتا تەپ تارتماي ئۆلتۈرەلەيدۇ؟ بىرى بىرىنىڭ يېرىنى، بايلىقىنى نېمىشقا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلالايدۇ؟ زوراۋانلىق ـ باسقۇنچىلىقنىڭ نېمىشقا سورىقى بولمايدۇ؟ مانا ھازىر دۇنيانىڭ ئۇ تەرىپىدىن كەلگەنلەر بىزنى قاڭغىر قاقشىتىپ، زورلۇق، قاتىللىق قىلىۋاتىدۇغۇ. تېخى ئۇلار: بىز ‹مەدەنىيەت تارقاتقىلى كەلدۇق› دەپ تاجاۋۇزىنى پەردازلاپ، ساختىپەزلىك قىلىپ، يالغان ئېيتىپ ئالدامچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى ئويلىسام، يالغانچىلىق ياۋۇزلۇقنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، ئۇلار ئەسلىدە ئاجىزلار ئىكەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ كۈچى بار دېيىلسە، كۈچى ھىيلە ـ نەيرەڭدە ئىپادىلىنىدىكەن. ساختىپەزلىك — شەرمەندىلىك ئىكەن. ياپون قاراقچىلىرى — ئەڭ شەرمەندە، ئەڭ ياۋۇز، ئەڭ رەزىل مەخلۇقلار ئىكەن. مەن بۇ

① بۇ شېئىرلار ل. مۇتەللىپنىڭ.

زوراۋانلىقىنىڭ، بۇ رەزىللىكىنىڭ سورىقى بولماسلىقىغا ئىشەنمەيمەن، يېقىن كەلگۈسىدە چوقۇم سورىقى بولىدۇ، ئۇلار جاھان سوتىنىڭ سورىقىغا جەزمەن تارتىلىدۇ!»

كەچتە رىزۋانگۈل ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە شۇ قەدەر روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۆيىدىكىلىرى ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ درامىدا رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالغانلىقىنى جەزملەشتۇردى ــ دە، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق بىر قىزى بولغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇشتى. چۈنكى، ئۇلار رىزۋانگۈلنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى يېزىلغان درامىدا باش رول ئالىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

## 5

رىزۋانگۈل تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن بىرنەچچە لەقەملىك بولۇپ قالدى. بۇ لەقەملەرنىڭ چىقىشىغا رىزۋانگۈل ئۆزى سەۋەبچى بولدى. ئەسلىدە «لەقەمنى خىزىر قويىدۇ» دېگەن گەپمۇ بار، بۇ قويۇلغان لەقەمنىڭ دەللىكىگە ھەم مۇۋاپىقلىقىغا قارىتىلغان گەپ بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلاردا لەقەمسىز ئادەم ناھايىتى ئاز، بەلكى يوقتۇر. رىزۋانگۈلگە قويۇلغان لەقەملەرگە قانداق قىلىپ ئۆزى سەۋەبچى بولۇپ قالدى؟ بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ ھەقدادىغا يېتىپ باقايلى: رىزۋانگۈل ھەرىكەتتى كۆپ، تىنىم تاپماس، بىردەم جىم تۇرۇپ قالسا ئىچى پۇشىدىغان قىز ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مۇنداق بىر كىنو كۆردى: بىر شوپۇر ماشىنىغا لىق بېسىلغان ئوق ــ دورىلارنى دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى پارتىزانلارغا يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ سەپەر جەريانىدا دۈشمەنلەرنى، دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنى ئېزىقتۇرۇپ، ئوق ــ دورىلارنى ئامان ــ ئېسەن پارتىزانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ كىنو رىزۋانگۈلگە قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئۇنى چوڭقۇر ئوي ــ خىيالغا سالىدۇ. ئۇ نەچچە كۈن ئۇخلىماي ئاشۇ كىنونى،

كىنودىكى ۋەقەلەرنى، شوپۇرنىڭ قەيسەر ـ قورقۇمسىزلىقىنى، مەردانىلىكىنى ئويلايدۇ. ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق شوپۇر بولۇپ، ئاشۇنداق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشنى، جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى مەردانىلىك بىلەن ئىجرا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ سىنىپتا پارتىنىڭ ئىككى قاپقىقىنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ خۇددى ماشىنىنىڭ (ئاپتوموبىلىنىڭ) رولىنى باشقۇرغاندەك باشقۇرۇپ، ماشىنىنىڭ سىگنال بەرگەن، گۇر ـ گۇر قىلغان، ئىگىزگە چىققان، پەسكە چۈشكەندىكى ئاۋازلىرىنى دوراپ باللارنى ھەيران قالدۇردۇ. بەزى باللار چاقچاق قىلىپ:

— رىزۋانگۈل، بۈگۈن چۈشتە ماشىنىڭىزدا بىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇڭە، — دىسە، رىزۋانگۈل:

— ياق، بولمايدۇ، ماشىنىدا ئاسان پارتلايدىغان نەرسىلەر بار، — دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن رىزۋانگۈلگە «رىزۋانگۈل كوڭكا» دىگەن لەقەم قويۇلۇپ قالىدۇ.

مەھەللىنىڭ باللىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ «ئۆز»، «دۈشمەن» بولۇپ ئوينايتتى. بۇ ئويۇنغا پەقەت ئوغۇللارلا قاتنىشىپ، قىزلار قاتناشتۇرۇلمايتتى. باشقا قىزلار بۇ ئويۇنغا قىزىقماي كارى بولمىغىنى بىلەن، رىزۋانگۈل خاپا ئىدى.

— قىزلار قاتناشسا نىمە بولىدىكەن، ئوغۇللار قاتناشقان «سوقۇش»قا قىزلار قاتناشسا نىمىشقا بولمايدىكەن؟ — دەپ تۇرۇۋالدى بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى رىزۋانگۈل قەتئىي ھالدا.

ئوغۇللار نىمە دىيىشنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىگە قاراپ قېلىشتى. ئۇلار گەپ بىلەن رىزۋانگۈلنى يېڭەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— ئوغۇللاردەك يۈگۈرەلەمسىز؟ — دىدى بىرى.

— بىز زاراتلىققا كىرىپ ئوينايمىز، كېچىلەردە زاراتلىققا بېرىشتىن قورقارسىز تايىنلىق، — دىدى يەنە بىرىمۇ.

— بۇ ياخشى گەپ بولدى. قېنى قايسىڭلار يۈگۈرۈشتە مەن بىلەن بەسلىشەلەيسىلەر؟ — دېدى رىزۋانگۇل.

ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىدىغان ئادەم چىقماي، ھەممىسى يەرگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— كېچىدە ئۆزۈم يالغۇز زاراتلىقتىن نەچچە ئۆتكەن، قېنى كۆرۈپ باقايلى، كىم ئۆزى يالغۇز زاراتلىقتىن ئۆتەلەيدىكەن؟ — دېدى رىزۋانگۇل بوش كەلمەي.

ئۇنىڭ سوئاللىرىغا دادىل جاۋاب بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئاخىر رىزۋانگۇل قارىمۇقارشى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە قاتناشتى ھەمدە ئوغۇللار ئارىسىدىكى ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىرەر ئاساس تېپىشقا ئۇرۇندى. ئۇ ئۆز ئەترىتىدىكى «جەڭچىلەر»نى زاراتلىقتا بۇرۇن كۆرۈۋالغان بايقاش تەس بولغان بىر دالدىغا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن «دۈشمەنلەر» ئۇلارنى تاپالمىدى. «دۈشمەنلەر» بۇلارنى ئىزدەپ يىراققا كەتكەندە، رىزۋانگۇلنىڭ ئەترىتىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىشغال قىلىۋالدى. بىرنەچچە قېتىملىق «ئۇرۇش»تا رىزۋانگۇلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەترەتتىكىلەر رىزۋانگۇلنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىۋالدى. بۇ ئىشلار ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ مەھەللىدىكىلەرگە پۇر كەتتى، شۇنىڭ بىلەن باشقىلار ئۇنى «رىزۋان كاپىتان» دەپ ئاتىشىدىغان بولۇشتى.

شۇ يىلى قار قېلىن چۈشۈپ كېتىپ، دالالاردىكى توشقانلار ئوزۇقلۇق ئىزدەپ مەھەللىنىڭ سەل سىرتىدىكى باغلارغا، قەبرىستانلىقلارغا، ھەتتا مەھەللىدىكى خىلۋەت كوچىلارغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى. باللار ئىتلارنى ئەگەشتۈرۈپ، چوماق ئېتىپ توشقان تۇتۇشقا كىرىشتى. رىزۋانگۇل ئايىغى چاققان بولغانلىقى ئۈچۈن يېنىك كىيىنىپ، چوماقمۇ ئاتماي، ئىتلارنىمۇ قوغلاتماي، ئۆزى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بىرنەچچە توشقان تۇتتى. بۇنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭغا «رىزۋان تايغان» دەپ لەقەم قويۇپ

قويۇشتى. مۇنداق لەقەملەرنىڭ قويۇلۇپ قېلىشى رىزۋانگۇلنىڭ مىجەز ـ خۇلقىغا، خۇسۇسىيەت ـ ئىستەكلىرىگە ھەرگىزمۇ يات ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ مۇنداق بىر كىنونى كۆرگەن: ئۈچ نەپەر ئىستۇدېنت ئوقۇشىنى تاشلاپ، ياپون ئالۋاستىلىرىنى يوقىتىشقا ماڭىدۇ. ئۇلار ئاڭلىغىنى بويىچە پارتىزانلارنى ئىزدەپ تاغ ـ ئېدىرلىقلاردا كېتىۋاتقاندا، دۈشمەننىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ ئوققا تۇتۇشىغا، بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار نىيىتىدىن يانماي جاپالىق، خەتەرلىك يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇ خەتەرلىك سەپەردە بىرىگە ئوق تېگىپ كېتىپ، ئۇلار ئېيتقۇسىز قىيىنچىلىققا، ئازابلىق كۈنلەرگە قالىدۇ ... لېكىن، ئۇلار يەنىلا ئىرادىسىدىن يانماي، جاپا ـ مۇشەققەتكە باش ئەگمەي مېڭىپ، ئاخىر پارتىزانلارنى تاپىدۇ ـ دە، كۈرەش قاينىمىغا كىرىپ كېتىدۇ. رىزۋانگۇل شۇلارنى ئويلاپ، پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلۇشنى قانچە ـ قانچە قېتىم ئويلىغان، شۇ كۈرەشلەر قاينىمىدا قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، باشقىلارنى قايىل قىلىپ، ئاياللار ئەترىتى قۇرۇپ ۋە ئۇلارغا باشچىلىق قىلىپ، دۈشمەنلەرنى سۈر ـ توقاي قىلىشنى تالاي ـ تالاي قېتىم كۆڭلىگە پۈككەن. باللارغا، ساۋاقداشلىرىغا ئېيتىمىغان بىلەن شۇنداق جەڭ قىلىشنى ئويلاپ يۈرگەن.

رىزۋانگۇل شۇ مەزگىللەردە يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشتىمۇ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىشتىمۇ يەنىلا ئالدىدا ئىدى. ئائىلىسىدىكىلەرمۇ، بولۇپمۇ دادىسى مۇنداق ئىشلاردا خېلىلا كەڭ قورساق بولۇپ، يېڭىلىق تەرەپدارى ئىدى. رىزۋانگۇلنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىشىنى، باشقىلاردىن ئۆگىنىشىنى قوللاپ تۇراتتى. رىزۋانگۇل يازلاردا ئۇيغۇر قىزلىرى ناھايىتى ئاز كىيىدىغان يېڭى قىسقا ئاق ياكى ھاۋا رەڭ كوپتا، قارا كۆك ياكى ماش رەڭ يوپكا، ئەت رەڭ ناسكى بىلەن ئارا پاشنىلىق توپلەي ياكى سەندەل كىيەتتى؛ تالا ـ

تۇزگە، مەكتەپكە ماڭغاندا بېشىغا گاز ياغلىق ياكى قەلقەي ياغلىق ئارتىۋالاتتى؛ مەكتەپتە تەنھەرىكەت ئوينىغاندا بېشىدىن ياغلىقنى ئېلىپ بوينىغا چىگىۋالاتتى. ئۇ بەزىدە چىمەن دوپپا كىيىۋالاتتى، دوپپا چېچى ئوغۇل بالىچە ياسىتىلغان بېشىغا بەكمۇ يارىشاتتى. رىزۋانگۇلنىڭ مۇنداق كىيىنىشى زاماندىشلىرى ئىچىدىكى يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ھەۋىسىنى ئويغاتقانىدى. رىزۋانگۇلمۇ ئۇلارنىڭ ھەۋىسىنى ئويغىتىپ، ئۇلغايتىپ يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشىغا ئىلھام بېرىپ تۇراتتى. «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولۇر» دېگەندەك، ئۇلارمۇ رىزۋانگۇلنى دوراپ كىيىنىشكە باشلىغانىدى. قىش ئايلىرى كەلگەندە تەنتەربىيەنىڭ تۈرلىرى ئازلاپ، ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا بىكار يۈرۈپ قالاتتى. لېكىن، رىزۋانگۇل بۇنىڭمۇ ئامالىنى قىلاتتى. ئۇ تەنتەربىيەنىڭ باشقا تۈرلىرىگە، قىشقا لايىق ھەرىكەتلەرگە بېرىلىپ، ئىزدىنىپ، تەنتەربىيەنى داۋاملاشتۇرۇشقا يول، ئۇسۇل ـ چارە تاپاتتى. كانكى ئويناش، چاڭغا تېيىلىش ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچىدە بىرىنچى قېتىملىق ئىش بولغاچقا، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ زاماندىش ـ ساۋاقداشلىرى ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپلا قېلىشقانىدى. رىزۋانگۇل قولىغا ئۆزى توقۇۋالغان، پەرۋاز قىلىۋاتقان لاچىننىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن يۇڭ پەلەينى كىيىپ، بوينىغا يۇڭ شارپا ئوراپ، ئۇچىسىغا يۇڭ پوپايكا، بېشىغا ھاۋا رەڭ باشنىك كىيىپ كانكى تېيىلىدىغان بولسا، ناتونۇش ئادەملەر ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ داڭ قېتىپ قالاتتى ۋە ئىختىيارسىز: «مۇنۇ نەنىڭ قىزى ھۆي، موسكۋادىن كەلگەنمۇ نېمە؟» دەپمۇ قالاتتى.

رىزۋانگۇلنىڭ تەنتەربىيەگە قاتتىق بېرىلىشى، تىنىمسىز يۈگۈرۈپ ـ سەكرىشى، ھەتتا ئۆيگە كەلگەندىمۇ توختىماي ھەرىكەت قىلىشى ئانىسىنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويىدى: «قىز بالا تۇرۇپ مۇنداق يۈگۈرسە، قولۇمنى دەرەخ شېخىغا يەتكۈزىمەن

دەپ ئېگىزگە سەكرەپ، يەرگە گۈپ - گۈپ قىلىپ چۈشسە، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ياتلىق بولار، شۇ چاغدا نۇرغۇن سوئال - سوراقلارغا قالار، شۇنداق بولسا ئۇنىز ئازابلىنىپ يەرگە قاراپ قالماسمۇ؟ بۇ ئىش ئۆزى بىلەنلا كەتمەي، ئائىلىمىزنى ئىزا - نومۇسقا قويماسمۇ؟ ...»

رىزۋانگۈل هويلىدا ئېگىزگە سەكرەشنى مەشىق قىلىۋاتقاندا، ئانىسى چىقىپ:

— قىز بالا مۇنداق سەكرەپ، قاتتىق هەرىكەت قىلسا بولمايدۇ، بالام، مۇنداق قىلىقلىرىڭنى تاشلا، — دېدى خاپا بولۇپ.

— تەنتەربىيە دېگەن شۇنداق بولىدۇ، ئاپا، بۇنىڭغا هەيران قېلىۋاتامسەن؟

— قىز بالا ئون ئىككى يېشىدىن باشلاپ ئۆزىنى ئاسرىمىسا بولمايدۇ، قىزىم.

— بۇ مېنىڭ ئۆزۈمنى ئاسرىغىنىم. چېنىقسام، سالامەتلىكىم ياخشى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— نېمە دەۋاتىدىغانسەن؟ مەن سېنىڭ غېمىڭنى يەپ شۇنداق دەۋاتىمەن، چوڭقۇر ئويلاپ باق.

— مېنىڭ غېمىمنى يېسەڭ، ئىختىيارىمغا قويۇۋەت، شۇ چاغدا ساغلام، كۈچتۈڭگۈر قىز بولىمەن. مېنى هۆرۈن، لايغەزەل، ئۇششۇق، ئېزىلەڭگۈ قىز بولسۇن دېمەيدىغانسەن، ئاپا؟

— گېپىمنى چۈشەنمىدىڭ ... بويتۇ، ئوچۇقلا دەي، بىز سېنى قىز پېتى ياتلىق قىلساق دەيمىز. قىزلىق ئىپپىتىڭدىن مەهرۇم بولساڭ، پۈتۈن ئائىلە يەرگە قاراپ قالىدىغان ئىش بولىدۇ، بالام، — ئانىنىڭ چىرايى سەل ئۆڭدى.

رىزۋانگۈل ئاپىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بىلمەسكە سالدى:

— مەندىن غەم يېمە، ئاپا، مەن جۇشقۇن، تېتىك قىز بولسام

ياخشى ئەمەسمۇ؟
— مەن دېگەن گەپلەرنى ھەدەڭ بىلەن سۆزلىشىپ باق، — ئانا شۇنداق دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

* * *

1941 — 1942 - يىللىرى غۇلجىدا تەنتەربىيە ئىشلىرى راۋاجلىنىپ تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. شۇ مەزگىللەردە رىزۋانگۈل ۋالىبول ئويناشنى ئۆگىنىش، مەشىق قىلىشلاردىن ئۆتۈپ، ئۈمىد مەكتىپى قىزلار ۋالىبول كوماندىسىغا قاتنىشىپ، كوماندىنىڭ ھۇجۇمچىسى بولۇپ قالدى. شۇ يىللىرى قىزلارنىڭ ۋالىبول ئوينىشى، تەنتەربىيەنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قاتنىشىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. رىزۋانگۈل، ماھىنۇرلار ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچىدىن ۋالىبول ئويناشتا بۆسۈپ چىققان قىزلار ئىدى. رىزۋانگۈل ۋالىبول ئويناشتىلا بۆسۈپ چىققان بولماستىن، ئەللىك مېتىر، يۈز مېتىر، ئىككى يۈز مېتىر ۋە بەش يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈش، كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش، ئۇزۇنغا سەكرەش، ئېگىزگە سەكرەش قاتارلىق تۈرلەردىمۇ دائىم بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەيتتى. ئۇ قايسىبىر تۈردە بولسۇن مەيداندا كۆرۈنسىلا، ئۇ تۈر تېخى باشلانماي تۇرۇپلا كىشىلەر: «رىزۋانگۈل بىرىنچى بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ بولاتتى. رىزۋانگۈل كىشىلەردە ئەنە شۇنداق ئىشەنچ ھاسىل قىلغانىدى.

غۇلجا تەنتەربىيە كومىتېتى ماي ئېيى كىرىشى بىلەن ۋالىبول مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. مۇسابىقە ئەرلەر ۋالىبول كوماندىلىرى بىلەن قىزلار ۋالىبول كوماندىلىرىنىڭ مۇسابىقىسى بىلەن باشلاندى. مۇسابىقە جەريانى قاتتىق ئېلىشىش، تىركىشىش جەريانى بولۇپ، كوماندا ئەزالىرى جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتتى. مۇسابىقىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچ كوماندا، يەنى تاتار مەكتىپى كوماندىسى، ئىلى مەكتىپى

كوماندىسى ۋە گىمنازىيە (ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيەسى) كوماندىسى تاللىنىپ چىقتى. بۇ ئۈچ كوماندا بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىپ، ئاخىر ئۈنىڭدىن بىرىنچىلىكنى تالىشىدىغان ئىككى كوماندا — گىمنازىيە كوماندىسى بىلەن تاتار مەكتىپى كوماندىسى مەيدانغا كەلدى. ھەر ئىككى كوماندا كۈچلۈك بولۇپ، كىم - كىمنى يېڭىدۇ، دېگەن سوئال تاماشىبىنلارنىڭ دىققەت مەركىزىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا، يۈزلەردە، كۆزلەردە ھاياجانلىق ھېس - تۇيغۇلار چاقناپ، يۈرەكلەر دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەنىدى.

مۇسابىقە ئەنە باشلىنىدۇ، مانا باشلىنىدۇ، دەپ تۇرغاندا، ھەر ئىككى كوماندا مۇسابىقىنى ئۆز مەكتىپىمىزنىڭ مەيدانىدا ئۆتكۈزىمىز، دەپ تۇرۇۋالدى ۋە ئۆز گېپىدىن ھەرگىز يانمىدى. بۇ ئىشقا تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ ئارىلاشتى. ئۇلار: «مۇسابىقە گىمنازىيە تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلسە ئەڭ مۇۋاپىق، چۈنكى ئۇ مەيدان كەڭرى، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تاماشىبىنلارمۇ كۆپرەك» دېيىشىمۇ، تاتار مەكتىپى كوماندىسىدىكىلەر زادىلا ئۇنىمىدى. ئاخىر مۇسابىقىنى ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىدىكى تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى كۆرۈشكە كەلگەنلەر ئىنتايىن كۆپ، ھەتتا شەھەرگە يېقىن يېزىلاردىن كىرگەن كۆرۈرمەنلەرمۇ نۇرغۇن بولۇپ، باغچىنىڭ سىرتىدىكى كوچىلارغا ئات، ئىرگىلۇ، خادىك ھارۋىلار تولۇپ كەتكەنىدى. بۇ ھالەت كوماندا ئەزالىرىغا بىر تەرەپتىن شادلىق، ئىپتىخار ئاتا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلىگە قورقۇنچ، ئەندىشىمۇ سالاتتى. «ئۇتتۇۋالساق ئالقىش - چاۋاك ساداسى ئىلكىدە مەيداندىن بېشىمىزنى تىك كۆتۈرۈپ چىقارمىز، ئەگەر ئۇتتۇرۇپ قويساق، ئىزادىن بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەي مەيداندىن سولىشىپ چىقارمىز» دېگەن ھەم خۇشاللىق، ھەم ئەندىشىلىك خىياللار ھەربىر كوماندا ئەزاسىنىڭ

كاللىسىدا كېزىپ، ئۇلارغا بىسىم پەيدا قىلماقتا ئىدى.

بۈگۈنكى مۇسابىقىنى كۆرۈشكە كەلگەن خانىم - قىزلارمۇ كۆپ بولۇپ، رىزۋانگۈل، ماھىنۇر، يەنە بىرنەچچە توپچى قىز كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدىن ئورۇن ئېلىشقانىدى. گىمنازىيە كوماندىسى بىلەن تاتار مەكتىپى كوماندىسى ئەزالىرى ئىچىدە نامى چىققان توپچىلاردىن يۈسۈپجان، قۇرۋان (قارياغدى)، ئابدۇللا (قارىۋاي)، خەمىت ئاباس، نائىل، ئىسمەتلەر بار ئىدى.

مۇسابىقە باشلىنىشى بىلەنلا ھەر ئىككى تەرەپكە چاۋاكلار چېلىنىپ، ئالقىشلار ياڭراپ تۇردى. ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى مەيدان مۇسابىقە تۈگەپ، بىر ئۇ ئۇتۇپ، بىر بۇ ئۇتتۇرۇپ، ئىككى كوماندا تەڭلىشىپ قالدى. ئۈچىنچى مەيدان مۇسابىقە ھالقىلىق مۇسابىقە ئىدى. كىم - كىمنى ئۇتىدۇ، بۇ مۇشۇ پەيتتە ئايرىلاتتى. توپچىلارنىڭلا ئەمەس، مۇسابىقە كۆرۈۋاتقانلارنىڭمۇ يۈرەكلىرى سېلىپ كېتىۋاتاتتى. تاماكىلار ئۈزۈلمەي چېكىلىۋاتاتتى. ئۆزئارا پىچىرلىشىشلار توختىماي داۋاملاشماقتا ئىدى. ئۈچىنچى مەيدان مۇسابىقە ئاخىر باشلاندى. ئالقىش - چاۋاكلار ئۈزۈكسىز كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھەر قېتىم توپكا ئۇرۇلغاندا:

— يارايسەن، قارياغدى !

— ياشاپ كەت، يۈسۈپجان !

— يارايسەن، نائىل !

دېگەن سادالار ياڭراپ تۇراتتى.

يۈسۈپجاننىڭ سەكرەپ چىقىپ ئۇرغان بىر توپى ئويلىمىغان يەردىن قارشى تەرەپ ئاتامانىنىڭ بۇرنىغا تېگىپ قانىتىۋەتتى. شۇ چاغدا بىرىنچى بولۇپ رىزۋانگۈل: «ياشاپ كېتىڭ، يۈسۈپجان !» دەپ ھاياجىنىنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن گۈلدۈراس ئالقىشلار ئۇزاققىچە بېسىلمىدى. مۇسابىقە گىمنازىيە كوماندىسىنىڭ غەلبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

رىزۋانگۈل بۇ قېتىمقى ئەرلەر ۋالىبول كوماندىسىنىڭ

مۇسابىقىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن مۇھىم نۇقتىلارنى ھېس قىلدى. «بىر ئادەمنىڭ بىرەر نەرسىگە ھەۋەس، ئىشتىياقى قوزغىلىدىكەن، بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈشى كېرەك، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ شۇ كۈنىلا، — ۋالىبولدا توپنى قاتتىق ئۇرۇش ھەممە ئىشنى ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ، توپنى قاتتىق ئۇرۇش بىلەن بىللە پاسنى ياخشى چىقىرىش، قاتتىق ئۇرۇلغان توپنى ئېلىش، توراش (توسۇۋېلىش)، توپنى چۈشۈرۈشكە ھىيلە ئىشلىتىش، زابوينى كۆپ خىل ئۇرۇش (تۈز ئۇرۇش، پىرقىرىتىپ ئۇرۇش)، قارشى تەرەپ توسۇۋالغاندا توپنى ئۇنىڭ ئالىقىنىغا تەگكۈزۈپ يانغا ياكى سىرتقا ئۇرۇش ... مۇشۇ ئۇسۇللارنى ياخشى ئۆگەنمىسەك، مەشىق قىلمىساق بولمايدۇ، — ئۇ ئويلا - ئويلا ئاخىر مۇسابىقىگە چۈشكەن كوماندا ئەزالىرىنىڭ روھىي ھالەتلىرىگە قەدەر چوڭقۇرلاپ كىرىشكە باشلىدى، — مەن يۇسۇپجان، قۇرۋان، ئابدۇللا، نائىللاردىن توپ ئۇرۇشتىكى ماھارەتلەرنى ئىگىلىشىم كېرەك. توپ ئوينىغانىكەنمەن، بۆسۇپ چىقمىسام ھەرگىز بولمايدۇ، ئادەتتىكىچە ئوينىغان ئادەم ئۆزىنى قانداقلارچە مەن ۋالىبولچى دېيەلىسۇن! ... مەن ئالدى بىلەن يۇسۇپجاننىڭ ماھارىتىنى ئىگىلەپ باقاي.»

— كېلىڭ، يۇسۇپجان، ۋالىبول ئويناشتىكى ماھارەتلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى رىزۋانگۇل قوي كۆزلىرىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ ھەم ئورنىدىن تۇرۇپ، — ماھارىتىڭىزنى ئۆگىنىۋالسام دەيمەن، قارىسام، قورسىقىڭىز خېلى كەڭدەك قىلىدۇغۇ ...

يۇسۇپجان رىزۋانگۇلنىڭ يېنىغا كېلىپ كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— مېنىڭ سۆزلىگۈدەك ئالاھىدىلىكىم يوق، ھەر ئىككىمىز توپ ئويناشتىكى ئۇسۇللىرىمىزنى سۆزلىسەك، بىر - بىرىمىزگە ئازراق بولسىمۇ نەپ تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

رىزۋانگۇل زابوينى ئاستىغا (پەسرەك) ياكى ئۈستىگە

پىرقىرىتىپ ئۇرۇشنى مەشىق قىلىمەن دەپ دېرىزە كۆزنەكلىرىنى چېقىپ قويۇپ ئاپىسىدىن دەشنەم يېگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، يۇسۇپجاننى قاقاقلىتىپ كۈلدۈرۈۋەتتى.

— قانداق قىلغاندا ئېگىزگە سەكرەپ چىقىپ توپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇرغىلى بولىدۇ؟ ... مەن مۇنداق بىر ئىشنى كۆرگەن: مەكتەپ بىزنى ئويناتقىلى تاللىقتا ئېلىپ چىقتى. ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق، ھەممە ئادەم سايىگە يۈگۈرۈيتتى. ئېرىق بويىدا سايىداپ ئولتۇرسام، بىر قىزىل قولتۇق پاقا ئالدىمدىن دىكىلداپ سەكرىگىنىچە ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ بىر سەكرىسە، بىر قەدەمچە ئارىلىققا بارالايدىكەن. ئۇنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ ئۆز ئۇزۇنلۇقىدىن ئون ھەسسە يىراقلىققا سەكرىيەلىگىنىگە قاراپ ھەيران قالدىم. شۇنىڭغا قارىغاندا، بىزمۇ مەشىق قىلساق، ئادەتتىكىدىن ئېگىز سەكرىيەلەيمىز. ئادەتتە ئېگىز سەكرىگەن ئادەم توپنى دېگەن يەرگە چۈشۈرەلەيدۇ، — دېدى رىزۋانگۈل.

يۇسۇپجان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خىيالغا پاتتى: «پاھ ـ پاھ، مۇنۇ قىز بالىغۇ، ئۇ توپ ئويناش ماھارىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەتتا پاقىنىڭ سەكرەشلىرىگىمۇ دىققەت قىلغان. ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ مەشىق قىلغانلىقى ئۇنىڭ پەم ـ پاراسەت ۋە چارە ـ تەدبىرگە باي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بىز بۇ قىزدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنسەك بولغۇدەك...»

رىزۋانگۈل بويىغا يېتىپ قالغان بولسىمۇ، قىزلاردا تەبىئىي بولىدىغان ئىزا ـ نومۇسلارنى قايرىپ قويۇپ، ئوغۇللار بىلەن شۇنداق ئەركىن ـ ئازادە ھالدا توپ ئويناش ماھارىتى ھەققىدە سۆزلىشىۋېرەتتى. ئۇنىڭدا باشقىلاردىن ئېھتىيات قىلىش، قورۇنۇش، ئوڭايسىزلىنىش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. باشقىلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە پىتنە ـ پاسات تارقىتىشىدىنمۇ ۋايىم يەپ كەتمەيتتى. ئۇنداق سۆز ـ چۆچەكلەرمۇ چىققان، ئەمما ئۇ پىسەنت قىلمىغان، بەزىدە سۆز ـ چۆچەك تېرىغۇچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپمۇ قويغان، كۆپىنچە ھېچنېمە دېمىگەن. ئۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى ئويلاپمۇ كەتمەي، خاتىرجەم،

بەھۇزۇر يۇرىتۇەرگەن.

رىزۋانگۇل يەنە بىر قىتىملىق سۆھبەتتە يۇسۇپجاندىن مۇنداق سورىدى:

ــ بىرىنچى، توپ ئۇرغاندا بارماق، ئالىقان، بىغىش، جەينەك ۋە مۇرىنىڭ ھەرىكەت ھالىتى بىلەن پۇتۇن بەدەن قانداق ماسلىشىشى كېرەك؟ ئىككىنچى، سىز توپ ئۇرغاندا بەزىدە سول قولىڭىز بىلەن، بەزىدە قولىڭىزنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇرىدىكەنسىز، يەنە بەزىدە ئوتتۇرا مەيداندىنمۇ ئۇرىدىكەنسىز، قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاشۇنداق ئۇرىسىز؟ سىز يەنە قارشى تەرەپنىڭ ئۇرغان توپىنى بىر ئەپچىل تورىۋالىدىكەنسىز، بۇ بويىڭىزنىڭ ئېگىزلىكىدىنمۇ ياكى باشقىچە پەم ئىشلىتەمسىز؟ سىزدە بىر خىل پەم، بىر خىل ئۇسۇل، بىر خىل ئالاھىدە ماھارەت بارلىقىنى بايقىدىم، بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟

يۇسۇپجان رىزۋانگۇلنىڭ سوئاللىرىنى ئويلاپ بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ قانداق جاۋاب بېرىشنى، تەنتەربىيە دەرسىدە ئۆتۈلگەن نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى ئەمەلىيەتكە قانداق تەتبىقلاپ چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى. لېكىن، بىرنېمە دېمىسە بولمايتتى. بۇ قىز جاۋاب كۈتۈپ پارقىراپ ئولتۇرسا، سۆزلىمەسلىك مۇمكىن ئەمەس ـ دە. ئەڭ بولمىسا ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. يۇسۇپجان توپ ئۇرۇشتىكى ماھارەتلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. رىزۋانگۇلمۇ دوراپ ئاشۇ ھەرىكەتلەرنى ئۆزلەشتۇرۇشكە تىرىشتى. ئىككىنچى سوئالغا كەلگەندە، يۇسۇپجان سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا گەپ باشلىدى:

ــ مەن ئۆزۈمنىڭ ۋالىبولنى قانداق ئويناۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن، باشقىلار: «ياخشى ئوينىدىڭ، چىداملىقىڭ قالتىس ئىكەن» دەيدۇ. شۇنىلا بىلىمەن. سىز مېنىڭدە قانداق پەم، ئۇسۇل، ماھارەت بارلىقىنى ھېس قىپسىز، شۇ بويىچە

ئۆزلەشتۈرسىڭىز بولىدۇغۇ، مەن سىزگە نەزەرىيەلىك بىرنىمىلەرنى دەپ بېرەلمەيمەن، پەقەت ھازىرقىدەك ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلىشىم مۇمكىن.

ئۇلارنىڭ گېپى ئاخىر رۇس گىمنازىيەسى قىزلار كوماندىسى بىلەن ئۈمىد مەكتىپى قىزلار كوماندىسىنىڭ مۇسابىقىسىگە بېرىپ تاقالدى. رۇس گىمنازىيەسى قىزلار كوماندىسىنىڭ نىنا، ماروسە دېگەن بويى ئېگىز قىزلىرى بار ئىدى. ئۈمىد مەكتىپى كوماندىسىدا رىزۋانگۈل، رىزۋان ناسىر، رابىيە غېنى دېگەن قىزلار بار ئىدى. كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق ئۈمىد مەكتىپى قىزلار كوماندىسى رۇس گىمنازىيەسى قىزلار كوماندىسىنى يېڭىۋالدى. ئۈمىد مەكتىپى قىزلار كوماندىسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ بويى پاكارراق، رۇس گىمنازىيەسى كوماندىسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ بويى ئېگىز ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۈمىد مەكتىپى قىزلار كوماندىسى قارشى تەرەپنى قانداق يېڭىۋالدى؟ رىزۋانگۈل كوماندا ئەزالىرىغا: «بۈمۇ بىر خىل كۈرەش، كۈرەشكە چۈشكەنىكەنمىز، يېڭىش - يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. بىر توپنى ئالالماي قالساق، تاپا - تەنە قىلماي، غۇدۇرىماي، كېرەك يوق، بۇ قېتىم چوقۇم ئالىمىز، دەپ تۇرۇشىمىز، ئىككى - ئۈچ توپ ئالساق كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىمىز، بىرەر توپنى كەتكۈزۈپ قويساق مەيۈسلىنىپ، روھسىزلىنىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك ...» دەپ جېكىلەپ تۇردى. مۇسابىقە باشلىنىپ ئاخىرلاشقۇچە ئۈمىد مەكتىپى كوماندىسى بوشاشماي، ئۈمىدۋارلىق، ئىشەنچ بىلەن ئوينىدى. رۇس گىمنازىيەسى كوماندىسىنىڭ ئەزالىرىدا بىرەر توپنى كەتكۈزۈپ قويسا غۇدۇراش، بىر - بىرىگە تاپا - تەنە قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇردى. بۇ مۇسابىقىدە رىزۋانگۈل ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. ئۇنىڭ توپنى تورىۋالسا ئادەتتىكىدەك ئۇرماي، ئالداپ تاشلاشلىرى ياكى ئۇرۇش ئۇسۇلىنى تۇيۇقسىز ئۆزگەرتىپ قىيپاش كېسىپ ئۇرۇشلىرى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى. شۇڭا، ئالقىش - چاۋاكلار ئۇنىڭغا كۆپرەك يېغىپ

تۇردى. باشقا توپ ئۇرغۇچىلارمۇ رىزۋانگۇلنىڭ ئۇسۇللىرىدىن پايدىلاندى. ئۇمىد مەكتىپى قىزلار كوماندىسىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب — ئۇلارنى قوللايدىغان، ئۇلار ئۇچۇن چاۋاك چالىدىغانلار كۆپ ئىدى. ئادەتتىكى توپ ئۇرغۇچىلارغىمۇ ئالقىش - چاۋاكلار ياغراپ تۇردى، ھەتتا توپنى يىقىلىپ يۇرۇپ ئالغانلارغىمۇ چاۋاك چېلىنىپ، مەدەت - ئىلھام بېرىلىپ تۇردى.

بۇلار ئەمەس، مۇسابىقە راسا قىزىغاندا مەيداندا:

— ياشاپ كېتىڭ، رىزۋانگۇل!

— ياشاڭ، رابىيەم!

— يارايسەن، رىزۋان ناسىر!

دېگەن سادالار ئۇزۇكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. ئۇمىد مەكتىپى قىزلار كوماندىسىغا بېرىلگەن مەدەت - ئىلھاملار رۇس گىمنازىيەسى قىزلار كوماندىسىغا كۈچلۈك بېسىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ يېڭىلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولۇپ قالدى.

رىزۋانگۇلنىڭ سەكرەپ چىقىپ توپ ئۇرغان چاغدىكى ئوغۇل بالىچە ياسىنىۋالغان چېچىنىڭ لەپ - لەپ قىلىپ سىلكىنىشى ئۇنى تېخىمۇ جاسارەتلىك، تېخىمۇ غەيرەتلىك ۋە كۆركەم قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭغا ئاتالغان ماختاشلارنىڭ تېخىمۇ ئۆرلىشىگە، مەكتەپتىلا ئەمەس، جەمئىيەتتىمۇ ياخشى ئىنكاسلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ۋالىبول ئويناشتىكى ماھارىتى، قىسقا يۇگۇرۇشلەر، ئۇزۇنغا، ئېگىزگە سەكرەشتىكى بىرىنچىلىكنى بەرمەسلىك شىجائىتى، دەرسلەردىكى ئەلاچىلىقى ئۇنى ئەتراپلىق يېتىلگەن، ئەقىللىك، قەھرىمان قىز دېگەن نامغا ئىگە قىلغانىدى.

* * *

مۇسابىقە ئاخىرلىشىپ، ھەممىسى تارقىلىپ، ھېلىلا قايناپ - تېشىپ تۇرغان مەيدان بىردىنلا چۆلدەرەپ قالدى. رىزۋانگۇل

قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى ـ دە، ئىتتىك قەدەملەر بىلەن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ بىرىنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىۋالغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇ چوڭ كوچىدا كېتىۋاتىدۇ. ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىدىن — مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلگەن يەردىن چىقىپ سولغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. شۇ چاغدا بىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغان، هازىرغىچە قالماي كېلىۋاتىدۇ. ئاخىر ئۇ چىدىماي كەينىگە قايرىلىپ قارىدى. يەتتە ـ سەككىز قەدەمچە نېرىدا ئېگىز بويلۇق، قوشۇما قاش بىرى كېلىۋاتاتتى. «بۇ كىم، نېمىشقا ماڭا ئەگىشىۋالدۇ؟ ئۆيى بىزتەرەپتىمۇيا؟ ئەگەر ئۆيى بىز تەرەپتە بولسا، ئۇنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەجەب بىرەر قېتىممۇ كۆرمەپتىمەنا ...» رىزۋانگۈلنىڭ ئوي ـ خىياللىرى چېچىلىپ كەتتى، ئەمما ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلاتتى. «هە، ئېسىمگە كەلدى، بىز مۇسابىقە ئۆتكۈزگەن مەيدانلاردا ئانچە ـ مۇنچە كۆرگەندەك قىلىمەن، — دەپ ئويلىماقتا ئىدى ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، — بۈگۈن توپ ئويناۋېتىپ تازا ئېنىق كۆردۈم. مەن بىر توپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇرۇپ چۈشۈرگەن چېغىمدا، بىرىنىڭ: ‹ياشاپ كېتىڭ، رىزۋانگۈل !› دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ كىمدۇر دەپ قارىسام، مۇشۇ بالا، شۇ، نەق ئۇزى. بۇ بالا نېمىشقا ماڭا ئەگىشىۋالدۇ، كەينىمدىن قالماي كېلىۋاتىدۇ ـ هە؟ ...»

رىزۋانگۈل ئىككىنچى قېتىم كەينىگە قايرىلىپ قارىدى. يىگىت شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىتتىك قەدەم تاشلاپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. هەر ئىككىسىدە ئۈن يوق، سۆزسىز مېڭىش داۋاملاشماقتا. قىز ئويلىماقتا ئىدى: «شۇنچە يەردىن ئەگىشىپ كەلدى. ئەمدى يېتىشىۋېلىپمۇ گەپ قىلمايدۇغۇ؟ ...» يىگىتمۇ ئەندىشىلىك خىيالدا ئىدى: «بۇ ۋالىبولچى قىزنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغىنىمغا خېلى ۋاقىت بولدى. هازىرغىچە بىرنېمە دېيەلمىدىم، نېمە دېيىشىمنىمۇ، قانداق گەپ ئېچىشنىمۇ

بىلمەيمەن. مىجەزى چۇس قىز ئىكەن، گەپ قىلسام تىللاپ، سۆرۈپ كېتەرمۇ؟ بۈگۈن گەپ قىلمەن دەپقۇ ئەگىشىپ كەلدىم. گەپنى قانداق باشلايمەن؟ قىز بالىغا گەپ قىلماق ئەجەب تەسكەنا ... قىز يوق چاغلاردا ئادەم قالتىس باتۇر بولۇپ كېتىدىكەن، بار يەردە موللا مۈشۈك بولۇپ قالىدىكەن ـ دە ...»

ئۈنىڭ ئوي ـ خىياللىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا رىزۋانگۈل بۇ جىمجىتلىقتا تۆزمەي، گەپ باشلىدى.

— ماڭا خېلى يەردىن ئەگىشىپ كېلىۋاتىسىز، مېنى تونۇمسىز؟

— مەن ... مەن سىزنى تونۇيمەن، سىزنى پۈتۈن شەھەر خەلقى، بولۇپمۇ ياشلار ياخشى تونۇيدۇ.

— مەن ئەجەب سىزنى تونۇمايدىكەنمەنا ... سىز كىم بولىسىز، نېمە ئىش قىلىسىز، ئۆيىڭىز قەيەردە؟

«ئەجەب ياخشى سوئاللارنى سورىدى، مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇۋالىدىغان بولدۇم، — دەپ ئويلىدى يىگىت ئەندىشىسى سەل بېسىلىپ، — ئەمدى ئەيمەنمەي گەپ قىلاي، ئۆزى گەپنى باشلاپ بەردىغۇ.»

يىگىت ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ قويغاندىن كېيىن گەپ باشلىدى:

— مېنىڭ ئېتىم ھاكىمجان، توپادەڭدە دادام، ئاپام ئۇچىمىز بىللە تۇرىمىز، ئاتا ـ ئانام دېھقان، ئۆزۈم باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى رىزۋانگۈل كۈلۈمسىرەپ، — نېمىشقا كەينىمگە كىرىۋالدىڭىز؟

قىز يىگىتكە ئېغىر سوئال قويۇپ، كۆڭلىگە قورقۇنچ سېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۈنىڭ سۆزلىشىگە يول ئېچىپ بېرىۋاتاتتى.

— ئەسلىي مۇنداق ئىش ئىدى: مەن ۋالىبولغا بەكمۇ قىزىقىمەن، مەكتەپتە بىكار بولۇپ قالسام ۋالىبول ئوينايمەن. قەيەردە ۋالىبول مۇسابىقىسى بولىدۇ، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈپ

كېلىمەن. قەيەردە ۋالىبول مۇسابىقىسى بولدى، ئۇنى ئۇقماي قالسام، شۇ كۈننى ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە ئۆتكۈزىمەن. سىلەرنىڭ مۇسابىقەڭلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەنمەن. سىز ۋالىبولنى ناھايىتى ياخشى ئوينايدىكەنسىز، توپ ئۇرۇشلىرىڭىز يۇسۇپجان، قۇرۋان قارىياغدىلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن ...

— بۇ گېپىڭىز بەك ئېشىپ كەتتى، — رىزۋانگۈل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

— توختاڭ، — دېدى ھاكىمجان، — گېپىمنى بۆلمەڭ.

— ئەمىسە ئاغزىڭىزغا كەلگەننى سۆزلىمەي، يۈگەننى تارتىپراق سۆزلەڭ.

— دېمەكچىمەنكى، سىزدە ئالاھىدە كۈچ، پەم - پاراسەت بار ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىزگە رەھمىتىمنى ئېيتىپ قوياي دەپ كەينىڭىزگە چۈشكەن. قانداق گەپ ئېچىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ھېلىمۇ ياخشى گەپنى سىز باشلاپ بەردىڭىز، — دېدى ھاكىمجان، ئۇنىڭ چېھرىدىكى ئەندىشە ئالامەتلىرى غايىب بولغانىدى.

رىزۋانگۈل ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

— مەقسىتىڭىز شۇمىدى، باشقىمۇ گېپىڭىز بارغۇ دەيمەن؟ — ئۇ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھاكىمجانمۇ كۈلدى.

— مەقسىتىم شۇ، — ھاكىمجان شۇنداق دەپ، يەنە يېڭى گەپ ئېچىشنى ئويلىدى - يۇ، ئېغىزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇپ قالدى. رىزۋانگۈل ھاكىمجانغا تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىنىڭ سۇس تىترەۋاتقانلىقىنى، ھەتتا لەۋلىرىنىڭمۇ تىترەپ كەتكەنلىكىنى ۋە نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ناھايىتى نومۇسچان ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى.

رىزۋانگۈل ئۆيىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بىلىپ:

— ئۆيگە كېلىپ قالدۇق، خوش، مەن كىرىپ كەتتىم، — دېدى ۋە بۇرۇلۇپلا ماڭدى.

— توختاڭە، — ھاكىمجان تىترىگىنىچە شۇنداق دېدى. رىزۋانگۇل ئۇنىڭ باشقا گەپلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى سېزىپ بولغانىدى.
— نېمە دەيسىز؟
— ناھايىتى تۈيغۇن قىز ئىكەنسىز، مېنىڭ باشقا گەپلىرىم بارلىقىنىمۇ بىلىپ بولدىڭىز.
— ھە، گېپىڭىز بولسا دەڭ، ئاكامنىڭ ئىشتىن يانىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئۇ كېلىپ قالسا، ئىككىمىزنى سۆز - توقاي قىلىشىۋېتىدۇ، جۇمۇڭ.
— ئاكىڭىز ئۆيلەنگەنمۇ؟
— ياق.
— ئەمىسە قورقماڭ. ئاكىڭىزنىڭمۇ قىز تونۇشلىرى باردۇ، مېنىڭچە، چوقۇم بار، شۇنداق ئىكەن، ئىككىمىزنى كۆرسە خاپا بولۇپمۇ كەتمەس. دېمەكچىمەنكى، ئىككىمىز تونۇشۇپ قالدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىشىپ تۇرايلى ...
— بولىدۇ، ئىزدىشىپ تۇرساق تۇرايلى، — رىزۋانگۇلنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى ئەندىشىلىك ئۇچقۇنلار قاپلىغانىدى، ئۇ ئەتراپىغا تېز - تېز قارايتتى، — خوش، مەن كىرىپ كەتتىم، — ئۇ شۇنداق دەپلا قەدەملىرىنى تېز - تېز ئېلىپ قوروسىغا كىرىپ كەتتى.
ھاكىمجان تۇرغان ئورنىدا بىردەم تۇرۇپلا قالدى - دە، بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. ئىتتىك بۇرۇلغىنىغا قارىغاندا، ئۇ تېز- تېز يۈرۈپ كېتىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئاستا ماڭدى ۋە خىيالغا چۆكتى: «بۇ قىزنىڭ مىجەزىگە قاراپ، ئۆيىگىچە ئەگىشىپ كەلگىنىم ئۈچۈن قوپاللىق قىلىپ كېتەرمۇ، نېمە كەينىمگە كىرىۋالىسىز سايىمەدەك ئەگىشىپ، دەپ ۋارقىراپ - چالۋاقاپ كېتەرمۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، خۇداغا شۈكۈر، ئۇنداق قىلمىدى، ماڭا سىلىق مۇئامىلە قىلدى. مېنىڭغۇ

ئۇنىڭغا مەيلىم چۈشۈپ قالغىنىغا خېلى بولغان. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مۇھەببەتتىن سۆز ئاچسام، ياق دېمەيدىغاندەك قىلىدۇ. بۇدا كۆرۈشكەندە چوقۇم مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىمەن ...» رىزۋانگۈلمۇ كوچىدىن ئىتتىك كىرىپ، ئىچكىرىكى ئۆيدە ئولتۇرۇپ يولدا بولغان ئىشلارنى ئويلاۋاتاتتى: «ھاكىمجان دېگەن بۇ بالا نېمىشقا كەينىمگە كىرىۋالىدۇ، ئەجەب باشقىلارنىڭ كەينىگە چۈشمەيتۇغۇ؟ ماڭا مۇھەببىتى قوزغالمىغان بولسا، ئۇنداق تىترەپمۇ كەتمەيتتى. گەپلەرنى ئاران - ئاران دەۋاتىدۇ. ئۇ ناھايىتى نومۇسچان ئىكەن، ماڭا مەيلى چۈشكەچكە كەينىمگە كىرىۋالدى - دە. بولىدىغان بالىدەك قىلىدۇ ...»

## 6

رىزۋانگۈل ئۈمىد مەكتىپىدە 6 - سىنىپنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيەسىگە ئوقۇشقا كىرمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى گىمنازىيەگە كىرىپ ئوقۇماقچى بولۇشتى. رىزۋانگۈلنىڭ مەيلىنى باشقا يەر تارتىپ تۇراتتى. بىراق، باشقا يەردە، يىراق شەھەرلەردە ئوقۇشقا ئاتا - ئانىسىنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان، بولۇپمۇ ئاپىسىنى قايىل قىلماق تەس ئىدى. ھازىر غۇلجىدا ئوقۇش تۈگىتىپ باشقا يەرلەرگە كېتىۋاتقانلار ئازمۇ؟! شەھەردىنلا ئەمەس، ناھىيەلەردىن، يېزىلاردىن ئوقۇش تۈگەتكەن بالىلارنىڭ ئالدى ئۈرۈمچىگە باردى ۋە بىر قىسمى ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپمۇ بولدى. يەنە داۋاملىق كېتىۋاتىدۇ. يەتتە - سەككىز يىلدىن بېرى ئوقۇشقا ئىنتىلىش، ئوقۇشقا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىش، كونا مەكتەپلەردىن چىقىپ، يېڭى مەكتەپلەرگە (پەننىي مەكتەپلەرگە) كىرىپ ئوقۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى. رىزۋانگۈلدە ئۈرۈمچىگە

بىرىپ ئوقۇش ئارزۇسى مۇشۇ دولقۇننىڭ تەسىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇش ئارزۇسىدىن يانغىنى يوق.

— ئۈرۈمچىگە بارىمەن دېدىم، بارىمەن، — كەچلىك تاماقتىن كېيىن رىزۋانگۈل يەنە شۇ گەپنى تەشتى.

— بارمايسەن دېدىمغۇ، بارمايسەن ! — دېدى ئاپىسى قولىدىكى تەخسىنى شىرەگە قاتتىق ئۇرۇپ، ئۇ شۇ ئاچچىقىدا تەخسىنى قىزىغا ئاتماقچىمۇ بولدى، بىراق تەخسە قىزىنىڭ يۈزىگە تېگىپ، بىرەر يېرىنىڭ زەخىملىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى.

— بولدى، ئاپا، — دېدى رىزۋانگۈلنىڭ ئاكىسى گەپكە ئارىلىشىپ ۋە رىزۋانگۈلنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — نەگە بارسا، ئوقۇيمەن دېگىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ سەن قىزىڭدىن خاپا بولماي، خۇشال بولساڭ بولىدۇ. قارا، قىز بالا تۇرۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇشقا جۈرئەت قىلغىنىنى ...

— مەنلا ئەمەس، داداڭمۇ رازى بوپتۇمۇ؟

— دادام رازى بولىدىغاندەك قىلىدۇغۇ.

هاشىم ئاخۇن كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئالماي قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ تۈنۈگۈنلا قىزىنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇشىغا قوشۇلمىغانىدى.

— مۇشتتەك تۇرۇپ تېخى ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇيمەن دېگىنىنى بۇنىڭ، — دېدى مەريەمخان ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك غودۇڭشىپ.

— مۇشتتەك تۇرۇپ دەيسەنغۇ ...

رىزۋانگۈل سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېگۈچە، ئاپىسى تاقەتسىزلىنىپ ئېغىز ئاچتى:

— ھە، مۇشتتەك بولماي، ئوتتۇز ـ قىرىقلارغا كىرىپ قالغانمىدىڭيا؟ !

— بۇ يىل ئون يەتتە ياشقا كىردىمغۇ، ئون يەتتىگە كىرگەن ئادەم مۇشتتەك بولامدۇ؟ ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلارغا كىرىپ نى ـ نى ئىشلارنى قىلىۋاتقان قىزلار ئازمۇ؟ — «گەپكە ـ گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىنمۇ يانما» دېگەندەك، رىزۋانگۇل نۆۋەتتە كەلگەندە ھەرقانداق گەپنى دەۋېتەتتى.

— سەن دېگەن قىز بالا، مەشەدىكى گىمنازىيەگە كىرىپ ئوقۇساڭمۇ بولىدۇغۇ، يىراقلارغا بارىمەن دېمەي.

— رىزۋان ناسىر ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتىدۇغۇ.

— دادىسىنىڭ خىزمىتى يۆتكەلدى، شۇڭا ئۇلار كۆچۈپ كەتتى. ئائىلىسى ئۇرۇمچىدە بولغاندىكىن، ئۇ ئۇرۇمچىدە ئوقۇماي، نەدە ئوقۇيدۇ؟ ئوغۇل بالا بولساڭغۇ مەيلى دەيتتۇق، قىز بالا تۇرۇپ ئۇرۇمچىگە كەتسەڭ، بىز قانداق خاتىرجەم بولىمىز؟ ئويلاپ باققىن.

— ئوغۇللار ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئوقۇسا بولىدىكەنۇ، قىزلار بېرىپ ئوقۇسا بولمامدىكەن؟ ساڭا كىم دېدى شۇ گەپنى؟ ئوغۇللار قىلالىغان ئىشنى قىزلارمۇ قىلالايدۇ. ئادەم دېگەن بەختىيار بولۇشقا ئىنتىلىدۇ، شۇڭا ئۆزىنى كامال تاپقۇزۇشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىدۇ. ئاپا، سەنمۇ بىلىسەن، مەنمۇ نەچچە قېتىم سۆزلەپ بەرگەنىغۇ، نوزۇگۇم، مايسىخانلار زالىملارغا قارشى قولىغا قورال ئالغان، قانلىق كۈرەش قىلغان، شۇلارمۇ قىزلارغۇ؟ ... تېخى ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئوقۇشقا رازىلىق بەرمەيۋاتىسەن، مېنىڭ ئۇرۇشقا كېتىۋاتقىنىم يوققۇ؟ مېنى تۇتۇپ قالالامسەن، ئاپا؟ !

بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەي، قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان ھاشىم ئاخۇن بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى پىكىرلەر قايىنىمىدا ئۈزۈۋاتاتتى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇ رىزۋانگۇلنىڭ ئارزۇسىنى قوللاش كېرەكمۇ ياكى قارشى چىقىپ ئۇنى تۇتۇپ قېلىش كېرەكمۇ، دېگەننى چوڭقۇر ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل تارازىسىدا ئۆلچەمەكتە ئىدى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قىزىنىڭ

ۋاللىبول ئۈيىنىڭغان چاغدىكى ھالىتى كەلدى. ئۇ بىر قېتىملىق مۇسابىقىدە قىزىنىڭ كۈچ - غەيرىتى، پەم - پاراسىتى ۋە ماھارەتلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدى. ئۇنىڭ سەكرەپ چىقىپ خۇددى ئۇچقۇر بالىلاردەك توپ ئۇرۇشلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭدىن رازى بولغان، پەخىرلەنگەن، قىزىنىڭ ھەرقانداق ئىشقا قاتتىق بېرىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن نەتىجە قازانمىغۇچە توختىمايدىغانلىقىنى ئۇ خېلى بۇرۇنلا بىلگەن، چۈشەنگەنىدى.

رىزۋانگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى:

— بىر ئادەم دۇنياغا كەلگەنىكەن، — دېدى ئۇ كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا، شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆزلىرى يېنىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتكەنىدى، — قۇرتتەك مىدىرلاپ يۈرمەي، مەنىلىك ياشىشى، پارلاق ئىزلارنى قالدۇرۇشى، باشقىلار تەسىرلەنگۇدەك ئىشلارنى قىلىشى كېرەك. ئادەتتىكىدەك ياشىغاندىن ياشىمىغان ياخشىراق! — ئۇ ئۆز سۆزىدىن تەسىرلىنىپ كەتتىمۇ، چاچلىرى توپ ئۇرغان چاغدىكىدەك لەپ - لەپ قىلىپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئۆيئىچى بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆكۈپ قالدى. ھاشىم ئاخۇن بىرنەچچە قېتىم گەپ قىلماقچى بولۇپ، ئاغزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، نېمىلەرنى ئويلىدىكىن يەنە توختاپ قالدى.

بۇ جىمجىتلىقنى يەنە رىزۋانگۈلنىڭ ئاۋازى بۇزدى:

— مەن چوڭراق شەھەردە ئوقۇپ، بىلىم ئارقىلىق ئۆزۈمنى تاكامۇللاشتۇرسام، قانداق ياشاشنى ئۆگىنىۋالسام، ياخشى ئەمەسمۇ؟ — ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ يەنە دېدى، — مەن سورۇشتۇرۇپ بىلىپ بولدۇم. مەن بارىدىغان مەكتەپ ئۇرۇمچى قىزلار مەكتىپى، دوستۇم رىزۋان ناسىرمۇ ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن، ئۇ يەردە ئۇيغۇر قىزلىرى، غۇلجىدىن بارغان قىزلارمۇ كۆپ ئىكەن. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر دېگەن داڭلىق شائىرىمىز، غۇلجا تۆپادەڭلىك ھۈسەيىن ناسىروف دېگەن

كىشىلەر شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىكەن. ئەمدى ئەنسىرەيدىغان نېمىسى قالدى؟

ئۆيئىچىنى سۈكۈت باستى. ئولتۇرغانلارنىڭ چىش يېرىپ بىرنېمە دېمىگەنلىكى رىزۋانگۈلنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇشىغا قوشۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بىرەرسىنىڭ چىرايىدا ئوچۇق - يورۇقلۇقنىڭ ئىپادە قىلىنماسلىقى ئاۋۋالقى قارىشىمىزنى يوققا چىقىرىپ تۇراتتى. ئاخىر ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەندە، قاچا - قۇچىلارنى مەن يۇيۇۋېتەي دەپ كەلگەن رىزۋانگۈلنى قازان بېشىغا كەلتۈرمەي، چىنىنى چىنىگە ئۈرۈپ يۇيۇشىدىن مەريەمخاننىڭ خاپىلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

* * *

ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يېتىپ قالدى، ھەتتا رىزۋانگۈلمۇ تېزلا ئۇخلاپ قالدى. ئەمما، ئايالى بىلەن بىر ئۆيدە ياتقان ھاشىم ئاخۇننىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس، ئۇ چىگىچ خىياللار ئىچىدە قالغاندى. «باللارنىڭ ئاپىسى ئۇخلاپ قالغانمىدۇ ياكى ئويغاقمىدۇ؟ ... ئۆلۈكتەك جىمجىت ياتقىنى بىلەن ئۇخلىيالمىدى تايىنلىق» دەپ ئويلىدى ھاشىم ئاخۇن.

— ھوي مەريەم، ئۇخلاپ قالدىڭمۇ يا ئويغاقمۇسەن؟ — ئۇ ئايالىنى جەينىكى بىلەن نوقۇدى.

— ئۇخلىمىدىم، قانداق ئۇخلايدۇ كىشى.

— بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم، قارا.

— ھە، نېمە ئىشنى؟

— رىزۋانگۈلنىڭ ئۈرۈمچىدە ئوقۇيمەن دېگىنىنى.

— ھە، يانغاق بايتالدەك گەپلىرىدىن يېنىۋالدىلىمۇ نېمە؟

— يېنىۋالمىساق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، جۇمۇ.

— قانداق دەيدىلا؟

— بىز رىزۋانگۈلنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇيمەن دېگەن

ئارزۇسىغا يول قويماي، خاتا قىلىۋاتىمىزمۇ نېمە؟
— ئۇرۇمچى دېگەن يىراق يەر، قىز بالا دېگەن باشقىلارغا ئاسانلا بوزەك بولىدۇ ھەم ئالدىنىپ قالىدۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ يىراق يەردە تۇرسا، قانداق قىلىمىز؟
— ھەي، سىزنىڭ كالتە پەملىكىڭىز، قوينۇڭىزدا ياتقان قىزىڭىزنى تازا بايقىماپسەن، ئۇ باشقىلارغا ئاسانلا بوزەك بولىدىغان ياكى ئالدىنىپ قالىدىغان قىز ئەمەس، پەمى، دىتى بار، ئۆز غۇرۇرىنى ساقلاشنى بىلىدىغان قىز ئۇ. گەپ - سۆزلىرىدىن، ھەرىكەتلىرىدىن شۇلارنى تۇيمىدىڭما؟
— نېمىلا دېگەنلىرى بىلەن يەنىلا قىز بالا - دە، ئۇ. مەشەدە گىمنازىيەدە ئوقۇسا، ئوقۇشنى تۈگەتسە، مۇۋاپىق بىرى چىقسا، ئامانەتنى تاپشۇرساق، خاتىرجەم بولاتتۇق ئەمەسمۇ؟
— ھازىر دەۋر ئۆزگەردى، بىز ئورۇس يېرىدە كۆرگەن ئىشلار بولۇۋاتامدۇ؟ ھازىرقى بالىلار ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىپ ماڭالايدۇ، بىزنىڭ دېگىنىمىزگە كۆنمەيدۇ ئۇلار.
— ئۇ يەرگە ماڭدۇرۇپ قويۇپ، نېمە بولغاندۇ، نېمىلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ، دەپ ۋايىم يەپ ئەنسىزچىلىكتە قالارمىزمۇ؟ ئوبدانراق ئويلاپ باقسىلا.
— باشقىلار ئاڭلىسىمۇ، ئوقۇشقا بارىمەن دېگەن بالىنىڭ يولىنى توراپ قويۇپتۇ، ئوسال خەقلەر ئىكەن دېمەسمۇ؟ بەزىلەر بالىلىرىنى ئوقۇتالماي ئاۋارە، بىز ئوقۇيمەن دېگەننى توراش ھەلەكچىلىكىدە. بولدى، قوي، رىزۋانگۇلنىڭ ئوتتەك ئوقۇش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەيلى.
— سىلى ئاۋۋالقى گەپلىرىدىن يېنىۋاپتىلا، مەنمۇ بىلمىدىم، قانداق قىلساق بولىدىكىنتاڭ، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى، — مەريەمخانىمنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغانلىقى ئاڭلاندى.
— ئۇ ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنەيلى، مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى. ئۇنى شەرق مەكتىپىدىن ئۇمىد مەكتىپىگە يۆتكەپ كەلگەندە، بالىلارنى تىزىملاۋاتقان ياش

بىر مۇئەللىمە: «ياخشى ئوقۇمىسىڭىز بولمايدۇ، ياخشى ئوقۇمىغانلارنى مەكتىپىمىزگە ئالمايمىز» دېسە، كىچىككىنە قىزنىڭ نېمە دېدى دېمەمسەن: «مۇئەللىم، مەن ئەلا ئوقۇپ، سىزنىمۇ، ئاتا ـ ئانامنىمۇ رازى قىلالايمەن، ماڭا ئىشىنىڭ» دېدى جۇمۇ. بايقىشىمچە، رىزۋانگۈلدە قانداقتۇر بىر خىل قۇدرەت باردەك قىلىدۇ. ئۇ قىلىمەن دېگىنىنى قىلالايدۇ، ئۆگىنىمەن دېگىنىنى ئۆگىنەلەيدۇ. مۇنداق بالىغا بىز ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمىسەك بولماس. يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا ئىنتىلىۋاتقان ئادەم ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا، ئىلھام بېرىشىگە ئېرىشەلىسە، ئۇ كارامىتىنى جەزمەن نامايان قىلالايدۇ ۋە زاماندىشلىرى ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا ماڭالايدۇ.

## 7

رىزۋانگۈل 1942 ـ يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭدى، لېكىن ئۇنىڭغا ئۈرۈمچىگە بېرىشى ئاسانغا چۈشمىدى. ئەسلىدە ئوقۇشقا بارىدىغان بالىلارنى غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھۆكۈمەت ماشىنىسىدا يولغا سالغانىدى. ئاشۇ كۈنگە ئۈلگۈرەلمىگەن ھەم سىرتقى ناھىيەلەردىن كەلگەن بالىلارنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىدىغانغا ماشىنا تېپىلمىدى. شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر بالىلارنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ: «بىز ماشىنا چىقىرالمايمىز، ماشىنىنى ئۆزۈڭلار ھەل قىلىڭلار» دەپ مۇرىسىنى چىقىرىپ تۇرۇۋالدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بىر ئىلاج قىلىپ ماڭمىسا، بۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقمايدىغان ئوخشايدۇ. باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بارىدىغان بالىلار ئۆيغۇر ئۆيۈشمىسىغا كۆپ قاتىرىدى، نۇرغۇن جاپالىق يوللارنى باستى. ئاخىر سودىگەرلەرنىڭ شەخسىي ماشىنىسىدا ماڭىدىغان بولدى.

غۇلجا ـ ئۈرۈمچى قاتنىشىدا كۈنىگە بىر ـ ئىككى ماشىنىنى ئاران كۆرگىلى بولاتتى. تېخى ئۇلارنىڭ كۆپى سودىگەرلەرنىڭ شەخسىي ماشىنىلىرى ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنا چىقىرالمايدىغانلىقىمۇ راست، ئۇ چاغلاردا ماشىنا قاتنىشىمۇ يولغا قويۇلمىغان، قاتناش قورالى ئاساسەن ئات ـ ئېشەك، تۆگە بولۇپ، ئات ھارۋىسى قاتناشنىڭ ئاساسى ئىدى. يىغىلغان باللار جەمئىي ئون تۆت نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېرىمى ئوغۇل، يېرىمى قىز ئىدى. ئۇلار ناھايىتى تەستە ئېرىشكەن ماشىنىغا چىقىشقا باشلىدى. ماشىنىدا ئون تاغاردىن ئوشۇقراق شېكەر بار ئىدى. باللار بۇ تاغارلارنى كۆرۈپ، بىز ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقلار بار ئىكەن، دەپ قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىشتى. ماشىنا ئەتراپىدا ئادەم كۆپ بولۇپ، بۇلار ئاساسەن ئوقۇشقا ماڭغانلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى ئىدى. ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر مېڭىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ھالنى كۆرگەن ماشىنىغا چىقىپ بولغان قىزلارنىڭمۇ كۆز چاناقلىرىغا تولغان ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلگىلى تۇردى. كەيپىيات بىردىنلا ئۆزگىرىپ، شاد ـ خۇراملىق قايغۇغا ئايلاندى. باشتا يىغلاش خىيالىغىمۇ كەلمىگەنلەر مانا ئەمدى ئېغىز ـ بۇرنىنى تۇتۇۋېلىپ ئۈنسىز يىغلىماقتا ئىدى. شۇ چاغدا رىزۋانگۈلنىڭ مەردانە ئۈنى ئاڭلاندى:

— ھەي ئاتا ـ ئانىلار، ئاكا ـ ھەدىلەر، نېمىشقا يىغلايسىلەر؟! يىغلىغۇدەك نېمە ئىش بولدى بۇ يەردە؟ بىز ھەممىڭلارنىڭ رازىلىقى بىلەن كېتىۋاتىمىز، ئۆلۈمگە كېتىۋاتقىنىمىز يوققۇ، ئوقۇشقا، بىلىملىك بولۇشقا كېتىۋاتىمىزغۇ، بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلماسلىقىڭلار كېرەك ئىدىغۇ؟! بىزنىڭ يىغلاپ تۇرغان ۋاقتىڭلارنى ئەمەس، كۈلۈپ تۇرغان ۋاقتىڭلارنى ئەسلىگۈمىز كېلىدۇ. بولدى قىلىڭلار، بىز چىرايىڭلارنىڭ ئۈمچەيگەن ھالىتىنى ئەمەس، گۈلدەك ئېچىلغان ھالىتىنى

كۆرسەك دەيمىز، — ئۇنىڭ ئاۋازى ھەم قەتئىي، ھەم خۇشخۇي، ھەم يېقىشلىق ئىدى.

يېڭىدىن ياساتقان ساقال - بۇرۇتى قالتىس ياراشقان، بېشىغا مانچېستېر دوپپا كىيگەن، سالاپەتلىك بىر ئادەم:

— ھەي خالايىق، بۇ قىز توغرا گەپ قىلدى. بىز نېمىشقا باللىرىمىزنى يىغلاپ - قاقشاپ ئۇزىتىمىز؟ ئۇلارنى كۈلكىمىز بىلەن ئۇزىتىپ قويايلى. بىزنىڭ شۇ ھالىتىمىز ئۇلارنىڭ ئېسىدىن چىقمىسۇن، كۆز ئالدىدىن كەتمىسۇن. بىز باللىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا ئىلھام، مەدەت بولىدىغان ئىشنى قىلايلى، قېنى ئاقساقال، — دېدى ئۇ يېنىدىكى ئاقساقاللىق، ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش مانچېستېر دوپپا كىيگەن ئادەمگە قاراپ، — باللىرىمىزغا دۇئا قىلايلى، بارىدىغان يېرىگە ساق - سالامەت بارسۇن، سەپىرى خەيرلىك بولسۇن.

يىغا - زار بېسىلىپ، ھەممىسى دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. ئاشۇ سالاپەتلىك ئادەمنىڭ تەكلىپى بىلەن قىزلار ماشىنىنىڭ ئالدىدا، ئوغۇللار ئارقىسىدا ئولتۇرۇشتى.

ماشىنا قوزغالدى.

— خوش، ئاقيول بولسۇن !

— ئامان بولۇڭلار، باللىرىم !

— يولۇڭلار بىخەتەر بولسۇن !

— سەپىرىڭلار كۆڭۈللۈك بولسۇن !

ماشىنا قوزغىلىپ، توپا - چاڭ توزۇتۇپ يۇرۇپ كەتتى. ئۇزاتقۇچىلار ئۇلارنىڭ سەپىرىنى ئوڭۇشلۇق بولسۇن، دەپ ھەرقانچە ياخشى تىلەكلەرنى تىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن سەپەر كۆڭۈللۈك بولمىدى. كۆڭۈلسىزلىك ئۇلار تېخى غۇلجىدىن چىقماي تۇرۇپلا باشلاندى. ماشىنا قوزغىلىپ نوۋىگورت كوچىسىغا كىرىپ، ھەشەمەتلىك بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىدى. شوپۇر ھويلىغا كىرىپ كېتىپ، يولۇچىلارنى ساقلىتىپ، زېرىكتۇرۇپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق يوقاپ كەتتى.

بىركەمدە ئۇ يوغان بىر تېڭىقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ماشىنىغا باستى. ئەمدى ماڭار دەپ تۇرغاندا، ماشىنا قوزغالماي، يەنىلا قېتىپ قالغاندەك تۇردى. باللارنىڭ پەركايى ئۇچتى. «ئەمدى ماشىنا نىمىشقا ماڭمايدىغاندۇ؟»، «يەنە قانچىلىك ساقلارمىز؟»، «كىمنى ساقلايدىغاندىمىز؟» دېگەن گەپلەر ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقاندا، رىزۋانگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كۆپچىلىك، مەشەدە قىشلاپ قالىدىغان ئوخشايمىز، — دەپ كۆپچىلىكنى كۇلدۇرۇۋەتتى. شۇ ئەسنادا دەرۋازىدىن ئۇچىسىغا قارا كۆك سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، بوينىغا ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گالستۇك تاقىغان، پاناق بۇرۇنلۇق، قارا كۆزلۈك، ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر خەنزۇ كىشى چىقتى. ئۇنىڭ بىر قولىدا قارا خۇرۇم سومكا، يەنە بىر قولىدا كۇل رەڭ يالاڭ پەلتو بولۇپ، بېشىغا تېگى قېنىق چاقماق كەتمەن شەپكە كىيگەن، پۇتىدىكى قارا خۇرۇم شىبلىتى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى چاچلىرى ساپسېرىق، كۆزلىرى كۆپكۆك، چىراي - شەكلى خېلىلا تۈزۈك، ئىككى ياشلار چامىسىدىكى كۆك كۆزلۈك بالىنى كۆتۈرگەن بىر رۇس ئايال چىقتى. ئىككىسى كابىنكىدا ئولتۇردى. ئەھۋالغا قارىغاندا، قارا سومكا كۆتۈرگەن ئەر مۇشۇ ماشىنىنىڭ غوجايىنى ئوخشايدۇ. باللار ماشىنىغا بىر ئەمەلدار چىقتى، ئەمدى توختىماي ئىتتىك ماڭىدۇ، دەپ قىياس قىلىشتى. نەدىكىنى، ئۇلار كونا، ئەبجەقى چىققان بىر ماشىنىغا چىقىپ قالغانىدى. ماشىنا ماڭدامدا بىر بۇزۇلۇپ يېڭىيەرگە كەلگۈچە ئالتە قېتىم توختىدى ۋە باللارنىڭ جىنىغا تېگىشكە باشلىدى. ماشىنا غۇلجىدىن چىقىپ بىر كالا ھارۋىسى بىلەن بىللە ماڭغانىدى. ماشىنا نەچچە بۇزۇلۇپ توختاپ، بىردەم ماشىنا ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپ، بىردەم كالا ھارۋىسى ئۆتۈپ كېتىپ، ھارۋىكەش بىلەن باللار بىر - بىرىگە نەچچە خوش - خوش دەپ ھاردى.

چىچىنى ئوغۇل بالىچە ياسىتىۋالغان رىزۋانگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ مۇنداق دېدى:

— بىز كالا ھارۋىسى بىلەن بەسلىشىپ يۈگۈرۈۋاتىمىز، بۇ ئۇزۇن مۇساپىلىك مۇسابىقە. مېنىڭچە، كالا ھارۋىسى ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. بىز ماشىنىدىغۇ، دەپ كۆرەڭلەپ كەتمەيلى، بەيگىدە كىم ئۇزۇپ چىقىدۇ، بۇنى ئالدىمىزدا كۆرىمىز.

— مۇنداق ماشىنىدا ماڭغۇچە دوپپىمىزنى قىرلاپ، ناخشىمىزنى دۆڭ توۋلاپ، ئاشۇنداق كالا ھارۋىسىدا ماڭساقمۇ بوپتىكەن، — دېدى نىلقىلىق چوڭراق بىر بالا.

ماشىنا توختىسىلا بىردەملىك توختىدىمۇ، ئۇزاقراق تۇرۇپ قالامدۇ ياكى توختىمىسا بولمايدىغان بىر ئىش چىقىپ قالدىمۇ، ئۇنى ئايرىمايلا ئۇرۇمچىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان باللار ماشىنىنى، غوجايىننى، شوپۇرنى تىللاپ كېتىشەتتى.

لوسگۇڭغا كەلگەندە، ماشىنىدىن سەللا بۇرۇن كەلگەن كالا ھارۋىسى مەھەللىگە بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتتى. شۇندىلا ئۆڭۈپ كەتكەن مانچېستېر دوپپىلىق ھېلىقى ھارۋىكەش بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىكى خوش - خوشلار ئۈزۈلۈپ قالدى.

ماشىنا يەنە يولغا چىقتى. ئاستا مېڭىپ كەڭساي غولى ئىچىگە كىردى. ماشىنا ھەربىر قېتىم ئىرغاڭلىسا يۈرەكلەر «جىغ» قىلىپ قالاتتى. باللارنىڭ كۆڭلىدە ماشىنا كۈشۈلداپ ھېلى توختاپ قالارمۇ، ھېلى چاقى يېرىلىپ كېتەرمۇ دېگەن ئەندىشىلەر كېزەتتى. مەيلى قانداق بولسۇن، ماشىنا كەچكە يېقىن مىڭ تەسلىكتە كەڭساي دەپ ئاتىلىدىغان يەرگە كەلدى. كەڭساينىڭ ئىچى ناھايىتى گۈزەل ئىدى. ئۆيدىن يوغان يار تاشلار، قوچاق يەتكۈسىز قورام تاشلار ھەيۋەتلىك چوقچىيىپ تۇراتتى. چاتقاللار ئارىسىنى بويلاپ كۈچلۈك دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان كەڭساي سۈيى مەرۋايىت تامچىلىرىنى چاچرىتىپ شارقىراپ ئاقماقتا ئىدى. ئىككى تەرەپتىكى تاغ باغرىدا بۈككىدە

ئۆسكەن قارىغايلار، تاغ تېرەكلىرى ۋە ئارىلاپ ئۇچراپ قالىدىغان ئاق قېيىنلار، ياۋا ئۆرۈك، ياۋا ئالما دەرەخلىرى كەڭسايىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. يول تار ھەم ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ، دولقۇنلۇق تاغ سۈيى بىر ردەم يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە، بىردەم بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. غول ئىچىگە كىرگەنسىرى ئىككى تەرەپنىڭ مەنزىرىسى گۈزەللىشىپ، بالىلارنىڭ مەيلىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىپ، ھاياجانلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى قوزغاتماقتا ئىدى. ئىككى تەرەپكە تويماي قاراۋاتقان رىزۋانگۈل ئويلىنىپ قالدى: «پاھ - پاھ، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە - ھە!... ئىنسان جاپا - مۇشەققەتتىن قاچمىسىلا، تىرىشىپ - تىرمىشسىلا تاشقى دۇنيادىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىپ، تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. لېكىن، تەييار گۈزەللىكلەردىن قانائەتلىنىپ قالغان ئادەم ھورۇنلۇق، تەييار تاپلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. تەييار گۈزەللىكنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن ئادەم — ئېسىل ئادەم، ھەقىقىي ئادەم، ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى چۈشەنگەن ئادەم بولىدۇ...» ئۇنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرى، كۆرگەن كىنولىرىدىن شۇ نەرسە ئايانكى، بۇ يەردە ئورۇس يېرىدىكى گۈزەللىكلەرمۇ، كېيىنكى چاغلاردا بەرپا قىلىنغان گۈزەللىكلەرمۇ بار. بۇ گۈزەللىكلەر ئېھتىمال ئەمگەكنىڭ سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك.

ماشىنا توختىدى. بۇ يەردە ئاشخانا، ناۋايخانا، چايخانىلارمۇ بار ئىكەن. بىرقانچە بالا كەڭسايىنىڭ دولقۇنلۇق سۈيىگە نان چىلاپ يېدى، بىرقانچىسى ئاشخانىغا كىرىپ سۇيۇقئاش ئىچتى. بىرقانچە بالا، بولۇپمۇ قىزلار ئوتتۇز تىيىنلىق ياتاقلاردا ياتتى. بۇنى ياتاق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. تاختايدىن ياسالغان بۇگلۇك ئۈستىگە پەقەت بورىلا سېلىنىپ قويۇلغان، خالاس. ھەركىم ئۆز يوتقان - كۆرپىسىنى سېلىپ ياتىدۇ. يەنە بەزى

بالىلار ماشىنىنىڭ بۇ مېڭىشىدا ئۈرۈمچىگە بارغۇچە پۈلىمىز يەتمەي قالىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئايدالادا ئورۇن ـ كۆرپىسىنى سېلىپ ياتتى. ماشىنىدا بىرنەچچە تاغار شېكەر بولغاچقا، شوپۇر كۆزەتچىلىك قىلىپ ماشىنىدا ياتتى. غوجايىنىنىڭ قەيەردە ياتقانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە شوپۇر ئورنىدىن تۇرۇپلا ماشىنىدىكى چاقلاردىن ياخشىراق دەپ قارىغانلىرىنى يەرگە تاشلاپ، ناچارراق دېگەنلەرنى چىقىرىپ، چاقلارنى يەڭگۈشلەشكە تۇتۇش قىلدى. بىرقانچە بالا شوپۇرغا ياردەملىشىشكە باشلىدى. بىر چاغدا غوجايىن پەيدا بولۇپ، شوپۇرنى تىللاپ كەتتى. ماشىنا بۇزۇلسىلا، غوجايىن شوپۇرنى تىللايتتى. بىر كۈنلۈك يولدا مۇنداق ئەھۋال كۆپ يۈز بەردى. مانا ھازىر غوجايىنىنىڭ شوپۇرنى تىللاپ كەتكىنىگە رىزۋانگۈل تاقەت قىلىپ تۇرالماي، غوجايىنغا قاراپ:

— ھەي غوجايىن، شوپۇرنى تىللىغۇچە، ئۆزۈڭنى تىللا، — رىزۋانگۈلنىڭ پۇت ـ قوللىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى، — شوپۇردا نېمە گۇناھ، ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ماشىنىنى سۆرەپ يۈرگەن شوپۇرمۇ ياكى سەنمۇ؟ ھېلىغۇ شوپۇر چاقلارغا ياماق سېلىپ يۈرۈپتۇ. سەن بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟!

غوجايىن بۇ قىزنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمىدى.

رىزۋانگۈل ئۆزى بىلەن بىللە كېتىۋاتقان تۇڭگان بالىغا قاراپ:

— ھەي ئىدرىس، گېپىمنى تايىنلىق بۇ ئۇقمىدى، سىز ئۇقتۇرۇپ قويۇڭە، — دېدى قولىنى جونۇپ.

ئىدرىس غوجايىن بىلەن بىردەم سۆزلەشتى ـ دە، رىزۋانگۈلگە قاراپ:

— سىز بىلمەيسىز، بۇ بەك ھۇرۇن، ماشىنىنى ئوبدانراق تەكشۈر، چاتاق چىقمىغۇدەك بولغاندا ماڭايلى دېسەم، تەكشۈرمەي ھاراق ئىچىپ ئويناپ، يولغا چىقىپتۇ، دەيدۇ، — دېدى.

رىزۋانگۈل:

— ھەي ئىدرىس، مېنىڭ بىرنەچچە ئېغىز گېپىمنى بىر ئېغىز بىلەنلا تۈگەتتىڭىزمۇ؟ — دېگەندە، ئىدرىس:

— رىزۋانگۈل، سىز بىلمەيسىز، ئەگەر سىزنىڭ گېپىڭىزنى قالدۇرماي ئەينەن دەپ بەرسەم، غوجايىن سىزنىمۇ تىللاپ كېتىشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇنىڭغا: «خاپا بولماڭ، ماشىنا كونا ئىكەن، شوپۇرنىڭ نېمە ئامالى بار دەيسىز» دېدىم، — دېدى رىزۋانگۈلنى خۇش بولىدۇ دەپ ئويلاپ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان رىزۋانگۈل خاپا بولۇپ ئىدرىسقا قاراپ، سەنلەپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— ھەي ئىدرىس، گەپنى مەن قىلدىم، سەن دېمىگەندىكىن نېمىدىن قورقاتتىڭ، ئۆلۈمتۈك !

بىرقانچە ئوغۇل بالا بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى ھەم قىزنى كۆرسىتىپ، ماختاش مەنىسىدىكى ئىشارىلەرنى قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالەتلىرىدىن نېمىدېگەن قورقۇمسىز، ۋىجدانلىق قىز بۇ، بىز ئوغۇل بالا تۇرۇپ شۇنچىلىك گەپلەرنى قىلالمىدۇق، دېگەن مەنىلەر چىقىپ تۇراتتى.

ئىدرىس بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ «ياخشى قىلمىغان دەپ بالاغا قالدىممۇ نېمە، بۇ ئىشقا ئارىلاشمىسام بولغۇدەك» دەپ غودۇڭشىغىنىچە نېرى كەتتى.

شوپۇر ئوتتۇرا ياشلىق، ياۋاش، كەم سۆز، قاپىقىنى تۈرۈپلا يۈرىدىغان ئادەم بولۇپ، قانداقتۇر بىر دەردى باردەك قىلاتتى. ئۇ كالىدەك ئىشلەشنىلا بىلىدىغان، ھەرقانچە تىللاپ كەتسىمۇ گەپ ياندۇرۇپمۇ كەتمەيدىغان، ھەتتا بىر كىشىگە تىكىلىپمۇ قارىمايدىغان شۇنداق مۆمىن ئادەم ئىدى. شۇڭا، غوجايىن ئۇنى تىللاۋېرىدىكەن - دە. ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغىنى — شۇنچە تىللاپ - دۆشكەلەپ كەتسىمۇ، ئۇ يا قىزىرىپ، يا كۆكىرىپ كەتمەيدۇ. ئاھانەت ئاڭلاشتىن بۇرۇن قانداق بولسا، ئاھانەت ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ ئۆز پېتىچە تۇرىۋېرىدۇ. قىزىق يېرى، شۇنچە تىللاپ

كەتسمۇ، خۇددى بىرەر يامان گەپ ئاڭلىمىغاندەك ئۆز ئىشىنى قىلىپ يۇرىۋېرىدۇ. بۇ ماڭا گەپ قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئالايىتەن گەپ ئاڭلاپ تۇرمايدۇ. بولمىسا ماشىنا يولغا چىققاندىن بېرى كەم بولغاندا ئۇ ئون نەچچە قېتىم تىل ئاڭلىدى، ماشىنا نەدە بۇزۇلۇپ قالسا، شۇ يەردە ئاڭلىدى.

ماشىنا يەنە يولغا چىقىپ، خۇددى بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك ئاستا مېڭىپ داۋانغا يېقىنلاشقاندا توختىدى. غۇدۇراش يەنە باشلاندى: «ئاپلا، بۇ ئەبگار ماشىنىدىن يەنە چاتاق چىقتى، غوجايىن ماشىنىدىن ئىتتىك چۈشۈپ، كوزۇپىتىكى ئىدرىسقا قاراپ:

— ئالدىمىزدىكى داۋان ناهايىتى خەتەرلىك، ماشىنىدىن چۈشۈپ ماڭمىساڭلار بولمايدۇ، — دېدى چىرايى تاتىرىپ.

شوپۇرنىڭ دېگىنى بويىچە چوڭراق بىرنەچچە بالا قوللىرىغا يوغان تاشلارنى ئېلىپ، ماشىنىنىڭ كەينى چاقىغا ياندىشىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ماشىنا ئۆرلەپ كېتىۋاتقاندا توختاپ قالسا، كەينى چاققا ئىتتىك تاش قويۇش، شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ماشىنىنى خەتەردىن ساقلاپ قېلىش ئىدى. ماشىنا گويا قوڭغۇزدەك ئۆمىلەپ، بىر توختاپ، بىر ئۆمىلەپ ماڭاتتى. قالغان باللار ئۇنىڭغا قارىماي مېڭىپ ماشىنىدىن ئۇزاپ كەتتى. ئۇلار داۋان ئۇستىگە چىققاندا دەسلەپ كۆرگىنى سايرام كۆلى بولدى. ئاسماننىڭ يوغان بىر پارچىسى كۆلگە چۈشۈپ قالغانمۇ ياكى بۇ كۆل ئاسمان تېگىدىكى يەشكىلى بولمايدىغان سىرلىق مۆجىزاتمۇ؟... بۇ ئەتىگەنلىك شەپەق نۇرى كۆل ئۇستىگە چۈشكەن پەيت بولغاچقا، سۇ يۇزى قان رەڭگىدە يېنىك چايقىلاتتى. بەزى باللار سۇغا قىزىقىپ قارىسا، بەزىلىرى ئەندىشىدە قارايتتى.

رىزۋانگۇل يول بويىدىكى يوغان تاشنىڭ ئۇستىگە چىقىپ كۆلگە قاراپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك:

— پاھ - پاھ، بۇ كۆل شۇنچىلىك چوڭ بولغان يەردە دېڭىز قانچىلىك چوڭدۇ؟ ... پاراخوت بىلەن دېڭىزلارنى كېزىپ،

قىتئەلەرنى ئايلىنىپ، دېڭىز ياقىسىغا جايلاشقان ئەللەردىكى كىشىلەرنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى بىر كۆرۈپ كەلسەك — ھە! ... بەلكى ئۇلارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدەك تەرەققىي قىلىپ كەتكەندۇ. بىزچۇ؟ بىز تېخى يىڭنىنىمۇ ياسىيالمايمىز، — دېدى ھاياجانلىنىپ ھەم ئەپسۇسلىنىپ.

ماشىنا چۈشتىن كېيىن ئاران دېگەندە داۋان ئۈستىگە چىقتى. ماشىنىنى سوۋۇتقاندىن كېيىن تاش كۆتۈرگەن باللار ماشىنىغا چىقتى. ماشىنا ماڭدى — دە، كەچكە يېقىن ھارۋىكەشلەر غۇلجىدىن چىقىپ تۆت كۈندە كېلىدىغان يەرگە — سەنتەيگە كېلىپ قونىدىغان بولدى. سەنتەي سايرام كۆلىنىڭ بويىدىكى ئۆتەڭ ئىدى. داۋاندىن چىققۇچە ۋە سايرام كۆلىنىڭ شەرقىي بويىغىچە پىيادە ماڭغان باللار قاتتىق چارچاپ كەتكەنىدى. قورساقتا بىرنېمە يېيىشمۇ خۇشياقماي، ھەممىسى بالدۇرلا يېتىپ قېلىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، ناۋايخانىدىن نانلارنى ئېلىپ كىرىپ مېڭىشقا تەييارلاندى. غوجايىنىنىڭ ياتاقتىن چىقمىغىنى ۋە شوپۇرنىڭ ئالدىرىماي ھەرىكەت قىلغىنىغا قارىغاندا، ماشىنىنىڭ مېڭىشىغا بىر ئاز ۋاقىت باردەك قىلاتتى. ئۇلار يۈزىنى يۇيۇش ئۈچۈن بۇلاق بويىغا كەلدى. بۇلاقنىڭ سۈيى ئاجايىپ سۈزۈك ھەم تىنىق، بۇلاقنىڭ ئاستىدا ئۇرۇقچىدەك، ئۇنىڭدىن سەل چوڭراق ۋە ئۇنىڭدىن كىچىكرەك ئاقۇچ، قىزغۇچ، ھال رەڭ، كۆكۈچ تاشلار بولۇپ، سۇنىڭ ئاستىدا تۇرۇپمۇ پارقىراپ — ۋالىلداپ تۇراتتى. بۇلاقنىڭ سۈيى كۆل سۈيى بىلەن تۇتاش بولسىمۇ، كۆل سۈيىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى (سەنتەيدىكى) ئادەملەر ھەم كېلىپ — كېتىپ تۇرىدىغانلار ئاشۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچەتتى.

— ھەي قىزلار، نېمە قېرى خوتۇنلاردەك ماكچىيىپ ئولتۇرىسىلەر، تۇرۇڭلار، تاش ئېتىپ ئوينايمىز! — دېدى رىزۋانگۇل ئۇلارنى ھەرىكەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ.

ئۇلار كۆل بويىغا كېلىپ كۆلگە ئۇششاق تاشلارنى ئېتىپ ئويناشقا باشلىدى.

— ھەي بالا، — دېدى رىزۋانگۈل كۆلگە تاش ئېتىپ بەش - ئالتە قېتىم سەكرىتىۋاتقان بالىغا قاراپ، — مەن ئاتقان تاش نېمىشقا قاڭقىمايدۇ، سېنىڭ ئەجەب قاڭقىيدىكەنغۇ؟

— ياپىلاق، نېپىز تاشلارنى ئاتسىڭىز قاڭقىيدۇ، سىز دۈگىلەك تاشلارنى ئېتىپسىز - دە، — دېدى ئۇ.

— مەن ياپىلاق، نېپىز تاشلارنىمۇ، دۈگىلەك تاشلارنىمۇ ئاتتىم، قىزىق، بىرىمۇ قاڭقىمىدى.

— مانا مۇنداق، — دېدى ئوغۇل بالا ياپىلاق، نېپىز تاشلارنى كۆلگە ئېتىپ، — ئاتقاندا تاشنى سېپىلىتىپ، يىراقنى كۆزلەپ ئاتسىز، شۇنىڭ بىلەن تاشنىڭ كەينى تەرىپى سۇغا تېگىپ قاڭقىيدۇ.

رىزۋانگۈل ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ياپىلاق، نېپىز تاشلارنى سېپىلىتىپ ئاتقانىدى، تاشلار ئۈچ - تۆت قېتىم قاڭقىپ سۇغا چۆكۈپ كەتتى.

— بىلىۋالدىم، بىلىۋالدىم، — رىزۋانگۈل خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ سەكرەپ كەتتى. ئاڭغىچە ماشىنا ماڭىدىغان بولۇپ سىگنال بەردى.

— ئېتىڭىز نېمە، سىز نەلىك؟ قايسى مەكتەپكە ماڭدىڭىز؟ غۇلجىدا سىزنى كۆرگەندەك قىلمايمەن، — دېدى رىزۋانگۈل كېتىۋېتىپ كۆلۈمسىرىگەن ھالدا.

ئۇ ئوغۇل بالا رىزۋانگۈل سورىغان سوئاللارغا بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى:

— ئېتىم مۇزەپپەر، نىلقىلىقمەن، دارىلمۇئەللىمىنگە ماڭدىم.

— نەچچە كۈندىن بېرى بىر - بىرىمىز بىلەن تونۇشماي ماڭغىنىمىزنى قاراڭ، خۇددى ياۋايى ئادەملەردەك، ئىسمىمنىغۇ بىلىپ بولغانسىز، بىز بىرنەچچە قىز بوغالتىرلىق سىنىپىغا

ئوقۇشقا ماڭدۇق. نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئون بەشكە.

رىزۋانگۈل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىزدىن ئىككى ياش چوڭ ئىكەنمەن، ئەمدى مېنى ھەدە دەڭ، ھاي خالايىق، مەن بىر ياخشى ئىنى تېپىۋالدىم، مېنى تەبرىكلەڭلار، — ئۇ شۇنچىلىك شوخ، تېتىك، جۇشقۇن ئىدى. گەپلىرىدىن، ھەرىكەتلىرىدىن كىشى قىلچىمۇ بىزار بولماي، يېقىنچىلىق ھېس قىلاتتى.

ھەممىسى چىقىپ بولغاندا ماشىنا قوزغالدى. چەتتە ئولتۇرغان ئويچان قىز رىزۋانگۈلدىن سورىدى:

— ئىككىڭلار شۇنچىلىك خۇشالغۇ، نېمە دېيىشتىڭلار؟

— بۇ مەخپىي، باشقىلارغا دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى رىزۋانگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ.

ماشىنا چايقىلىپ، كاتاڭ يەرلەرگە كەلگەندە سىلكىنىپ ماڭماقتا. گەپ - سۆزلەر بېسىقىپ، ئېغىر جىمجىتلىق باشلاندى. ماشىنىدىن بىر يۈز ئەللىك - ئىككى يۈز مېتىر يىراقلىقتا جەرەنلەر توپ - توپ بولۇپ يۈرەتتى. ماشىنا بەزىدە كاتاڭلارغا چۈشۈپ چىرقىراپ قالسا، جەرەنلەر قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ، ماشىنا كېتىۋاتقان تەرەپكە ئەنسىزلىك قاپلىغان كۆزلىرى بىلەن قارايتتى. ماشىنىدا مۈگدەپ قالغانلاردىن باشقىلار جەرەنلەرنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. ماشىنا كۆز يەتكۈسىز ئېدىرلىقلاردا كېتىۋاتاتتى. بۇ ئېدىرلىقلاردا جەرەن كۆپ ئىدى. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ماشىنىلار كېچىلىرى چىرىغىنى ياندۇرۇپ مېڭىپ قالسا، جەرەنلەر يورۇققا — ماشىنىنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالىدىكەن. جەرەنلەرنى چوماق بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋالغانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇياق ئويمان بولغاچقا، ماشىنا يېنىك گۈرۈلدەپ ماڭماقتا. بەزىلەر ئۇخلاپ، بەزىلەر مۈگدەپ قالغان، ئۇخلىمىغانلارمۇ گەپتىن قالغان بولۇپ، كۆزلىرىنى غۇۋا ئېچىپ

نەلەرگىدۇر قاراپ ئولتۇراتتى. رىزۋانگۈلنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ توپ - توپ بولۇپ يۈرگەن جەرەنلەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بايقاپ، بەزىدە كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا جەرەنلەردىن يىراق يەردە پەيدا بولغان تۈلكىگە چۈشۈپ قالدى. تۈلكە جەرەنلەرگە ئېتىلارمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلالمايدۇ. قويچىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، تۈلكە قوينىڭ بىرنەچچە كۈنلۈك بولغان قوزىسىنى يەپ كېتەلەيدىكەن، پەقەت توخۇ، توشقان، ئۆردەك، كەپتەرلەرگىلا ھۇجۇم قىلالايدىكەن. ئۇ ئاسماندا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۈركۈتنى كۆرۈپ قالدىمۇ (ئۇ تۈلكىنىڭ ئۈستىدە ئەگىپ يۈرەتتى)، يۈگۈرگەن پېتى جىرانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. «ھە، بۈركۈتتىن تۈلكىمۇ قورقىدىكەن - دە» دەپ ئويلىدى رىزۋانگۈل. ماشىنىنىڭ ئالدىدىن بىر توشقان ئىتتىك يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. «توشقان بىرنەرسىدىن قورقۇپ قاچمىغان بولسا، ئۇ بىچارە ماشىنىنىڭ ئالدىدىن ئۇنداق توغرىسىغا ئۆتمىگەن بولار ئىدى» دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە.

رىزۋانگۈل ماشىنىدىكى بۇ جىمجىتلىقتا قاراپ ئىچى پۇشتىمۇ:

— بۇرادەرلەر، تېتىكرەك ئولتۇرساڭلارچۇ، ئاخشام ئۇخلىمىغاندەك ئېزىلىپلا كەتتىڭلارغۇ؟ قاراڭلار ئاۋۇ بۈركۈتنى، كىم ئۇخلىسا شۇنىڭغا چاڭ سالىمەن، دەپ بىزنىڭ ماشىنىنىڭ ئۈستىدىن ئەگىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار! — دېدى ھەممىسىنى ئويغىتىۋەتمەكچى بولۇپ. بۇ ئاۋازدىن ھەممىسى — مۈگدىگەنلەرمۇ، ئۇخلىغانلارمۇ ئويغىنىپ كەتتى.

— يولدا سىلەرگە سوئال بەرمەكچى بولغان، مانا ئەمدى سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىڭلار. سوئالنى باشلىدىم، ھە، بىرىنچى، نېمە ئۈچۈن دەرەخلەر، ئوت - چۆپلەر ھەم يېشىل، ھەم ھەر خىل رەڭدە بولىدۇ؟ ئىككىنچى، نېمە ئۈچۈن گۈللەر رەڭمۇرەڭ ئېچىلىدۇ ھەم بەزىلىرىدە تىكەن بولىدۇ؟ ئۈچىنچى،

كېپىنەكنىڭ قانىتى نېمە ئۈچۈن ھەر خىل رەڭدە بوياپ قويغاندەك چىرايلىق بولىدۇ؟ تۆتىنچى، نېمە ئۈچۈن كۈننىڭ ئىسسىق نۇرى ھەممىدىن ئاۋۋال تاغقا چۈشىدۇ، تاغدىكى قارلار ئېرىمەي، تۆۋەندىكى قارلار بۇرۇن ئېرىپ كېتىدۇ؟

رىزۋانگۈلنىڭ بۇ سوئاللىرى خېلىلا باش قاتۇرىدىغان سوئاللار بولۇپ، ھەركىمگە ھەرنېمە دېگۈزۈپ، ئابايىقى جىمجىتلىق قاينام - تاشقىنلىققا ئايلىنىپ، تېتىك، جۇشقۇن كەيپىيات بارلىققا كەلدى.

ماشىنا جىلغا ناھىيەسىگە يېقىنلاپ قالغاندا يەنە بۇزۇلدى. بۇ قېتىم كامىر ئېتىلىپ كەتكەنىدى، ئۇ پۈتكۈچە خېلى ۋاقىت كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇ بار يەرگە يۈگۈردى، ھەتتا غوجايىن ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق خوتۇنىمۇ يۈگۈردى. پەقەت رىزۋانگۈللا ئارقىسىغا قاراپ توختىدى ۋە: «شوپۇر يالغۇز قالدى - ھە ...» دەپ ئىچ ئاغرىتتى.

قىزلار رىزۋانگۈلنىڭ زورلىشى ۋە تەكلىپى بىلەن بەسلىشىپ تاش ئېتىپ ئوينىدى. رىزۋانگۈل بۈگۈنلا ئەمەس، مەشىگە كەلگۈچە قەيەردە ماشىنا بۇزۇلسا، شۇ يەردە ماشىنىدىن چۈشۈپلا تاش ئېتىپ، تاش چەنلەپ كەلگەنىدى. باشقىلار ماشىنىنى ئۇزاق ساقلاپ زېرىكىپ كەتكەندىمۇ، رىزۋانگۈل زېرىكمەي، تاش ئېتىش، چەنلەش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇ تاشنى غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ، ئوغۇللاردەك كۈچەپ ئېتىپ ھەم نىشانغا تەگكۈزۈپ، قىزلار ئىچىدە ھېچكىمنى ئالدىغا ئۆتكۈزمەي بىرىنچى بولدى. ئوغۇللار بىلەنمۇ تاش ئېتىشتى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمىدى. ئۇ تىنىم تاپمايتتى، جىم تۇرۇشنى خالىمايتتى. قىز - ئوغۇللار بىرلىشىپ ئويۇن ئوينىسا، ئۇ شۇ يەردە ھازىر بولاتتى. ئۇ چېلىشىپ ئىككى ئوغۇل بالىنى يىقىتىۋەتكەنىدى. قىزلار يېقىن يولىمايدىغان ئىشلارغا ئۇ ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتى. بىرىنچىلىكنى ئېلىپ بولدۇم، ھېچكىم ماڭا يېتەلمىدى، بولدى قىلاي دېمەيتتى.

بىردەم ئۆياقتا، بىردەم بۇياقتا خۇددى بىرى بىلەن چېپىشىۋاتقاندەك يۈگۈرۈيتتى. بىر يەرگە يوغانراق تاش ياكى بوتۇلكىنى قويۇپ، نېرىراق تۇرۇۋېلىپ ئۇنى چەنلەيتتى. ئۇن قېتىم ئاتسا تەگسە، ئون بىرىنچى، ئون ئىككىنچى قېتىم ئېتىپ تەگكۈزمىگۈچە بولدى قىلمايتتى. ئېگىز يەرلەرگە چىقىۋېلىپ خۇددى رازۋېدكىچىلاردەك ئەتراپىغا زەن سېلىپ قاراپ كېتەتتى. قىزلاردىن بىرەرسىمۇ ئۆتەلمىگەن ئۆستەڭدىن بىخۇدۇك ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئۆلەرمەن ماشىنا «ماڭىدۇ ــ ماڭىدۇ، قىردىن ئاشالمايدۇ» دېگەندەك، ئاخىر يولغا چىقىپ ئۇن نەچچە كۈن بولغاندا سانجىغا كەلدى، بىراق كېلىپلا بۇزۇلدى. ئۈرۈمچىگە بارى ــ يوقى قىرىق كىلومېتىر قالغان يەردە ماشىنىنىڭ يەنە بۇزۇلۇشى ھەممىگە ئەلەم قىلماقتا ئىدى. ئەتىسى يىقىلغانتاشقا كەلگەندە يەنە بۇزۇلۇپ، بىر قونۇشقا توغرا كەلدى. باللار ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئىدرىس بىلىسىمۇ (ئۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، يازلىق تەتىلدە غۇلجىغا بارغانىدى)، «بىز بارىدىغان يەرگە يەنە ئون نەچچە كىلومېتىر يول بار» دېگەچكە قونۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەتىسى شوپۇر ماشىنىنى تۈزەپ بولۇپ (غوجايىن خوتۇنىنى ئېلىپ، خادىك ھارۋىدا شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى)، باللار ئىچىدىكى ھاشى ئىسرائىل، ئابلىكىم ئىسراپىل، ئىدرىسلارنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

ــ سىلەر يول بويى ماڭا ياردەملىشىپ كۆپ جاپا تارتتىڭلار، سىلەرگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ئاراڭلاردىكى رىزۋانگۈل دېگەن قىز ناھايىتى ۋىجدانلىق، قورقۇمسىز قىز ئىكەن. كەڭسايدا غوجايىنغا: «شوپۇردا نېمە گۇناھ، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ماشىنىنى سۆرەپ يۈرگەن گۇناھ سەندە، شۇنىمۇ ماشىنام بار دەپ يۈردۈڭمۇ؟» دەپ ۋارقىراپ ئۇنى ئوسال قىلدى. قۇمبۇلاقتا ماشىنا قۇمغا پېتىپ قالغاندا،

هەممىڭلار تاش، شاخ ـ شۇمبىلارنى تېرىپ كەلدىڭلار. غوجايىن غەم يېمەي كابىنكىدا ئولتۇرغاندا، رىزۋانگۈل غەزەپلىنىپ: «بىز سېنىڭ مالىيىڭمۇ، سەن غۇلجىدىن ئون بەش نەپەر مالاي ئەكەلگەندەك غەم تارتماي ئولتۇرىسەنغۇ، چۈش ماشىنىدىن، سەنمۇ بىزگە ئوخشاش تاش تېرىپ كەل، شاخ ـ شۇمبىلارنى ئەكەل!» دەپ ئۇنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ تاش، شاخ ـ شۇمبا تېرىپ كەلدى. يۈرىكى قاپلانىڭكىدەك بار ئىكەن ئۇ قىزنىڭ. بولمىسا كىم ئۇنىڭغا شۇنداق ئېغىر گەپلەرنى قىلالايدۇ. ئەتىۋارلىق ئورۇس خوتۇنىمۇ غوجايىنغا ئۇنداق گەپلەرنى قىلالمايدۇ. مەن شۇ چاغدا ئۇ قىزنىڭ گەپلىرىدىن، قورقۇمسىزلىقىدىن تەسىرلىنىپ تاس قالدىم يىغلىۋەتكىلى ...

شۇنداق قىلىپ، ئوقۇشقا ماڭغان بالىلار 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىگە چۈش مەزگىلىدە كىرىپ كەلدى.

## 8

بۈگۈن رىزۋانگۈلنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگە ئىككى كۈن بولدى. ئۇ بوغالتىرلىق سىنىپىغا كەلگەن. غۇلجىدىكى ۋاقتىدىلا بوغالتىرلىق سىنىپىنىڭ ئۈرۈمچى قىزلار مەكتىپىدە ئىكەنلىكىنى، دوستى رىزۋان ناسىرنىڭمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىنى، بۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئۈچ سىنىپنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان. بۇ سىنىپلارغا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ھۆسەيىن ناسىروف، زەينىدىن سالىيوف، ئېرىكچى ۋە ۋەلىيوف دېگەن جامائەت ئىچىدە نامى بار بىلىملىك ئادەملەرنىڭ دەرس ئۆتىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغان رىزۋانگۈلنىڭ ئەسلى مەقسىتى بوغالتىرلىق سىنىپىدىن ئوتتۇرا سىنىپقا يۆتكىلىۋېلىش ئىدى. ھازىرغۇ ئۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى،

مەكتەپ مۇئەللىملىرى بىلەنمۇ تېخى تونۇشۇپ كەتمىدى. مۇئەللىملەر بىلەن ئوبدانراق تونۇشۇپ قالسا مەقسىتىنى ئۇلارغا ئېيتماقچى.

رىزۋانگۈل ئۈرۈمچىگە ئۆزىدىن بۇرۇنراق كەلگەن دوستى رىزۋان ناسىر بىلەن كېلىپلا كۆرۈشكەن. مەكتەپتە ئېرىق ياقىسىدا ئولتۇرۇپ ئىككى سائەتچە ئاتا - ئانىلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار ھەققىدە، ئىككى شەھەردىكى تەنتەربىيە ئىشلىرى ھەققىدە پاراڭلاشقان.

رىزۋانگۈل ئۈرۈمچىگە كېلىپلا ئەتىسى كۆرمىگەن، ئەمما نامىنى كۆپ ئاڭلىغان بۇ شەھەرنى كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە كوچىغا چىقتى. بۈگۈن ھاۋا قاپىقى تۈرۈلگەن ئادەمدەك تۇتۇق ھەم سۈرلۈك. كوچىدا ئادەملەر كۆپ بولۇپ، ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارىدەك، بىر - بىرى بىلەن كارى يوقتەك قىلاتتى، چىرايلار خۇنۇك، يۈزلەردە، پىلدىرلىغان كۆزلەردە قانداقتۇر بىلىپ بولماس ئەندىشە ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ غۇلجىدىكى چاغلىرىنى ئەسلىدى: ئۇ يەردىكى ئادەملەردە، چىرايلاردا خۇشخۇيلۇق، كۆڭۈل ئازادىلىكى پارلاپ تۇراتتى. ئۈرۈمچىدىكى ئادەملەردە ئۇنداق ھالەتلەرنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭغا ئۈرۈمچى ئۆزىنى سوغۇق نەزەر بىلەن قارشى ئالغاندەك تۇيۇلدى. «نېمىشقا ئۈرۈمچىدىكىلەر سۆرۈن، غەمكىن كۆرۈنىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلاشقا باشلىدى قىز ئۆزىنى قانداقتۇر بىرنەرسىدىن قورۇنۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، — مەركىزىي شەھەردە ئادەملەر خۇددى غۇلجىدىكى ئورۇس، تاتارلاردەك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىدۇ، بويىنىغا گالىستۇك تاقايدۇ، بېشىغا شلەپە كىيىدۇ، پۇتىدىكى شىبلىتلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ، بىر - بىرى بىلەن قىزغىن سالاملىشىدۇ، گەپلىشىدۇ، تېتىك، روھى ئۈستۈن يۈرىدۇ، دەپ ئويلىغان. زىيالىيلار كۆپرەك بۇ شەھەردە كىشىلەرنىڭ كىيىنىشىغۇ شۇنداق ئىكەن، ئەمما چىرايلىرى ئۇنداق خۇشخۇي، ئوچۇق ئەمەس، شەھەردە قانداقتۇر

ۋەھىمە كېزىپ يۈرگەندەك قىلىدۇ. توغرا، غۇلجىدىمۇ كۆز كىرگەندىن بۇيان شېڭ دۇبەن ئۆزگىرىپتۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىسى ئۇزۇلگەن ئوخشايدۇ، دېگەن مىش - مىش گەپ چىققانىدى. بۇ يەردە تېخىمۇ شۇنداق گەپلەرنى ئىسپاتلايدىغان روھىي ھالەتلەر مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرىدۇ. قاتتىقراق گەپ قىلغان بىرەر ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدىكەن...» دېمىسىمۇ، ئىشارىلىك بېقىشلار، سىرلىق پىچىرلىشىشلار، بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن ئەتراپىغا ۋەھىملىك قاراشلار كۆزلەرگە چېلىقىپ قالاتتى. بۇنداق ھالەتلەرنى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىغىچە زەن قويغان ئادەملەرلا بىلەلەيتتى.

1942 - يىلى كۈز پەسلى ئەنە شۇنداق ۋەھىمە، ئەندىشە ئىچىدە قالدى. كىشىلەرنىڭ قورقۇنچتا قالغانلىقى يالغان ئەمەس. كۆپچىلىككە مەلۇم بولدىكى، شېڭ دۇبەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلغان، مانا ئەمدى ئۇ سۈزۈك ئاسماندا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولغاندەك بىردىنلا ئۆزگىرىپ، ئۇلارنى قوغلاۋاتىدۇ؛ يەنئەندىن كوممۇنىستلار ھەم مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىلىملىك ئادەملەرنىمۇ شىنجاڭدا ئىشلەشكە، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە تەكلىپ قىلغان، ئەمدى ئۇلارنىمۇ كېتىشكە مەجبۇرلاۋاتىدۇ. تېخىمۇ يامىنى ئۇلار بىلەن باردى - كەلدى قىلغان، ئۇلارنى ياقلاپ ئەتىۋارلىغان كىشىلەرنى تۇتۇۋاتىدۇ. تۇتۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ماختاپ قويغان، ھۆرمەتلىگەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئىسكەنجىگە ئېلىۋاتىدۇ. بۇ نېمە ئىش، نېمە قىلىق؟ ... تۈنۈگۈنلا ھۆكۈمەت ئۆزى ئۇلارنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن، كىتاب - ژۇرناللىرىنى يول ئېچىپ كىرگۈزگەن ۋە ئۇلارنى كەڭ ئاممىغا ئۆزلىرى سېتىپ بەرگەن، ئۇلارنى ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ھەققىدە چاقىرىقلارنى چىقارغان، ھەتتا ئاممىنى سوۋېت كومپارتىيەسىنىڭ تارىخىنى قەرەللىك

ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرغان. ئەمدى ئۇلارنى ئوقۇغان، ئۆگەنگەن، شۇلار توغرىسىدا تەسىرات سۆزلىگەن ۋە ماقالە يازغان كىشىلەرنى نېمىشقا ئوقۇدۇڭ، نېمىشقا ئۇلارنى ئۆگەندىڭ، ئۇلاردىكى ئىدىيەلەرنى نېمىشقا قوبۇل قىلدىڭ، دەپ ھۆكۈمەت ئۆزى قىلغان ئىشلارنى (بۇنى بىرەر كىشى تەلەپ قىلمىغان ياكى ئۆزلىرى ئەكىرمىگەن، ئەكىرىشىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسقۇ) شەخسلەرگە دۆڭگەپ، ئۇلارنى قۇربانلىق قىلسا بولامدۇ؟ ! ھەقىقەت قېنى؟ ھەقىقەتنى بىرنەچچە ئادەم بىرلىشىپلا كۆمۈۋېتىش مۇمكىنمۇ؟ ! ئادەملەر قاتتىق قايغۇدا قالدى، كۈنلىرىنىڭ قانداق ئۆتۈشىنى ھېچ كىشى بىلمەس ئىدى. 1942 ـ يىلى قىش كىرىشى بىلەن ئەنسىزلىك كۈچىيىشكە باشلىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ھەربىر كۈننىڭ كېچىسى تېخىمۇ ئەنسىزلىككە پاتتى. كېچىدە بىرەر ماشىنىنىڭ گۈركىرىشى ئاڭلىنىپ قالسا، ھەممە كىشى تۇتۇش نۆۋىتى كىمگە كەلگەندۇ، ماڭا كەلگەنمىدۇ، دەپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئادەم ئوغرىلىرى كېچىدە ئادەم تۇتاتتى. ئاخشىمى قايغۇ ـ ئەندىشىلىك ئوي ـ خىياللىرىنىڭ باش ـ ئۇچىغا چىقالمىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قايسى چاغلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلەلمەيتتى ـ دە، ئەتىسى ئويغىنىپلا: «خۇداغا شۈكۈر، ئادەم ئوغرىلىرىنىڭ قەدىمى تېخى قېشىمىغا يەتمەپتۇ...» دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى.

كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئالامەتلەرگە قاراپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان رىزۋانگۈل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىتابلىرى بار دەپ گۇمان قىلىنغان ئۆيلەرنى، ياتاقلارنى ئاختۇرۇۋاتقانلارغا ئاچچىقى بىلەن:

— ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە كىتابلىرىدا سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم يولىغا مېڭىش دېگەن سۆزلەر يوق تۇرسا، ئۇلارنى نېمىشقا كۆيدۈرىسىلەر؟! بىز ئەمدى نېمە ئوقۇيمىز؟ — دېدى كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— غەم قىلماڭ، ئوقۇيدىغاننى بىز تېپىپ بېرىمىز، — دېدى ئۇلار رىزۋانگۈلنىڭ باش - ئايىغىغا سىنچىلاپ قاراپ.
— سىلەر تېپىپ بەرگۈچە بىز نېمە ئوقۇيمىز؟
— ئىشىمىزغا ئارىلاشماڭ، — دېدى بىرى رىزۋانگۈلگە گۈلىيىپ.
قانداقتۇر بىرەر پالاكەتنىڭ يۈز بېرىشىنى پەملىگەندەك دوستى سالامەت رىزۋانگۈلنى نوقۇدى - دە، سىرتقا ئاچىقىپ كەتتى. تېخى تۈنۈگۈنلا بىرنەچچە ئوقۇغۇچى بار يەردە رىزۋانگۈل: «يەر شارى تەتۈر چۆرگىلىمەيدۇ، تۈن ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، ھامان كۈن چىقىدۇ» دېگەندە، دوستلىرى ئۇنى چەتكە تارتىپ: «گەپ - سۆزۈڭگە دىققەت قىل، رىزۋانگۈل، مەكتەپتە ئىشپىيونلار كۆپ، ھەتتا ئاشپەزلەر ئىچىدىمۇ ئىشپىيونلار بار ئىكەن» دېگەن. ئۇ: «ماقۇل، دىققەت قىلاي» دېگەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۈگۈن كىتاب يىغىپ كۆيدۈرگۈچىلەر بىلەن گەپ تەگىشىۋاتقىنىنى يۈنىڭ، تېماندىق گەپ ئاڭلىمايدىغاندۇ - ھە؟ ...
— نېماندىق گەپ ئاڭلىمايسەن، رىزۋانگۈل؟ تۈنۈگۈن شۇنچە گەپ قىلساق، قېتىڭغىمۇ ئالماي، بۈگۈن ئۇلار بىلەن ئېيتىشىۋاتىسەنغۇ؟!
— راست ئەمەسمۇ، تەبىئىي پەن كىتابلىرىدا دۇنيانىڭ ماددىي تۈزۈلۈشىگە دائىر بىلىملەر بار تۇرسا، ئىجتىمائىي پەن بولسىكەن، سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىدۇ، دېسە، — دېدى رىزۋانگۈل كىتاب كۆيدۈرگۈچىلەرنى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە.
— شۇنچە نەسىھەت قىلساق، يەنە تەتۈرلۈك قىلىۋاتىسەنغۇ؟ ئوقۇشىمىز توختىغىلى بىر يىل بولدى، ساق - سالامەت بېرىپ ئاتا - ئاناڭنى كۆرگۈڭ بارمۇ يا تۈرمىگە كىرەي دەمسەن؟
— تۈرمە؟ ... تۈرمىگە كىرسەم كىرەرمەن، ھەق گەپ قىلىپ تۈرمىگە كىرگەنلەر ئازمۇ؟

— ئىنقىلابچى بولاي دەپسەن ـ دە؟

— ئىنقىلابچى بولۇش يامان ئىشمىدى، بولالىغان ئادەم بولىدۇ.

— بىلىپ قوي، لېنىن: «ئىنقىلابچى ئۆزىنى ساقلاشنى بىلىشى كېرەك» دېگەن، جۇمۇ. دۈشمەنگە ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ تۇتۇپ بېرەي دەۋېتىپسەن ـ دە، ئەخمەق.

سالامەتنىڭ گېپى تەسىر قىلدىمۇ ياكى غۇلجىدىكى ئاتا ـ ئانىسى كۆز ئالدىغا كەلدىمۇ، رىزۋانگۈل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يېنىك ئۇرۇۋاتقان شامال كۈچىيىپ، ئۇلارنىڭ يۈزىنى چىمىلدىتىپ قىزارتىۋەتتى. رىزۋانگۈلنىڭ قوي كۆزلىرى يېنىپ، قارا قاشلىرى تىكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن ھەسرەت ـ غەزەپلىرى تۈرۈلۈپ ـ تۈرۈلۈپ كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك، ھەربىر تىنسا ئاھلىرى يالقۇنلاپ چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. پۈتۈن بەدىنىنىڭ، قوللىرىنىڭ، ھەتتا لەۋلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

سالامەت پۈتلىرىنىڭ مۇزلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— يۈرە، ياتاققا كىرىپ كېتەيلى، ئۇلارمۇ چىقىپ كەتتىغۇ، — دېدى ئالدىراپ.

سالامەت قەدەملىرىنى چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ ماڭدى. رىزۋانگۈل ئاستا قەدەم ئېلىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

## 9

رىزۋانگۈل ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بوغالتىرلىق سىنىپىدىن تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا يۆتكىلىۋېلىشنى غۇلجىدىكى چېغىدىلا كۆڭلىگە پۈككەن. كېلىپلا سۈرۈشتۈرۈپ، بىرىنچى، ئىككىنچى يىللىقلارنىڭ دەرسلىرى غۇلجا ئۈمىد مەكتىپىدىكىدىن كېيىن

قالغانلىقىنى، يەنى ئۇ يىللىقلارنىڭ دەرسلىرىنىڭ ئۇ يەردە ئۆتۈ-
لۈپ بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۈچىنچى يىللىققا ئالماشسا باب
كېلىدىغانلىقىنى بەزى مۇئەللىملەرگە ئېيتقانىدى. رىزۋانگۈلنىڭ
پىكرىگە قوشۇلغان ئوتتۇرا بويلۇق، ئورۇق مۇئەللىم بۇ گەپنى
كۆڭلى يېقىن خەنزۇ مۇئەللىمگە ئېيتتى. ئۇمۇ قوشۇلدى.
ئىككىسى بىر بولۇپ بۇ ئىشنى مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرىغا
يەتكۈزدى. ئىلمىي مۇدىر: «ئىمتىھاندىن ئۆتسە ئۈچىنچى يىللىق-
قا قوبۇل قىلىنسا بولىدۇ» دېدى. بىراق، ھازىرقى «تۈت -
تۈت»تىن ئۇلار ئامان قالمىدى. خەنزۇ مۇئەللىم بىر كېچىدىلا
غايىب بولدى. ئوتتۇرا بويلۇق، ئورۇق ئۇيغۇر مۇئەللىم نەزەربەند
قىلىندى. بۇ ئەھۋاللارنى، جەمئىيەتتىكى بولۇۋاتقان ئىشلارنى
نەزەرگە ئالغان رىزۋانگۈل سىنىپ ئالمىشىپ ئوقۇشتىن ۋاز
كەچتى. شۇڭا، ئۇ ئۆيىگە يازغان خېتىدە ئۈرۈمچىدە داۋاملىق
ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى، بوغالتىرلىق ئوقۇشىنى تۈگىتىپلا
غۇلجىغا قايتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبلى-
رىنى ئەزۋەيلەپ تىلغا ئالمىدى. چۈنكى، ئۇ ھازىر خەت -
چەكلەرنىڭ تەكشۈرۈلىدىغانلىقىنى پوچتىخانا خادىملىرىدىن
ئاڭلىغانىدى.

1942 - يىلى ئاخىرلىشىپ، 1943 - يىلمۇ كىرىپ كەلدى.
بۇ يىل ئالدىنقى يىللارغا قارىغاندا سوغۇق بولدى. ئۈرۈمچىدە
ئۇياق - بۇياقتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر، غېرىب - غۇرۋالار،
مۇساپىر - مەدىكارلار كۆپ ئىدى. ئۇلار كېچىسى ئاشخانا
ئوچاقلىرى، تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىنىڭ ئوچاقلىرى، ناۋايخانا
تونۇرلىرىنى تالىشىپ جېدەللىشەتتى. رىزۋانگۈل دوستى رىزۋان
ناسىرنىڭ ئۆيىدىن قايتقان كۈنى كەچتە مۇنداق جېدەللەرنى
كۆرۈپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ قاتتىق قايغۇرغانىدى ۋە شۇ كۈنى
كېچىدە ئۇخلىماي، ئۇلارغا قانداق ياردەم قىلىشنى ئويلاپ
چىققانىدى. «ھەممىمىز ئادەمغۇ، بىز قورساقنىڭ، ئىسسىق
ئۆينىڭ غېمىنى قىلماي ياشاۋاتىمىز. ئۇلارچۇ؟ كوچىلاردىكى

ئوچاق ئالدىنى تالىشىپ، بىر پارچە نانغا زار بولۇپ، ئىسسىق ئۆيگە ئىگە بولۇشنىڭ تەشنالىقىدا ياشاۋاتىدۇ، — دەپ تولغاندى ئۇ يېرىم كېچىدە، — ئۇلارنى كىم ئويلايدۇ، كىم ئېسىگە ئالىدۇ؟ قېلىن كىيىملەر ئىچىدە بېلىگە تاپانچا ئېسىپ يۈرگەن سۇرلۇك ھەربىيلەرمۇ؟ قات - قات كىيىملەر، ئەستىرىگە تۈلكىنىڭ، بۆرىنىڭ تېرىلىرى ئېلىنغان چاپانلار ئىچىدە يۈرگەن، ئاغزىدا پۇقرالار ئۇچۇن ئىشلەيمىز، دەپ ئەمەلىيەتتە ئاشۇ پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ؟ كىيىمى پۈتۈن، يېمەك - ئىچمىكى تولۇق، كۆپ يەۋېتىپ سېسىق كېكىرىپ يۈرگەن بايلارمۇ؟ ياق، ياق، ئۇلار ھەرگىز ئويلىمايدۇ، تېخى ئۇلارنى كۆرسە، مەينەت، پاسكىنا دەپ قاچىدۇ. ئۇلارنى يەنىلا ئۇلاردىن ئازراقلا پەرقلىنىدىغان گاداي - نامراتلار ئويلايدۇ. ئويلايدىكەنغۇ، ئېسىگە ئالىدىكەنغۇ، قايسى كۈنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈمغۇ، كىيىم - كېچەكلىرىگە قارىغاندا، ئۇلاردىن سەللا ياخشىراق بىر ئادەم بىر تاۋاق پولۇ ئاچىقىپ بەردى. ئۇلار بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ چايىنماي يۇتۇپ، بىر تاۋاق پولۇنى بىردەمدىلا پاك - پاكىز يەۋەتتى. ھەقىقىي بىچارىلەر نەق ئاشۇلار. ھۆكۈمەتمۇ، پۇقرامۇ ئۇلارنى ئويلىشى كېرەك. كىمنىڭ قولىدىن قانچىلىك كەلسە، شۇنچىلىك قىلىشى كېرەك. ئۇلارمۇ بىزنىڭ قېرىنداشىمىز، زامانداشىمىز، ۋەتەنداشىمىز ئەمەسمۇ ...»

ئەتىسى كۆز باغلانغان چاغدا رىزۋانگۈل بىر دوستىنى ئېلىپ كوچىغا چىقتى. ئۇچىنچى ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ، سوغۇقنىڭ خېلىلا جېنى بار، كەچ كىرگەنسېرى سوغۇق تېخىمۇ ئەدىدى. كوچىدا ئادەملەر شالاڭ، بىراق دۇگدىيىپ يۈرگەنلەر كۆپ. ئۇرۇمچىلىكلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يىلدا ئۇچىنچى ئايدا يوللاردىكى قار - مۇزلار ئېرىپ پاتقاقچىلىق بولىدىكەن. بۇ يىل نېمە بولغاندۇ، تېخىچە توڭ ئېرىمىگەندى.

— مېڭىۋاتىمىز، مېڭىۋاتىمىز، مېنى نەگە ئاپىرىسەن بۇ

سوغۇقتا؟ — دېدى دوستى مېڭىشتىن توختاپ.
— بارغاندا بىلىسەن، ماڭە.
— يەنە قانچىلىك ماڭىمىز؟
— ئاز قالدى، بەش مىنۇتتىلا يېتىپ بارىمىز.

ھەش - پەش دېگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. رىزۋانگۈلنىڭ دوستى سەل قورقۇپ قالدى. كوچىدا ئۇچراشقان ئادەملەر تېخى يېقىن كەلمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، سەپسېلىپ قارايتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ قورقىنىدىن تىترەپ كېتەتتى. سوغۇق ئەدىمەكتە، ئۇشقىرتىپ كەلگەن ئاچچىق شامال يۈزلەرگە يىڭنىدەك سانجىلماقتا. ئادەملەر ئىسسىق ئۆيلەرگە ئالدىراپ چاپماقتا، ھەر كاللىدا ھەر خىيال، ھەركىم ئۆز ئازابىنى ئۆزى بىلىدۇ.

— مانا كەلدۇق، — دېدى رىزۋانگۈل يانمۇيان قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ. كەچ كىرىشى بىلەن ئاشپۇزۇللار تاقالغان، لېكىن ئوچاقلىرىنىڭ ئىسسىقى تارقالمىغان. بۇ يەردە كىيىملىرى جۇل - جۇل، يۈزلىرى مەينەت بىرمۇنچە ئادەم بىر - بىرى بىلەن ئوچاق ئالدىنى تالىشىپ جېدەللىشىمەكتە ئىدى.
— بولدى تالاشماڭلار، مەيەرگە كېلىڭلار ...

ئوچاق ئالدىدىكى كۆلگە مىلەنگەن، كۆزلىرى پارقىراپ قالغان ئادەملەر بىرگە باشپاناھ بولىدىغانغا خېنىملار كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ پىچىرلىشىپ ئىككى قىزنىڭ ئالدىغا دۈررىدە كېلىشتى.

— ئۇبدان تۇردۇڭلارمۇ، ئاكىلار؟ — دېدى رىزۋانگۈل ئۇلارغا ئىللىق تۇستە قاراپ، — دەڭگە كىرىپ ياتساڭلار بولمامدۇ؟ بۇ يەردە توڭلاپ قالماڭلار يەنە.
— خېنىم، دەڭجا بىزنى ياتقۇزمايدۇ، بولمىسىغۇ ياتقۇمىز بار دەڭدە. ياتقانغا پۇل ئالىدۇ، پۇل، پۇل، پۇل بولمىسا قانداق ياتىمىز؟

— ئۆيلىرى ئىسسىقمۇ؟
— ئىسسىقلىقىغۇ ئىسسىق، بىراق يوتقان - كۆرپە يوق، بورا سېلىپ قويغان قۇرۇق ئۆيلەر، پۇل بولسىغۇ ئۇمۇ مەيلىدى.
— قانچە پۇل ئالىدۇ؟
— بىر كېچىلىككە بىر كويچەن (بىر تەڭگە) ئالىدۇ.
— مەن پۇل بېرەي، دەڭگە كىرىپ يېتىڭلار، بىر - بىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار، ئەگەر ئۇرۇشقۇڭلار كەلسە، سىلەرگە ئىش تېپىپ بەرمىگەن، كۆڭۈل بۆلمىگەن ھۆكۈمەت ئادەملىرى بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.
مۇساپىر ئىشلەمچىلەر رىزۋانگۈلنىڭ كېيىنكى گەپلىرىگە ئېرەنمۇ قىلمىدى، «مەن پۇل بېرەي» دېگەن گېپىنىلا ئويلاپ خۇشال بولۇۋاتاتتى.
— يائاللا خېنىم، ئاسماندىن چۈشتىلىمۇ يا مۇشۇ زېمىندا بارمىدىلە ؟...
رىزۋانگۈل ھەربىر ئىشلەمچىگە ئۈچ تەڭگىدىن پۇل بەردى. ئۇلار پۇلنى ئېلىپ، رەھمەت - تەزىمىنىمۇ ئۇنتۇپ دەڭگە يۈگۈرۈشتى، ئۇلارغا ئۆگىنىپ قالغان ئىتلار كەينىدىن ئەگەشتى.
ئۇلار كەتكەندىن كېيىن رىزۋانگۈل دوستى بىلەن مەكتەپكە قايتتى.
— رىزۋان، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — تەئەججۈپلىنىپ سورىدى دوستى.
— ھە، نېمە قىپتىمەن؟
— بار پۇلۇڭنى ئۇلارغا بېرىۋەتتىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭ قانداق قىلىسەن؟ — دېدى ئۇ ھاڭ - تاڭ قالغانلىقىنى يوشۇرالماي.
— مەن ئاچ قالمايمەن. ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟ قارىغىنە، مۇشۇ سوغۇقتا ئوچاقنىڭ ئالدىغا قانچە ئادەم سىغار؟ يېرىم كېچىگىچە ئوچاقمۇ سوۋۇپ كېتەر. تاڭ ئاتقۇچە نېمە ئىشلار بولىدۇ، كىم

بىلىدۇ. قايسى كۈنى ئۇلارنى كۆرۈپ شۇنداق ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. خەلقىمىز نېمە كۈنلەرگە قالدى، نېمىشقا دەردلىك، ئازابلىق كۈنلەرگە قالىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى ئۈچ ـ تۆت كۈن بولسىمۇ ئىسسىقراق ئۆيدە ياتسۇن، دەپ يىغقان پۇلۇمنى ئېلىپ كەلگەنىدىم. ئەمدى كۆڭلۈم كىچىككىنە بولسىمۇ ئارام تاپتى.

رىزۋانگۈلنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئويلاپ، دوستىمۇ چوڭقۇر ئويلارغا پاتتى ـ دە، راست گېپىنى ئېيتتى:

— مەنمۇ پۇل يىغسام بوپتىكەن ... ھۆكۈمەتنىڭ ئەلپازى مۇشۇنداقلا بولسا، بىزمۇ تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالىدىغان ئوخشايمىز.

— شۇنداق، لېكىن ئۇنچىلىك قورقۇپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ، قولىمىزدىن قانچىلىك ئىش كەلسە، شۇنچىلىك ئىش قىلىشىمىز كېرەك. تىنچ تۇرۇپ بەرسەك، قارشىلىق قىلمىساق، ھۆكۈمەت ھەرنېمە قىلىدۇ، ياۋاش خەق ئىكەن، نېمە قىلساق بوپتۇلا دەيدىكەن، دەپ بۇرنىمىزدىن چۇلۇك ئۆتكۈزىدۇ.

كەچ كىرگەنسېرى كوچىلاردا ئادەملەر ئازلاپ كەتتى. كوچىلار ئادەمسىز قالسا قورقۇنچلۇق بولىدىغان ئوخشايدۇ. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆي ـ دۇكانلار قاراڭغۇدا سۇرلۇك تۇس ئالماقتا ئىدى. ئىتلارمۇ سوغۇقتىن پاناھلانغۇدەك يەر ئىزدەپ يۈرسە كېرەك ئەتىمالىم، بىرەرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ ئىككىيلەن قورقۇنچلۇق بۇ ھالەتلەردىن ئەنسىرەپ، ئىتتىك ماڭايلى دېيىشىپ، قەدەملىرىنى ئىلدام ـ ئىلدام ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار دەممۇدەم كەينىگە، ئىككى يېنىغا قارايتتى.

ئۇلار ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەندە، ياتاقداشلىرى ئۇخلىماي ئۇلارنى ساقلاپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن، ئۇلارنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى ئەمىن تاپتى.

* * *

ھېلىقى ئۆلەرمەن ماشىنىدا غۇلجىدىن رىزۋانگۈل بىلەن بىللە كەلگەن باللار ئىچىدە نىلقىلىق بىرنەچچە بالا بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن. شۇ بالىلار بۇگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، رىزۋانگۈلنى ھەم باشقىلارنى يوقلاپ قىزلار مەكتىپىگە كەلدى. ئۇلار كېلىپلا ياتاقتا ياتىدىغان قىزلارنىڭ كۆپىنىڭ يوقلۇقىغا قاراپ مەيۈسلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ مەيۈسلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى. ھازىرقى «تۇت ـ تۇت» قىلىشلارنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ تۇتۇلۇپ، ئادەم ئوغرىلىرىنىڭ كۆك ماشىنىسىغا سېلىنىپ ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. مۇشۇنداق پەيتتە قىزلارنىڭ ياتاقتا يوق بولۇشى ئۇلارنى قورقۇنچلۇق ئوي ـ خىياللارغا سېلىپ قويغانىدى. ياتاقتا پەقەت نۇرجامال بىلەن مەريەم كىر يۇيۇۋاتقانىكەن. قالغانلار نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇلارمۇ تۇتۇلۇپ كەتكەنمىدۇ ياكى بازارغا چىقىپ كەتتىمۇ ۋە ياكى باشقا ياتاقلارغا كىرىپ كەتتىمۇ؟ بۇ تەرىپى ئۇلارغا قاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ، كارىۋاتلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— قالغانلار كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — دېدى مۇزەپپەر غەمكىن ھالدا.

— سالامەت بىلەن رابىيە بازارغا سوپۇن ئالغىلى چىقىپ كەتكەن، — دېدى نۇرجامال كىر يۇيۇشنى توختىتىپ، قولىنى قولتۇقىغا ئېرتىپ، — رىزۋانگۈل پوچتىخانىغا كەتتى، ئۆيىدىن خالتا كەپتىكەن.

— ھە، مۇنداق دەڭە، ئۇلارنىڭ يوقلۇقىغا قاراپ ھەرقىسما ئويلارغا پېتىپ قالدۇق ئەمەسمۇ.

— ھازىرقى پەيتتە ھەرقىسما ئەندىشىلىك گۇمانلاردا بولۇشۇڭلارمۇ توغرا، چۈنكى بۇگۈن كۆرگەن ئادەم ئەتىسى يوق ئەمەسمۇ.

نۇرجامال بىلەن مەريەم چاي دەملەپ، چامادانلىرىدىن تاتلىق ـ تۈرۈم، پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى ئالدى. كىمدۇر بىرى ھويلىغا

تاشلىۋەتكەن، قىزلار ئەكىرىۋالغان، لىڭشىپ ئارانلا تۇرغان ئۈستەلنى بىرى دەسماللىدى. مەريەم قايناق سۇ ئەكىلىش ئۈچۈن چۆگۈننى كۆتۈرۈپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا سالامەت بىلەن مەريەممۇ كىرىپ كەلدى. ئۇلار كىرىشىگىلا كەلگەنلەردىن بىرى:

— قانداقراق ئەھۋالىڭلار؟ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى ئۇقايلى دەپ كەلدۇق، — دېدى.

— مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، سالامەت تۇردۇق، — دېدى نۇرجامال جىددىي تەلەپپۇزدا، — بىراق رىزۋانگۈلدىن ئەنسىرەپ قالدۇق، ئۇ ئېھتىيات قىلماي ئادەم كۆپ يەردىمۇ قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلىپ قويىدۇ. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ئۇنىڭ ئىچى بەك كۈچلۈك، بولۇۋاتقان ئىشلارغا چىداپ تۇرالماي، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى گەپلەرنىمۇ قىلىدۇ. ئۆزۈڭنى بېسىۋال دېسەك، ماقۇل دەيدۇ، ئەمما يەنە بېسىۋالالمايدۇ. ئۇ ھازىر كېلىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئۆتكۈدەك گەپ قىلىپ قويۇڭلار، ھەق گەپنى قىلىشتىن قورقمايمەن دېگىنى بىلەن تازا قورقۇنچلۇق يەرگە ئەكىرىپ كەتسە، قانداق قىلىدۇ؟...

نۇرجامالنىڭ گېپى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، رىزۋانگۈل خالتىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئوھۇي... بىزنىڭ ئاغىنە ـ بۇرادەرلەر كەپتۇغۇ، مانا ئىنىم مۇزەپپەرمۇ كەپتۇ ئەمەسمۇ، — دېدى رىزۋانگۈل كۈلۈمسىرەپ. ئۇ خۇشخۇي ئىدى، چىرايىدا قورقۇش، ئەندىشىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

— سىزنى پوچتىخانىغا خالتا ئالغىلى كەتتى دېۋىدى، شىرىك بولايلى دەپ ساقلاپ تۇردۇق، — مۇزەپپەر شۇنداق دەپ كۈلدى.

— «ياخشى مېھمان تاماق ئۈستىگە» دېگەن گەپ بار، خالتىغا ئۆلگۈرۈپ كەپسىلەر، تەڭ يېگەن تەنگە سىڭىدۇ ئەمەسمۇ، — رىزۋانگۈل خالتىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا ئېچىپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. تاتلىق ـ

تۇرۇملاردىن باشقا پىششىق گۆش ـ قېزا، ئۇششاق توقاچلارمۇ ئەۋەتىلىپتۇ. رىزۋانگۇلنىڭ زورلىشى بىلەن ئۇلار ئەۋەتىلگەن نەرسىلەردىن قورساقلىرى تويغۇچە يېيىشتى.

— بىزنىڭ كىر يۇغان كۈنىمىزگە ئەجەب توغرا كەلدى بۇ خالتا.

— شۇنداق، بىزنىڭمۇ سىلەرنى يوقلاپ كەلگەن كۈنىمىزگە دەڭە ...

— قورساق تويغۇچە تاماق يېمىگىلى بۇگۈن ئۈچ كۈن بولغان، — كەلگەن باللارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز، ئورۇق بىرى راست گەپنى قىلدى، — گۆشلۈك تاماق بىلەنغۇ يىغلاپ كۆرۈشىدىغان بولدۇق.

— شۇنداق، بىر چىنە سۈيۇقئاشقا باش چۆكۈرۈپ كىرسەكمۇ، بىر تال گۆش تېپىلمايدۇ ...

— ئۇغۇ مەيلى، ئاشنى سوۋۇسۇن دەپ پۇۋلىسەك، قويغان نېنى ئۇچۇپ كېتىدۇ، دېگىنە ...

قىزلار ياتىقىدىن پات ـ پات كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، بىردەملىك كۆڭۈللۈك ھالەت ھۆكۈم سۈردى. لېكىن، كۆڭۈلسىزلىك، غەم ـ قايغۇ، تىنچلىق تىلىغا چىقماي قالمىدى:

— بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئۇچىنچى يىللىقتىكى باللارنىڭ ئېيتىشىچە، — دېدى مۇزەپپەر، — ھازىر بىزگە تاماق پۇلىنىڭ كۆپ دېگەندە يېرىمى ئىشلىتىلىۋېتىپتۇ.

— قالغىنىچۇ؟ — ئىتتىك سورىدى مەريەم.

— قالغىنى دېگىنىڭىزنى قاراڭ، قالغىنى تاماق باشقۇرغۇچىلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىدۇ ـ دە ...

— ھەممىسى چۈشۈپ كەتمىگىنىگە شۈكۈر دەڭە، — دېدى رىزۋانگۇل ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ.

مۇزەپپەر ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك دېدى:

— شېڭ دۇبەنىنىڭ بىزنى ھەممە باراۋەر جەمئىيەتكە، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىمەن دېگىنى مۇشۇ ئىكەن ـ دە ... بۇرۇنقى

قۇلاقتا خۇشياقتان گەپلىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، — دېدى رىزۋانگۈل ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — شېڭ دۇبەن سېپىي ئۆزىدىن ئىككى يۈزلىمە ئىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل گەپ چىقتى. بۇرۇن خېلى خەلقپەرۋەر ئىدى. هازىر بۆرە تېرىسىنى كىيىپ، ۋەھشىيلىشىپ كەتتى. يەنئەندىن كەلگەنلەر ئۇنى شۇ يىللىرى بوغۇۋەتسىمۇ بوپتىكەن.

— شۇنداق، — دېدى مۇزەپپەر، — رىزۋانگۈل، هازىر ۋەزىيەت ئۇساللىشىپ كەتتى، ئىشەنچلىك دوستلىرىمىز بار يەردە دېگەن گەپلەرنى باشقا يەردە دېمەسلىكىمىز، ئەتراپىمىزغا دىققەت قىلىشىمىز، سەگەك بولۇشىمىز كېرەك. ئالدىنقى قېتىم بۇ ھەقتە سۆزلەشكەندۇق، سىز دىققەت قىلايلى دېگەنىدىڭىز، لېكىن دىققەت قىلماپسىز. ئەتراپىڭىزغا قاراپ بېقىڭە، ئېسىل مۇئەللىملىرىمىز، سۆزمەن، جۈرئەتلىك ساۋاقداشلىرىمىز نەگە كەتتى، ئادەم ئوغرىلىرىنىڭ كۆك ماشىنىسى قانچە - قانچە ئادەملىرىمىزنى ئېلىپ كەتتىغۇ! هازىر چېقىمچىلىق، تۆھمەتخورلۇق، مۇتتەھەملىك، نەپسانىيەتچىلىك، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، تىڭتىڭچىلىق بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، بۇلارنى ھېسابقا ئالمىساق، قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى نابۇت قىلساق، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تۇتۇپ بەرگەن بولىمىز. بىز غۇلجىدىن ئوقۇيمەن، بىلىملىك ئادەم بولىمەن، دەپ كەلگەن، ۋەزىيەتنىڭ بۇ دەرىجىدە يامانلىشىپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمىز. بۇ يەرگە ساق - سالامەت كەلگەنىكەنمىز، ۋەزىيەتنى ئوبدان مۆلچەرلەپ، ھوشيار بولۇپ، يەنە ساق - سالامەت قايتىپ كېتىشىمىز، ئاتا - ئانىلىرىمىز، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنى خۇش قىلىشىمىز كېرەك. يا مەن خاتا گەپ قىلىۋاتىمەنمۇ؟

ئۇنىڭ سۆزىدىن كېيىن ياتاق ئىچى بولۇنغان سۆزلەرنىڭ

بىسىمى بىلەنمۇ ياكى رىزۋانگۈلنىڭ ياتاقداشلىرى پات - پات ئەسكەرتىپ تۇرغان سۆزلەرنىڭ بىرىكىش كۈچىدىنمۇ بىردىنلا جىمىپ كەتتى.

— سىلەرنىڭ مەكتەپتە ئەھۋال قانداقراق؟ — سورىدى نۇرجامال جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— نېمىسىنى دەيسىز، شىڭ دۇبەننىڭ نەزىرى چۈشمىگەن يەر قالدىمۇ؟ ئۇ يەردىكى ئەھۋالمۇ بۇ يەردىكىگە ئوخشاش، — دېدى مۇزەپپەر بىلگەنلىرىنى بايان قىلىپ، — ئۇ يەردىمۇ كېچىسى ئادەم تۇتىدۇ، ئادەم تۇتۇش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن رۇستەم دېگەن ئوقۇغۇچىنىمۇ ئاياپ قويمىدى. يېقىن ئاغىنىلەر ئۆزئارا: «شىڭ شىسەي كۆڭلى قارا، رىزۋانگۈل دېگەندەك ئىككى يۈزلىمە، ئىككى قولى قان بىلەن بويالغان جاللات ئىكەن، ھازىر پۈتۈن زېمىنىمىز دوزاخقا ئايلاندى...» دەپ پىچىرلىشىپ قويىمىز.

قىزىق ئىش، مەكتەپ ياتاقلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ۋاڭ - چۇڭلىرى بىلەن ئاۋاتلىشىپ تۇرار ئىدى. ھازىرچۇ؟ خۇددى پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بىردىنلا جىمىقىپ سۈرلۈك تۇسكە كىرىپ قالدى. مۇنداق سۈرلۈك كەيپىيات ياتاقلاردا، ھويلىلاردا ئۇياق - بۇياققا ئەنسىز بېقىپ مىدىرلاپ يۈرگەنلەر ئۈچۈن ئېغىر بېسىم ۋە روھىي ئازاب ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى.

## 10

ئەتىياز كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالامەتلىرىدىن ھېچقانداق ئەسەر يوق. ئەسلىدە بۇ كۈنلەردە توڭلار ئېرىپ، كوچىلاردا پاتقاقچىلىق باشلىنار ئىدى. شۇڭا، سىرتلارغا چىققان كىشىلەر ھېلىمۇ دۈگدىيىپ يۈرمەكتە. ئادەملەرلا ئەمەس،

ئىتلارمۇ دۈگدىيىپ، تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، دۈشمىنىگە خىرىس قىلىشتىن، قۇيرۇقلىرىنى شىپپاڭلىتىپ قاۋاشتىن قالغان بولۇپ، ياۋاشلىشىپ يېنىغا ئادەم كەلسە، ئۈركۈپ قاچىدىغان ياكى قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ۋەزىيەت قاپىقىنى تۈرۈۋالسا، ئىتلارمۇ ئەركىلەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

قىزلار بۈگۈن بالدۇر يېتىپ قېلىشتى ۋە ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كېتىشتى. پەقەت رىزۋانگۈللا ئويغاق ئىدى. ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ، ئۇيقۇ ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەس تورلىرىنى يايالمىدى. ئۈرۈمچى ئاسمىنى مەشىنىڭ يېنىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان كۆمۈردەك قارىيىپ كەتكەن. مۇشۇ يېقىندىن بېرى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدىن بۇرۇنقىدەك ۋاڭ - چۇڭلار، دەردمەنلەرنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلانماس بولۇپ قالدى. كېچە شۇنچىلىك جىمجىت ۋە سۈرۈن ئىدى. ياتاق ئىچى ئانچە ئىسسىق بولمىسىمۇ، رىزۋانگۈل ئىچى پۇشۇپ، قىزىپ زادىلا ئۇخلىيالمايۋاتاتتى. ئۇڭدا، دۈم يېتىپمۇ باقتى، ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلدى. يەنىلا ئۇيقۇ يوق. قالغان قىزلار يېنىك پۇشۇلداپ، بەزىلىرى شۇنداق تىنچ ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى، تەگسىز خىياللار قايىنىمىدىن ئۈزۈپ چىقىشقا تىرىشتى. ئۇيقۇم كەلگەندە ياستۇققا باش قويارمەن، دەپمۇ ئويلىدى، لېكىن ئۇيقۇسى كەلمىدى. نەپسى بوغۇلۇپ، دەم يېتىشمەيۋاتقاندەك قىينالدى - دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ كېلىپ، كوچىغا قارىغان دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. خۇددى قىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكىدەك سوغۇق ھاۋا يۈزىگە ئۇرۇلدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئەركىن نەپەس ئېلىپ، قاراڭغۇ، گۆردەك جىمىپ كەتكەن سىرلىق كوچىغا قارىدى. ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان شالاڭ دەرەخلەرگە سەپسالدى ۋە: «بىزنىڭ غۇلجىدا كوچىلاردىكى دەرەخلەر قويۇق ھەم ئاسمانغا بوي سوزغان،

ئۇرۇمچى كوچىلىرىدىكى دەرەخلەر ئەجەب شالاڭ ھەم ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىكەن» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاسمانغا تىكىلدى. تۈن قانچە قاراڭغۇ بولسا، يۇلتۇزلار شۇنچە روشەن كۆرۈنىدۇ، يۇلتۇزلار ئالتۇن كىرپىكلىرىنى چىمىلدىتىپ ئادەمگە كۆز قىسىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. «كىشىگە كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغان ۋە كىشىنىڭ نازۇك ھېسلىرىنى قوزغىتىدىغان مۇشۇ بىر ھالەت قاپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىغان رىزۋانگۈل كۆزىنى پەسكە ئېلىپ كوچىغا سەپسالدى. كېچە ئاجايىپ سىرلىق ھەم سۆرۈن كۆرۈندى. « مۇشۇ سىرلىق كېچە نېمىلەرنى يوشۇرۇۋاتقاندۇ؟ بەزى ئۆيلەرنى نالە ـ پەرياد، بەزى ئۆيلەرنى شاد ـ خۇراملىق قاپلىغاندۇ ـ ھە ...» سىرلىق كېچە سۈرلۈك تۈس ئالسا، ئۇنىڭ كۆڭۈلگە بولغان ئېغىر بېسىمى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى. بىر چاغدا يىراقتىن ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازغا دىققەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭ كۆكەرمە خورخور ئىت ئىكەنلىكىنى بايقىۋېلىشى تەس ئەمەس. ھايال بولماي، يەنە بىر ئىتنىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ ئەسنادا ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇ ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلىششقا باشلىدى. ئانچە ئۆتمەي ماشىنا سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ــ رىزۋانگۈلنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدا توختىدى. ماشىنىنىڭ كوزۇپى كىچىكرەك بىر ئېغىز ئۆيدەك بولۇپ، چۈمكەلگەنىدى. ماشىنىدىن ئىككى ـ ئۈچ ئادەم چۈشۈپ مەكتەپ دەرۋازىسىنى ئاۋۋال بوش، كېيىن قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى.

دەرۋازا ئېچىلدى. دەرۋازىدىن چىققان ئادەم بىلەن ماشىنىدا كەلگەنلەر بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. ئۇلارنىڭ نېمىدەپ سۆزلەشكەنلىكىنى رىزۋانگۈل بىلمىدى، پەقەت گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلاندى. بىركەمدە ئۇلار قورۇغا كىرىپ كېتىپ، ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتتى ئەتىمالىم، بىر ئادەمنى تۇتۇپ چىقتى. ئۇلار خېلى سۆزلەشتى، ۋارقىراشتى، لېكىن

ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى رىزۋانگۈل ئۇقمىدى. تۇتۇپ چىققان ئادەم ماشىنىغا چىقماي تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن، كەلگەنلەر ئىتتىرىپ ئۇنى ماشىنىغا سالدى ـ دە، ئېلىپ كەتتى. بىرەيلەن چاپىنىنىڭ يېڭىنى ساپالماي، ماشىنىنىڭ كەينىدىن چاپتى.

«ھە، ئادەم ئوغرىلىرىنىڭ كۆك ماشىنىسىنىڭ قەدىمى بۈگۈن بۇ يەرگە يېتىپتۇ ـ دە، — دەپ ئويلىدى رىزۋانگۈل غەزەپتىن يانغان كۆزلىرىنى كوچىدىن ئالماي، — مەن بىلىمەن، ئۇلار ياخشى ئادەملەرنى تۇتۇۋاتىدۇ، بىزنىڭ بىرنەچچە ياخشى مۇئەللىمىمىزنى، ھەتتا ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغان بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىمۇ تۇتۇپ كەتتى. دەرسلەر ئۆتۈلمەي قالسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. قېنى شېڭ دۇبەننىڭ بىزنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىمەن دېگىنى؟ ...»

رىزۋانگۈل كەينىگە بۇرۇلماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا چاشقاننىڭ كىتىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋاز ئېنىق، يېقىنلا يەردىن ئاڭلاندى. ئۇ چىراغنى يېقىپ قارىۋىدى، دېرىزىدىن قورسىقى كۆپۈپ كەتكەن بىر چاشقاننىڭ پەسكە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ دېرىزىگە قويۇپ قويغان ناننى غاجاپ يەۋاتقانىكەن. رىزۋانگۈل چىراغنى ئۆچۈرۈۋىدى، ئارىدىن بىرەر مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا يەنە چاشقاننىڭ كىتىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. چىراغنى يېقىۋىدى، چاشقان يەنە پەسكە چۈشۈپ كەتتى. «ھە، چاشقان يورۇقلۇقتىن قورقىدىكەن، قاراڭغۇ بولسىلا ئۇۋىسىدىن چىقىپ نان ياكى باشقا يېمەكلىكلەرنى يەيدىكەن. مەن چاشقاننىڭ بوۋاقلارنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى يەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. دېمەك، ئۇ نۆۋىتى كەلسە، زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئادەم يەيدىكەن، — دەپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى ئۇ ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغىنىچە، — پاھ ـ پاھ، شېڭ دۇبەن چاشقانغا نېمانداق ئوخشايدۇ ـ ھە، ئۇمۇ كېچىسى ھەرىكەتكە كېلىدۇ، كېچىسى ئادەم تۇتىدۇ، تۇتقان ئادىمى تىرىك قالمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى شېڭ دۇبەن دېمەي، شېڭ

چاشقان دېسەك بولغۇدەك...» رىزۋانگۈل ئۆز خىيالىدىن ئۆزى رازى بولۇپ خۇشال بولغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، بېرىپ دېرىزىنى يابتى ۋە چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياتتى. قالغان قىزلار ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى — قىزىپ ئۇخلىمىغانلىقىنى، دېرىزىنى ئاچقانلىقىنى، چىراغنى ئىككى قېتىم ياندۇرۇپ، ئۆچۈرگەنلىكىنى تۇيمىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى شۇنداق شەپىسىز، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قىلغانىدى.

تۇيۇقسىز ئىشىك ئۇرۇلدى. ئىشىكنى قاتتىق ئۇرمىغان بولسىمۇ، جىمجىت كېچىدە قاتتىق ئاڭلىنىپ كەتتى. بۇ سىرلىق كېچىدە ئىشىكنى چەككىنى كىمدۇ؟ ... ئۇلار مۇشۇ ياتاقتا ياتقاندىن بېرى كېچىدە ئەنسىزلىك قوزغاپ ئىشىكنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۇرۇلۇشى ئىدى. بۇ تېخىمۇ جىددىيلىك قوزغىدى. ھەممىسى ئىشىك ئۇرۇلۇشى بىلەنلا ئويغىنىپ كەتتى. زادى بۇ كىمدۇ؟ ... ئادەم ئوغرىلىرىنىڭ قەدىمى ئەمدى بۇ يەرگە يەتكەنمىدۇ، كىمنى تۇتقىلى كەلگەندۇ؟ ... رىزۋانگۈلنىمۇ ياكى باشقا بىرىنىمۇ ۋە ياكى ھەممىسىنىمۇ؟ ... قىزلارنىڭ كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يەتتى ۋە بەزىلەرنىڭ يۈرىكى سېلىپ، تىترەشكە باشلىدى. «ئەگەر، — دەپ ئويلىدى بىشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغان رىزۋانگۈل تەمكىنلىك بىلەن، — ئادەم تۇتقىلى كەلگەن بولسا، ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلانمىدىغۇ، مەن ئويغاق ئىدىم، ئاڭلىماي قالارمەنمۇ؟» ئىشىك ئىككىنچى قېتىم قاتتىقراق ئۇرۇلدى:

— ئىشىكنى ئېچىڭلار، رىزۋانگۈل مۇشۇ ياتاقتىمۇ؟

بۇ ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى. قىزلاردىن بىرى چىراغنى ياندۇردى ـ دە، ئىشىكنى ئاچتى.

ياتاققا كىرگەن كىشىنى قىزلار تونۇدى، ئۇ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى خەت ـ چەك توشۇيدىغان كىشى ئىدى.

— رىزۋانگۈل قايسىڭلار؟ — دېدى ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن بىر خىل ئوڭايسىزلىنىش ئالامەتلىرى

سىزىلىپ تۇراتتى ھەم ئۇ ياتاقتىن تىزرەك چىقىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى.

— رىزۋانگۈل دېگەن مانا مەن بولىمەن، — ئۇنىڭ چىرايىدا قورقۇنچ، ئەندىشە ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىر ياتاقتا بىللە ياتقان، سىرداشقان، مۇڭداشقان قىزلارمۇ ھەيران قالدى.

— مەن بىلەن مېڭىڭ، سىزنى جاڭ مۇدىر چاقىرىۋاتىدۇ.

— بۇ كېچىدە جاڭ مۇدىر مېنى نېمە قىلىدىكەن؟

— مەن بىلمەيمەن، چاقىر دېدى، چاقىردىم.

رىزۋانگۈل ھودۇقماي، تەمتىرىمەي كىيىم - كېچەكلىرىنى رەتلىك ۋە تولۇق كىيىپ بولۇپ، قەدىمىنى ئادەتتىكىدەك يۆتكىدى. ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كۆزلىرىدە ئەندىشىلىك ئۇچقۇنلار يانغان دوستلىرىغا قاراپ:

— ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلگەن ئوخشايدۇ، لېكىن قورقماڭلار، مەن ھېچنېمە بولمايمەن، تۇگمەننىڭ كويلىسىدىن پۈتۈن چىقىدىغان قىزمەن، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن، — غەيرەتلىك بولۇڭلار، ماڭا كەلگەن كۈن ئەتە يا ئۆگۈن سىلەرگىمۇ كېلىشى مۇمكىن.

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە ... ساڭا ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى نۇرجامال خەت - چەك تارقاتقۇچىغا يوشۇرۇنچە قاراپ، — ئادەم ئوغرىلىرىنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدىغۇ...

— بەلكى ھازىرلا يېنىپ كىرەرمەن ياكى بۇ ئاخىرقى بىللە بولۇشىمىز بولۇپ قالار، قورقۇپ ياشىماسلىقىمىز كېرەك. تۇشقانمۇ ئۆلىدۇ، قورقۇپ ئىككى كۆزى ئېتىلىپ چىقىپ ئۆلىدۇ؛ يولۋاسمۇ ئۆلىدۇ، ھېچنېمىدىن قورقماي مەردانە ئۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىدىن قايسىسى ئەۋزەل؟! .... خەير، دوستلىرىم، ئامان بولۇڭلار.

بۇ ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن خوشلاشقىنى بولسا كېرەك، ھازىرقى جىددىي ۋەزىيەتتە ھەم كېچىدە ئادەم تۇتۇۋاتقان پەيتتە

رىزۋانگۇلنىڭ چاقىرتىلىشى تۇتۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. نۇرجامال ئالدىراپ چاپىنىنى كىيىپ، بېشىغا ياغلىقىنى ئارتىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. قالغان قىزلار دەككە - دۇككىدە ئەنسىزلىك ياغان كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. نۇرجامال رىزۋانگۇل بىلەن خەت - چەك توشۇغۇچىغا تۇيدۇرماي ئەگىشىپ ماڭدى. رىزۋانگۇل بىلەن ھېلىقى كىشى دېرىزىدىن يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇرغان جاڭ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ھايال بولماي خەت - چەك توشۇغۇچى مۇدىر ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقتى - دە، ئۆز بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى. نۇرجامال ھەممىنى كۆرۈپ تۇردى. ئۇ جاڭ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىنى ئايلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچلۇق ئوي - خىياللار چۇلغىۋالغانىدى، كۆز ئالدىدا ھېلى جاڭ مۇدىر رىزۋانگۇلنى ئالدىغا سېلىپ مەكتەپ قورۇسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، ھېلى ئادەم ئوغرىلايدىغان ماشىنا گۇركىرەپ كېلىپ جاڭ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدا توختاپ، رىزۋانگۇلنى ئىتتىرىپ ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كەتكەندەك، ھېلى ئىشخانىدىن رىزۋانگۇلنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك... دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولاتتى، ئېچىنىشلىق ئاۋازلار كۆتۈرۈلەتتى.

جاڭ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدا سوراق باشلاندى.

— سىزنى نېمىگە چاقىرتقانلىقىمنى بىلەمسىز؟ — دېدى جاڭ مۇدىر.

— ياق، بىلمەيمەن، — دېدى رىزۋانگۇل.

— ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ قانداقلىقىنى بىلەرسىز؟

رىزۋانگۇل ئويلانماستىنلا جاۋاب بەردى:

— ئەلۋەتتە بىلىمەن، ۋەزىيەت ئۇساللىشىپ كەتتى، ھۆكۈمەتنىڭمۇ مىجەزى ئۆزگىرىپ كەتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — مۇدىرنىڭ تەرى تۈرۈلدى.

— شۇنداق، ئىشەنچلىك جاۋاب بەردى ئۇ.

جاڭ مۇدىر رىزۋانگۈلنىڭ تۇرقىغا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى ـ دە، ئۇنىڭ چىرايىدا قورقۇنچ ئىپادىلىرىنىڭ يوقلۇقىنى، ئەكسىچە مەرد ـ مەردانىلىكىنىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى ۋە بۇ قىزنىڭ سوراق قىلىنغان باشقىلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— سىز دائىم «پىدائىيلار مارشى»نى ئېيتىدىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟ ... بۇ قانداق ناخشا، بىلەمسىز؟ — مۇدىرنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— «پىدائىيلار مارشى»نى ئېيتقانىنىڭ نېمىسى يامان، مارشنىڭ تېكىستى خەلقنىڭ كۆڭلىگە قالتىس ياقىدۇ، ئۇ خەلقنىڭ ئاۋازى، ئاھاڭىمۇ شۇنداق چۈشكەن، يېقىشلىق، ئادەمگە غەيرەت ـ شىجائەت بېغىشلايدۇ، شۇڭا مەن بۇ ئېسىل ناخشىنى ئېيتىپ يۈرىمەن !

جاڭ مۇدىرنىڭ غەزىپى كەلگەندەك قىلاتتى:

— بىلەمسىز، بۇ كوممۇنىستلارنىڭ ناخشىسى، ئېيتىش چەكلەنگەن. بىز ھازىر سوتسىيالىزم يولىغا ئەمەس، «ئۈچ مەسلەك» يولىغا ماڭىمىز.

— جاڭ مۇدىر، سىزگە راست گەپنى قىلاي، مەن ھازىرغىچە «پىدائىيلار مارشى»نىڭ كوممۇنىستلارنىڭ ناخشىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن، بۇنى ياپون ئالۋاستىلىرىنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن يېزىلغان جەڭگىۋار ناخشا دەپ قاراپ كەلگەن، چۈنكى بۇنىڭغا «قوزغال، ياپون ئالۋاستىلىرىغا قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار، ھەممىمىز بىر نىيەتتە دۈشمەن ئوقىدىن قورقماي ئالغا باسايلى» دېگەن مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن. مۇنداق ئېسىل ناخشىنى ئېيتماي نېمىنى ئېيتاتتىم.

جاڭ مۇدىر ئاددىي بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان جەڭگىۋار گەپلىرىگە، تەمكىن تۇرقىغا، ھېچنېمىنى پىسەنت ئالمايدىغان روھىي ھالىتىگە قاراپ ھەيران قالدى.

«ئۇيغۇرلارنىڭ: ‹ئەسكى چاپان ئىچىدىمۇ ئادەم بار› دېگىنى توغرا ئىكەن» دەپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى ۋە:

— سىزنىڭ خاتا گەپ - سۆزلىرىڭىز خېلى نۇرغۇن، مەن ھەممىسىنى دېگۇدەك ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. «بەر شارى تەتۈر چۆرگۈلىمەيدۇ»، «كېچە ھەرقانچە ئۇزاق بولسىمۇ، بەربىر تاڭ ئاتىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى چىقىپسىز، ئېغىر جىنايەت سادىر قىپسىز ...

— ھۆرمەتلىك جاڭ مۇدىر، يەر شارىنىڭ تەتۈر چۆرگۈلىمەيدىغانلىقى، تۈندىن كېيىن ھامان كۈن چىقىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىشقۇ، بۇنىڭدا ھېچقانداق سىياسىي گەپمۇ يوققۇ، بۇ بىر تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىغۇ، مەن تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى دېدىم شۇ. جاڭ مۇدىر، دۈشمەنسىز ئادەم بولمايدىكەن، ماڭا ئۆچ بىرى سىزگە سۆزۈمنى قەستەن بۇرمىلاپ يەتكۈزگەن ئوخشايدۇ.

جاڭ مۇدىر ئاچچىقى تۇتتىمۇ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، ئۇياق - بۇياققا تېز - تېز ماڭدى ۋە ئارىلاپ ئويلىنىپ بىر يەردە تۇرۇپمۇ قالدى. ئاستا كېلىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئۈستەل ئۈستىدىكى قېلىن بىر كىتاب بىلەن باستۇرۇپ قويغان ۋاراقچىلارنى قولىغا ئېلىپ، ئۇلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، ئۇدۇلىدا خاتىرجەم ئولتۇرغان رىزۋانگۈلگە قاراپ دېدى:

— راست گەپنى قىلىڭە، مۇشۇ يېقىندا سىز كىمنى خائىن، ئىككى يۈزلىمە دەپ تىللىدىڭىز؟

رىزۋانگۈل ھېچ ئىش بولمىغاندەك، دەھشەتلىك سوئال سورالمىغاندەك، چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي جاۋاب بەردى:

— شېڭ دۇبەن ئاتىمىز خائىن دەپ تۇتقانلارنى دېمەي كىمنى دەيتتىم، ئاتىمىزغا چۈشتىن ئاۋۋال بىر يۈزنى، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر يۈزنى كۆرسەتكەنلەر ئىككى يۈزلىمە بولماي نېمە؟ ياپون قاراقچىلىرىغا سېتىلغانلار خائىن بولماي نېمە بولاتتى؟ !

جاڭ مۇدىر ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

— كىچىككىنە تۇرۇپ گەپكە ئەجەب ئۇستا ئىكەنسىز، تولا گەپدانلىق قىلماڭ، ھەق گەپنى دەڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋاتىدۇ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ سىياستى، ئەمما سىز بۇنىڭغا قارشى چىققان، بۇنىغۇ ئىقرار قىلارسىز؟ — دېدى.

رىزۋانگۈل دەرھاللا:

— ھۆرمەتلىك جاڭ مۇدىر، تەبىئىي يەن كىتابلىرىدا سىياسىي گەپلەر، تەشۋىقاتلار يوق تۇرسا، ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتسە، بىز نېمە ئوقۇيمىز، دەپ قارشىلاشقىنىم راست، بۇنى ئىقرار قىلىمەن، لېكىن بۇ مېنىڭ گۇناھىم ئەمەس ـ دە، — دېدى.

— كۆڭلىڭىزدىكى گەپنى دېمىدىڭىز، يەنە ئىقرار قىلمايۋاتىسىز، ئەمما شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھازىر ئىقرار قىلمىغىنىڭىز بىلەن ئىقرار قىلىدىغان، تۈنۈگۈنكىنى دەيمۇ، بۈگۈنكىنى دەيمۇ دەيدىغان يەرگە كىرىپ قالىسىز، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟ ئۇ يەردە بۈگۈنكىدەك سوراق بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ، ھەر خىل دەھشەتلىك قىيناش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدۇ، جۇمۇڭ.

رىزۋانگۈل: «قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىش — ئادالەت ئۈچۈن ھەق گەپ قىلىدىغانلارنىڭ ئېسىل خىسلىتى، مەن بۇ خىسلەتنى ئەمدى جارى قىلدۇرىمەن» دەپ ئويلىدى ـ دە:

— جاڭ مۇدىر، بىزدە «باشقا كەلگەندە باتۇر» دېگەن گەپ بار، ناھەقچىلىككە ھەرگىز باش ئەگمەيمەن، چۈنكى مەندە گۇناھ يوق، — دېدى.

«نېمانچىلا يۈرەكلىك قىز بۇ ـ ھە، ئۇيغۇر قىزلىرى ئىچىدە يەنە ئۆلۈمدىن قورۇقمايدىغان مەردانە قىزلار يەنە بارمىدۇ؟ — دەپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى جاڭ مۇدىر، — ئەگەر بار بولسا، ئۇلار بىزنىڭ ‹كۈرەش ئىتتىپاقى›مىزغا كىرسە، تەشكىلاتىمىز

جانلىنىپ كەتكەن بولاتتى. بايقىشىمچە، بۇ قىز شىنىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى بىر ەر تەشكىلاتقا كىرىشكە ئۇمتۇلۇپ تۇرغاندەك قىلىدۇ. تەشكىلاتتىن شەپە بەرسەم، بۇ قىز قويىنىمىزغا ئۆزىنى ئاتىدىغاندەك قىلىدۇ... بۇ قىز ئۆزى يالغۇز ئەمەستۇ، ئۆزىنىڭكىدەك قاراشقا ئىگە باشقا دوستلىرىمۇ باردۇ... تەشكىلاتىمىزدىن شەپە بەرسەم قانداق بولار؟...» ھەر خىل خىيالدا قالغان جاڭ مۇدىر يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇياق - بۇياققا تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېز - تېز مېڭىۋاتقانلىقىنى تۇيمايتتى، چۈنكى ئۇ تەگسىز خىياللارغا چىرمىلىپ كەتكەنىدى. ئاخىر ئۇ بىر قارارغا كەلدى: «ياق، — دەپ ئويلىدى بېشىنى سىلكىپ، — تەشكىلىنىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ شەپە بەرسەم بولماس، ئاۋۋال باشلىقلىرىمىز لو زى، ئابدۇكېرىم، چېن شېخۇالارغا ئېيتىشىم كېرەك، ئۇلار تەستىقلىسا، شەپە بەرسەممۇ كېچىكمەيمەن...»

جاڭ مۇدىر چوڭقۇر تىندى - دە، ئورنىغا كېلىپ ئاستا ئولتۇردى.

ئۇ رىزۋانگۇلنىڭ گەپلىرىنى، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتىكى مەردانە قىياپىتىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا يېنىش - يېنىشلاپ قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى - دە، يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئوشۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە چىرايىنى سەل ئۆزگەرتىپ، بوش ئاۋازدا دېدى:

— بېشىڭىزدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن قىز ئىكەنسىز، بولدى، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، كەتتى. ئەمما، بۇنىڭدىن كېيىن گەپ - سۆزلىرىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، كاللىڭىزغا سىغدۇرالمىغان سۆزلەرنى ھەرگىز دېگۈچى بولماڭ. سىلەردە «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە» دېگەن گەپ بارغۇ. راست گەپنى دېسەم، سىزنىڭ بىر ئېغىز سۆزىڭىزمۇ تۈرمىگە كىرىشىڭىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. شۇنى دەپ قوياي، ھازىر سىز ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىسىز، بۇ مېنىڭ

ئاگاھلاندۇرۇشۇم بولۇپ قالسۇن، سۆزلىرىمنى ئوبدان ئويلىنىڭ، بولدى، چىقىپ كېتىڭ.

رىزۋانگۈل جاڭ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدىن يېنىپ چىقتى ـ دە، ئۇدۇل ياتىقى تەرەپكە ماڭدى. ھويلىدا ئۇنى ساقلاپ مۇزلاپ كەتكەن نۇرجامال ئۇنىڭ ياتاق تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «ئۇھ» دەپ يېنىك تىندى. مۇدىر ئىشخانىسىدىن ساق ـ سالامەت چىققانلىقى نۇرجامالنى چىرمىۋالغان قانداقتۇر بىر زەنجىرنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىدىن دېرەك بەرگەندەك نۇر جامالنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە شادلىق تۇيغۇسى ئولاشتى. ئۇ دەرەخ كەينىگە ئۆتۈپ دالدىلاندى. نۇرجامالنىڭ رىزۋانگۈلنىڭ كەينىدىن چىقىشىدىكى مەقسىتى ئۇنى قاياققا ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئىدى. رىزۋانگۈل ھېچياققا قارىماي ياتاققا كىرىپ كەتتى، كەينىدىن چىراغمۇ ياندى. نۇرجامال ياتاققا كىرىپ، ياتاقنىڭ مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ مەشكە كۆمۈر سالدى. قىزلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان رىزۋانگۈل نۇرجامالنىڭ سىرتتىن كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن نەگە باردىڭ، سېنىمۇ سوراققا ئاچىقتىمۇيا؟

— نەگە باراتتىم، سېنىڭدىن ئەنسىرەپ كەينىڭدىن چىققانىدىم، — دېدى ئۇ قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەپ.

— ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق، تۇتۇپ كەتسىمۇ تۈگمەننىڭ نورىدىن پۈتۈن چىقىمەن جۇمۇ مەن، — رىزۋانگۈل شۇنداق دەپ كۈلۈپ كەتتى.

سالامەتنىڭ ئاچچىقى كەلدى ئەتىمالىم:

— بىز سەندىن ئەنسىرەپ ئۆلەي دەۋاتساق، سېنىڭ ھېچنېمىدىن غېمىڭ يوق كۈلۈۋاتقىنىڭنى ... — دېدى.

— بولدى قويۇڭلار، — دېدى مەريەم رىزۋانگۈلنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ، — جاڭ مۇدىر زادى سېنى نېمىگە چاقىرتىپتۇ، شۇنى دېگىنە!

— ماقۇل، ھەممىنى دەي، — دېدى رىزۋانگۈل كىيىملىرىنى

سىلىپ، يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ. ئۇ سوراق جەريانىنى چالا قويماي سۆزلەپ چىقتى - دە، ئاخىرىدا قوشۇپ قويدى، — جاڭ مۇدىر ئۇيغۇرچىنى خۇددى ئۇيغۇرلاردەك سۆزلەيدىكەن. تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، قەشقەردە چوڭ بولغاندەك قىلىدۇ. باغاقچىلارنى كۆرۈۋاتقاندا، خەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدىم. ئۇلار ئارىمىزدىكى ئىشپىيونلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىمىكىن دەيمەن. ئۇ ئۇيغۇرچە يېزىقنىمۇ بىلىدىكەن.

— ئارىمىزدا ئىشپىيونلار جىق ئىكەن - دە.

— ئۇلار ئۆز خەلقىنى تۇتۇپ بېرىپ نېمىگە ئېرىشىدىغاندۇ؟

— توۋا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى ئويلىمامدىغاندۇ؟

— بەزىلىرى پۇلغا، بەزىلىرى ئەمەلگە ئېرىشمەن، دەيدۇ - دە.

— پۇل، ئەمەل دېگەن قانچە - قانچە ئادەملەرنىڭ خۇنىدىن ئەتىۋار ئىكەن - دە.

ھەممىسى چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ھەر خىل قىياپەت، روھىي ھالەتلەر، بەزىلىرىنىڭكىدە سوغۇق كۈلۈمسىرەش، بەزىلىرىنىڭكىدە غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنلىرى، بەزىلىرىنىڭكىدە تەنە، مەسخىرە ئالامەتلىرى ئىپادىلەنمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ خىياللىرى خۇددى چىگىچلىشىپ كەتكەن لەگلەك تانىسىدەك يېشىلمەس ئىدى.

— بولدى قىزلار، بىز ئەندىشە قىلغان رىزۋانگۈلمۇ ساق - سالامەت يېنىپ كەلدى. كۆڭلىمىز ئورنىغا چۈشتى. ئەمدى ئۇخلايلى، — دېدى بىرھازادىن كېيىن رابىيە غېنى.

— سائەت قانچە بولدىكىن؟

— نېكەم سائەتلەر توختاپ كەتكىلى.

ئون مىنۇتتىن كېيىن چىراغ ئۆچتى.

## 11

رىزۋانگۈلنى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا كېچىسى جاڭ مۇدىرنىڭ چاقىرتىپ سوراق قىلغانلىقىنى ئۇنىڭ يېقىن دوستى رىزۋان

ناسىر باشقىلاردىن بالدۇر ئاغرىپ قالدى. ئاق سىرىق يۈزىگە ئەندىشىلىك ئۈچقۇنلار يېيىلىپ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ، ھالسىز ئادەمدەك بولۇپ قالدى ـ دە، كۆز ئالدىغا رىزۋانگۈل كېلىۋېلىپ، ئۇنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى، كۆڭلىگە يەتمىگەن ئويلار يەتتى. «ھەي دوستۇم، ئەمدى قارا تىزىملىككە چۈشۈپ قاپسەن ـ دە، كەينىڭگە چوقۇم ئادەم چۈشۈپتۇ، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ، — ئەمدى ھوشيار بولمىساڭ بولمايدۇ، گەپ ـ سۆزلەرگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يامان يېرى، ئۇ نەسىھەت ئاڭلىمايدۇ، كۆڭلىگە كەلگەن گەپلەرنى ئادەم بار ـ يوق دېمەي دەۋېرىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك، ئۇنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىش كېرەك؟ ئۇنىڭغا گېپىنى كىم ئۆتكۈزەلەيدۇ؟ ... ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئادەم تېپىش كېرەك ... دادامچۇ؟ ھە، بىلدىم، ئۇ دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ، دادام نەسىھەت قىلىشى كېرەك. دادامغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى، ئاڭلىغانلىرىمنى تولۇق سۆزلەپ بېرىشىم كېرەك، مەن ھازىرلا ئۆيگە باراي، دادامغا دەپ، دادامنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاي...»

رىزۋان ناسىر چۈشتىن كېيىنكى بىر سائەتلىك دەرسنى قۇربان قىلىپ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭ دادىسى مەرۇپ ئەپەندى 1940 ـ يىلى ئۈيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەچكە، 1941 ـ يىلى ئائىلىسىنى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كېلىدۇ ـ دە، قىزى رىزۋان ناسىرنى ئۈرۈمچى قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۈرۈمچىلىك بولۇپ قالىدۇ. بۈگۈن ھاۋا خېلىلا سوغۇق بولىسىمۇ، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىكىدەك ئىتلارنى قاترىتىۋەتكۈدەك قاتتىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كوچىدا ئۆياق ـ بۇياققا ماڭغان كىشىلەر كۆپرەك بولۇپ، كوچىنى خېلىلا ئاۋات قىلىپ قويغان؛ قايسى كۈنگە قارىغاندا دۈگدىيىشىپ

يۇرگەنلەر ئاز. رىزۋان ناسىر بىرى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ئىلدام مېڭىپ قىزىپ ـ تەرلەپ كەتتى. ئۇ تەرلەپ ـ پىشىپ ئۆيگە كىرگەندە، دادىسى گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن.
— هاسىراپ كېتىپسەنغۇ، نېمە بولدى، قىزىم؟
— هازىر دەپ بېرىمەن، ئاۋۋال سۇ ئىچىۋالاي، ئۇسساپ كەتتىم.
ئۇ ئاپىسى ئاچىقان بىر چىنە سوغۇق ئەتكەنچاينى ئىچىپ، دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ـ دە، بېشىدىن قىلىن ياغلىقنى ئالدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى مونچاق ـ مونچاق تەر تامچىلىرىنى كۆرۈپ دادىسى كۈلۈمسىرىدى.
— يۈگۈرۈپ ـ چېپىپ كەلدىڭمۇ نېمە، شۇنچىلىك تەرلەپ كەتكۈدەك نېمە ئىش بولدى؟
— قارا، دادا، رىزۋانگۈلنى سوراق قىپتۇ.
— نېمە دېدىڭ؟ ... كىم سوراق قىپتۇ؟ — مەرۇپ ئەپەندى چۆچۈپ كەتتى.
— مەكتەپنىڭ تەرتىپ مۇدىرى.
— قاچان؟
— ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا.
— باشقىچە ئەھۋاللار بولماپتۇمۇ؟
— ياق، باشقىچە ئەھۋاللار كۆرۈلمەپتۇ.
مەرۇپ ئەپەندىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدە ھەيرانلىق، ئەندىشە ئۇچقۇنلىرى ياندى. قولىدىكى گېزىتنى ئۇستەلگە ئاستا قويۇپ، خىيالغا پېتىپ ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى.
— ھە، كەينىگە ئادەم چۈشۈپتىكەن ـ دە. ئۆيگە كەلگەن ۋاقىتلاردا قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ قورقۇمسىزلىقىنى، كۆڭلىگە كەلگەن گەپلەرنى ئايانماي دەۋېتىدىغان مىجەزىنى سەزگەنىدىم. گەپ قىلىپ قويااي دەپمۇ ئويلىغان، لېكىن ئۇ چاغلاردا ۋەزىيەتمۇ بۇنداق كەسكىن ئەمەس ئىدى. ۋاي ئىست، كېچىكىپتىمەن، پەيت ئۆتۈپ كېتىپ قاپتۇ.

نېمىدەپ سوراق قىلىنغانلىقىنى ئېنىق ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، ھەممىنى ياتىقىدىكى قىزلار دەپ بەردى دېگىنە.

— ھەي، يامان بوپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى مەرۇپ ئەپەندى بىئارام بولۇپ — كۈندۈزى سوراق قىپتۇمۇ؟

— ياق، ھەممە ئادەم ئۇيقۇغا كەتكەن يېرىم كېچىدە سوراق قىپتۇ، ئۇنىڭ ياتىقىدىكى قىزلار باشقىلارغا دېمەيدۇ، رىزۋانگۈل بىلەن ئىككىمىزنىڭ يېقىنلىقىنى ئۇلار بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماڭا دېگەن گەپ.

— ئۇنداق بولسا نېمىدەپ سوراق قىلىنغانلىقىنى، سوئاللارغا ئۇنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى تولۇق ئېيتىپ باققىنە، ئاڭلاپ باقاي.

— ماقۇل.

رىزۋان سۆزگە كىرىشىپ، ھەممە ئۇخلاپ قالغان يېرىم كېچىدە جاڭ مۇدىرنىڭ رىزۋانگۈلنى چاقىرتىپ سوراق قىلغانلىقىنى، رىزۋانگۈلنىڭ بېرىلگەن سوئاللارغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى، سوراقنىڭ ئاخىرىدا جاڭ مۇدىرنىڭ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ دېگەن گەپلىرىنى ئېنىق، تولۇق سۆزلەپ چىقتى.

مەرۇپ ئەپەندى قىزنىڭ بايانلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، يەنە جىمىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى مەرۇپ ئەپەندى جىددىي ھالدا، — سەن رىزۋانگۈلنى چاقىرىپ كەل، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانراق سۆزلىشەي، ئۇنىڭ بىلەن جىددىي سۆزلەشمىسەم زادى بولمايدۇ. ئۇنى دادىسىغا ئامان - ئېسەن تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك. ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى. كەلگەندە ئىككىڭلار بىللە ئەمەس، ئايرىم - ئايرىم يوللار بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كېلىڭلار، ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ.

— ماقۇل، دادا، قاچان باشلاپ كېلىمەن؟

مەرۇپ ئەپەندى بىرئاز ئويلىنىپ دېدى:

— ئەتە چۈشتە، بۈگۈن بولسا تېخىمۇ ياخشى، ھازىر بولسا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى.
— ئەمىسە مەن كەتتىم، دادا.
ئۇنىڭ كەينىدىن ئاپىسى ۋارقىرىدى:
— تاماق يېگەنمىدىڭ؟!
— ھەئە، مەكتەپ ئاشخانىسىدا يېگەن!
مەرۈپ ئەپەندى قىزى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلۈپ، ئويچان ھالدا ئۆيئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ تۈرۈپلا توختاپ بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ يەنە ماڭاتتى. ئايالى كىرىپ سوئال سورىغان بولسىمۇ، ئۇنى جاۋابسىز قالدۇرغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاللىنېمىلەرنى ئويلاپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇ ئايالىغا تاماق ئېتىپ تۈرۈشنى تاپىلاپ قويۇپ، قولىغا گېزىتنى ئالدى، لېكىن ئوقۇغانلىرىدىن كاللىسىغا ھېچنېمە چۈشمىدى. شۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن قوشماق رىزۋانگۈللەر ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. رىزۋاننىڭ چىرايى غەمكىن، رىزۋانگۈلنىڭ روھلۇق ئىدى.
— تىنچمۇ سىز، رىزۋانگۈل، كەلمەس بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ قېنى بۇياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ.
— خۇداغا شۈكۈر، ئامان - ئېسەن تۇردۇم. ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتقاچقا، سىلەرنى يوقلاپ كېلەلمىدىم، مەرۈپ دادا.
— ئۆيىڭىزدىن خەت - پەت كېلىۋاتقاندۇ، دادىڭىز تىنچلىقتۇ؟
— ھەممىسى تىنچلىق، خەت - خالتا كېلىپ تۇرىدۇ، يېقىندا قېزا ئەۋەتىپتىكەن، سىلەرگىمۇ ئالغاچ كەلدىم.
رىزۋانگۈل خالتىنى ئېچىپ، يوغان ئىككى پارچە قېزىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.
— پاھ - پاھ، ئەجەب مايلىق قېزا ئىكەن بۇ! — مەرۈپ

ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.
— دادام خېتىدە قىزىنى جىقراق ئەۋەتتىم، مەرۇپ ئەپەندىگىمۇ ئاپىرىپ بەرگىن دەپتىكەن.
— هاشىم ئاخۇن مېنى ئۇنتۇماپتۇ ـ دە ... — مەرۇپ ئەپەندى گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېگۇچە، رىزۋانگۇل سۆز ئالدى:
— ئىككىڭلار ئەل ـ ئاغىنە تۇرساڭلار، مەن رىزۋاننى ئۇنتۇمىغاندەك داداممۇ سىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ ـ دە.
— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى مەرۇپ ئەپەندى ئويچان قىياپەتتە، — شۇڭا دادىڭىز سىزنى ماڭا تاپشۇرغان ئەمەسمۇ، ئاڭلىسام، يېقىندا سىزنى جاڭ مۇدىر سوراق قىپتۇ. قېنى ئېيتىڭە، سىز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا نېمە گەپلەرنى قىلغان، ئۇ نېمە دەيدۇ؟
رىزۋانگۇل ئىتتىك رىزۋانغا قارىدى، رىزۋان يەرگە قارىۋالدى، چۈنكى ئۇ دوستىنىڭ يۈزسىزلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.
— يائاللا، گەپلىرىم شامالدەك ئۇچۇپ بۇ يەرلەرگىمۇ كېلىپ بوپتۇ ـ دە، سىزنى ئەنسىزلىككە سېلىپ نېمانچە تېز كەلگەندۇ ...
— سىزدىن ئەنسىرىدىم، قىزىم، ئەلۋەتتە ئەنسىرەيمەن ـ دە، دادىڭىز ماڭا يازغان خېتىدە سىزنى ماڭا تاپشۇرۇپ، قىزىمغا ياخشىراق قاراپ قوي، قىزىمنىڭ مىجەزى ئىتتىك، هۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى گەپلەرنى قىلىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرمىسا بولمايدۇ، دەپتۇ. قېنى قىزىم، ئېيتىڭا، جاڭ مۇدىر نېمە دەيدۇ؟ سىز قانداق گەپلەرنى قىلىپ قويغان؟ مەنغۇ رىزۋاندىن ئاڭلىدىم، رىزۋانغىمۇ ياتىقىڭىزدىكى قىزلار دەپ بېرىپتۇ. شۇ گەپلەرنى ئۆز ئاغزىڭىزدىن بىر ئاڭلاي دەيمەن.
— سىزنىڭ ئاڭلىغىنىڭىز بىلەن مېنىڭ دەيدىغانلىرىم ئوخشاش. چۈنكى، مەن سوراقتىن چىقىپلا ياتاقتىكىلەرگە هېچنېمىنى قالدۇرماي دېگەن. ئۇلار رىزۋانغا دەپتۇ، رىزۋاندىن سىز ئاڭلاپسىز، — دېدى رىزۋانگۇل چاقىلداپ سۆزلەپ.

— ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈش جەريانىدا بەزى گەپلەر تەبئىي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىشىلەر ئۇلارغا ئۆز ھېسسىياتىنى قوشۇپ سۆزلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن دېيىلگەن گەپلەر بارا - بارا ئەينى مەزمۇنىنى يوقىتىدۇ، شۇڭا سىزدىن ئۆز ئەينىسىنى ئۇقۇپ باقاي دەۋاتىمەن.

رىزۋان ئۇستەل ئۇستىنى راسلاپ، چاي دەملەپ ئەكىردى - دە، چىنىلەرگە چاي قۇيدى.

— ماقۇل، سۆزلەپ بېرەي، مەرۇپ دادا، — دېدى رىزۋانگۇل قىمىرلاپ سۆزگە كىرىشىپ. ئۇ جاڭ مۇدىر تەرىپىدىن قانداق سوراق قىلىنغانلىقىنى، يەنى ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرى، ئۆزىنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىنى سۆزلەپ چىقتى، سۆزلىگەندىمۇ تولۇق بايان قىلدى. ئەگەر مەرۇپ ئەپەندىدىن باشقا ئادەم سورىغان بولسا، رىزۋانگۇل بۇ جەرياننى ھەرگىز سۆزلەپ بەرمەس ئىدى.

— تېنىمەي، تەمتىرىمەي شۇنچىلىك راۋان سۆزلىگىنىڭىزگە قارىغاندا، ئۇ ئىشلار يۈرىكىڭىزگە ئورناپ قاپتۇ - دە.

— شۇنداق، مەرۇپ دادا، ئادەمنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك ئىشلار بولمىسا، ھايات دېگەن ئەتىگەن كۈن چىقتى، كەچتە كۈن پاتتى دېگەندەك مەنىسىز ئۆتىۋېرىدىكەن. مەن ھاياتىمنىڭ غوۋغاسىز ئۆتۈشىنى خالىمايمەن.

— ئىنسان ھاياتىنى قەدىرلىشى ۋە ئۇنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلىۋەتمەسلىكىمۇ كېرەك. سىزنىڭ شېڭ شىسەي ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىز توغرا، لېكىن قاراشلىرىڭىز ئۆز ئورنىنى تاپالمىسا، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ھالاك قىلىسىز. مۇنازىرە قوزغاپ، نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنى يەڭگىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭغا بىھۇدە چېقىلساق، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك ئىش بولىدۇ.

— ئەمىسە، نېمە قىلسا خوپ دەپ تۇرامدۇق؟ — رىزۋانگۇل قىزىشىپ نارازىلىقىنى يەنە ئىپادە قىلىشقا كىرىشمەكتە ئىدى.

— ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەق ياكى ناھەق ئىكەنلىكىنى

تالاشقىنىمىز يوق ھەم ئۇنداق قىلىش نىيىتىمىزمۇ يوق. ھەر ئىشنىڭ پەيتى بولىدۇ، پەيتى كەلگۈچە خوپ دەپ تۇرۇپ، ئۆز ھاياتىمىزنى ئاسرىشىمىز كېرەك. شارائىت پىشىپ - يېتىلگەندە، سىزگە ئوخشاش ناھەقچىلىككە چىدىمىغانلار قايناپ تاشىدۇ. شۇ چاغدا سىز ئۆز جاسارىتىڭىزنى، مەردانىلىكىڭىزنى نامايان قىلىسىڭىز، كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىسىز، — مەرۇپ ئەپەندى ئۆز سۆزىنىڭ تەسىرىدىن ھاياجانلىنىپ كەتتىمۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزمۇ دەپسىزغۇ «تۈن ھەرقانچە ئۇزاق بولسىمۇ، بەرىبىر تاڭ ئاتىدۇ» دەپ. شىڭ شىسەي ئىنتايىن قارا كۆڭۈل، ياۋۇز ئادەم، ئۇ ھازىر ئادەم تۇتۇۋاتىدۇ، تۇتۇلغانلارنىڭ نېمە گۇناھى بار دەيسىز، ئۇلار پۈتۈنلەي گۇناھسىز، شېڭ شىسەينىڭ يۇرگۇزۇۋاتقان سىياستىگە، قىلىۋاتقان قەبىھ ئىشلىرىغا قارشى بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويغان تەرىپى بار شۇ. مەن سىزگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، مەن بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان ياڭ فامىلىلىك بىر خىزمەتچى بار ئىدى. ئۇ ئۈچ - تۆت ئادەم بار يەردە: «بۇ شېڭ دۇبەن ئاتىمىز نېمە بولۇپ كەتتى - ھە؟ سوۋېتنىڭ يولىغا ماڭىمىز، دەپ ئۇنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئالاھىدە كۈتۈۋالغان، ئالاھىدە مائاش بەرگەن، ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرغان ئەمەسمىدى، ئەمدى ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغىلى تۇردۇغۇ» دەپ قويۇپتىكەن، شۇ ئۈچ - تۆت ئادەم ئىچىدىمۇ ئىشپىيون بار ئىكەن ئەمەسمۇ، شۇ كۈنى كېچىسى ئۇنى تۇتۇپ كېتىپتىكەن، ئاڭلىساق، تۇرمىدە قىيناپ ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ. ھەي بىچارە، ياخشى ئادەم ئىدى. مانا بۇ ئۆز ھاياتىنى قەدىرلىمىگەنلىكنىڭ، ئادەملەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىگەنلىكنىڭ ئاقىۋىتى. بىر ئىشنىڭ پەيتىنى كۈتمىگەن ئادەم ئاشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ، ئۇنداق ئىشلاردىن چوقۇم ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك.

مەرۇپ ئەپەندى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، ئويچان كۆزلىرىنى نەلەرگىدۇر تىكتى. رىزۋانگۇلمۇ چوڭقۇر ئويغا پېتىپ ئۇلتۇراتتى. ئۆيئىچى مۇزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، يېنىك چىقىۋاتقان ئاچچىق شامال دېرىزىلەرگە ئۇرۇلۇۋاتسىمۇ، ئۇلار ئۇنى تۇيماس ئىدى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ نېمىشقا قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. مەرۇپ ئەپەندى يەنە مۇنداق دېدى:

— مۇشۇنداق شارائىتتا ئويلىمىغان يەردىن بىر ئېغىز گېپىڭىز ئۈچۈن تۇتۇلۇپ كەتسىڭىز، بۇنىڭغا ئۆزىڭىز ئەيىبلىك. ئاڭلىغانلار: «ۋەزىيەت نازۇكلىشىپ كەتكەن پەيتتە ئېغىزىنى يىغىپ، تىنچ يۈرسە بولمامدۇ» دەيدۇ؛ بولۇپمۇ ھەممىدىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىڭىز شۇنداق دەيدۇ. رىزۋان، سەنمۇ ياخشى ئاڭلا، سىلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭلاركى، ئىشپىيونلار دېگەن باشقىلار ئەمەس، دەل سىلەر بىلەن ئاش ـ تاماقتا، مەكتەپتىكى ھەر خىل پائالىيەت ـ ھەرىكەتلەردە بىللە يۈرگەن ئادەملەر. ئۇنداقلار سىلەردىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن شىڭ شىسەينى ئاۋۋال ئۆزلىرى تىللاپ، نارازى بولغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇمۇ بىزنىڭكىگە ئوخشاش قاراش ـ چۈشەنچىدە ئىكەنغۇ، دەپ نارازىلىقىڭلارنى سۆزلەپ قويساڭلار، سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئەسكىلەرگە يەتكۈزىدۇ. رىزۋانگۇل قىزىم، سۆزلەپ بەرگەنلىرىڭىزدىن شۇنى بىلدىمكى، ئۇلار سىزدىن گۇمانلىنىپ كەينىڭىزگە ئادەم قويغان، ئۇ سىزنىڭ بايىقىدەك گەپلىرىڭىزنى ئېھتىماي ـ تېمىتماي جاڭ مۇدىرغا يەتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىز بىلەن سۆزلەشكەن، ئەمما سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى تېگىشلىك ئورۇنغا يەتكۈزمىگەن. مۇشۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، جاڭ مۇدىر ھەقىقەتەنى ياقلايدىغان ئادەمدەك قىلىدۇ، بىراق بۇ پەرىزىمىزنى باشقىلار ئۇقۇپ قالسا، تېخىمۇ چوڭ بالا تېرىلىدۇ، زىيەنكەرەك بولۇڭلار.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قالدىم، — دېدى رىزۋانگۇل

جانلىنىپ، — ماڭا ناھايىتى ياخشى ئاگاھلاندۇرۇش بەردى ئەمەسمۇ. ئىلگىرىكى تەرتىپ مۇدىرىنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن مۇشۇ جاڭ دېگەن ئادەمنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇپتىكەن.

— ئىلگىرىكىسىمۇ ياخشى ئادەم ئىكەن ـ دە، تەلىيىڭىز بار ئىكەن، بولمىسا سىز بۇ چاغقىچە بۇ يەردە يۈرمىگەن بولار ئىدىڭىز، — مەرۇپ ئەپەندىنىڭ چىرايىدا ھەم ھوشيارلىق، ھەم جىددىيلىك ئارىلاشقان كۈلۈمسىرەش پاندى، — جاڭ مۇدىر دېگەندەك، سىز ھازىر خەتەر ئۈستىدە قاپسىز، ئەگەر يەنە ئۈستىڭىزدىن شىكايەت قىلىنىپ قالسا، ئۇ چاغدا جاڭ مۇدىرمۇ ئامالسىز قالىدۇ. شۇڭا، ئېغىزىڭىزدىن چىققان ھەربىر سۆزنى ئاۋۋال ئويلاپ قىلىڭ، ئوقۇشىڭىز پۈتىدىغانغا يەنە قانچىلىك قالدى؟

— تۆتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تۈگەيدۇغۇ دەيمەن.

— ئاز قاپتۇ، مەنمۇ سىزنى دادىڭىزنىڭ قولىغا ئامان ـ ئېسەن تاپشۇرۇپ بەرسەم دەيمەن، — مەرۇپ ئەپەندى رىزۋانگۈلنىڭ ئوقۇشى تېزرەك تۈگىسە، غۇلجىغا تېزرەك قايتسا، دەپ ئويلاۋاتاتتى، — دادىڭىز سىزنى ماڭا تاپىلىغان. سىزگە مەن ئىگە بولمىسام بولمايدۇ. بۇ كاج پەلەكنىڭ ھېكايىسىنى كىمدىن ئاڭلاپ، كىمگە ئېيتىمىز، ئاڭلىسام، غۇلجىدىمۇ ئۇرۇمچىدىكىگە ئوخشاش «تۇت ـ تۇت» بولۇۋېتىپتۇ. ئەمدى پۈتۈن شىنجاڭ دوزاخقا ئايلىنىدىغان بولدى.

رىزۋانگۈلنىڭ مۇشۇ پەيتتە مەرۇپ ئەپەندىنىڭ ئالدىدىمۇ خېلى گەپلەرنى قىلغۇەتكۈسى بار ئىدى، بىراق كۆيۈنۈۋاتقان ۋە ئۆزىنى ئاياۋاتقان ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىسا بولامدۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دادىسىنىڭ ئاغىنىسى، ئۆزىنىڭ سىرداش دوستىنىڭ دادىسى تۇرسا!

رىزۋانگۈل ھېلىقى ئىشتىن كېيىن گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلىدىغان بولدى. تونۇگۈن مەيداندا ۋالىبول، ۋاسكېتبول ئوينىغان چاغدا ئۇ بىر توپ ئۇرسا ۋارقىراپ بىر خائىننى

ئۇردۇم، بىر توپنى گارغا ئاتسا، بىر خائىننى ئاتتىم دەپ، توپ گارغا چۈشسە بىر خائىننى تۈرمىگە ئالدۇق دەپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق دەپ توپ ئۇرۇشى، توپ تاشلىشى ماركسىزمدىن يۈز ئۆرۈگەن شېڭ شىسەينى خائىن دەپ ھاقارەتلىگىنى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ياپتا گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى رىزۋان ناسىر ۋە ياتاقداشلىرى چۈشىنەتتى. ئۇ جاڭ مۇدىرنىڭ سورىقىدىن كېيىن پەدىسىنى ئۆزگەرتىپ، شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ياپتا گەپلەر بىلەن ئىپادىلەيدىغان بولغانىدى.

## 12

رىزۋانگۈل 1943 ـ يىلى باھارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتى. ئۇ كېلىپلا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ھەيران قالدى، يەنە غۇلجىنىڭ ئاۋۋالقى غۇلجىغا ئوخشىماي قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. «غۇلجا كىشىلىرىنىڭ خۇشخۇيلۇقى، ئوچۇق ـ يورۇقلۇقى، كۆڭۈل ئازادىلىكى، خۇش چاقچاقلىقى، جاراڭلىق كۈلكىلىرى قېنى؟ ... مەرۇپ ئەپەندى غۇلجىدىمۇ ‹تۇت ـ تۇت› بولۇۋېتىپتۇ، دېيۇدى، راست بۇ يەرنىمۇ ئەنسىزلىك، ۋەھىمە قاپلاپ كېتىپتۇ ـ دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئادەملەر ئەتراپىغا گۇمانلىنىپ قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ...» ئۇ ھەتتا دادىسىنىڭمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتكەنلىكىنى، بىر ئېغىز گەپنىمۇ ئويلاپ قىلىدىغانلىقىنى، بىرەرى دەرۋازىنى ئۇرسا، كۆزلىرى پارقىراپ ھودۇقىدىغانلىقىنى، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ كەم سۆز بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى. كوچا دوقمۇشلىرىدا، دۇكانلارنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى يەرلەردە ياش باللار ئۈچ ـ

تۆتتىن بولۇۋېلىپ چاقچاقلىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدىغان، كوچىدىن بىرەر قىز ئۆتسە سۆز تاشلاپ ئويۇن قىلىدىغان ئىشلار نەلەرگە كەتكەندۇ؟ ...

رىزۋانگۈل ئۇرۇمچىدىكى ئوقۇشىنى، ئوقۇش جەريانىدىكى ئەندىشىلىك ئىشلارنى ۋە ئۇ ئىشلارغا بولغان قاراشلىرىنى ئويلاپ قالدى: «ياتاقتا بەش قىز ياتاتتۇق، نېمە تاپساق تەڭ يەيتتۇق (ئۆيدىن خالتا كەلسىغۇ بەش قىزنىڭ بولاتتى)، بازارلارغا بىللە چىقاتتۇق، نېمىنى كۆرسەك، قانداق گەپ ئاڭلىساق، ياتاققا كېلىپ دېيىشىپ، ئۇلارغا نىسبەتەن قاراشلىرىمىزنى ئىزهار قىلىشاتتۇق. يەنە بىر - بىرىمىزنى ئاگاهلاندۇرۇپمۇ تۇراتتۇق. ئاگاهلاندۇرۇشلارنى ھەممىدىن كۆپرەك مەن ئاڭلايتتىم. باشقىلارغا: ‹دىققەت قىلاي› دەپ قويۇپ، يەنە ئۆزۈم بىلگەننى قىلىپ يۈرۈۋېرەتتىم. پەقەت مەرۇپ ئەپەندى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىنلا گەپ - سۆزگە ھەقىقەتەن دىققەت قىلىدىغان بولدۇم، لېكىن ئوچۇق گەپلەرنى ياپتا گەپلەرگە ئۆزگەرتتىم، — ئۇ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ كۈلۈپ قويدى، — خەنزۇ قىزلىرى بىلەنمۇ چىقىشىپ كەتتىم، بۇنىڭغا مېنىڭ ۋالىبول ئويناشتىكى ماھارىتىم سەۋەب بولدى، دېسەممۇ بولىدۇ. توپنى قاتتىق ئۇرۇشۇم، قارشى تەرەپتىن ئۇرۇلغان توپلارنى ئەپچىللىك بىلەن ئېلىشىم ياكى تورىۋېلىشىم، يەنە توپنى ئالداپ ئۇرۇشۇم، ئادەم يوق يەرلەرگە تاشلىشىم خەنزۇ قىزلىرىنى قىزىقتۇرۇپ، مەن بىلەن يېقىنلىشىشىغا سەۋەب بولدى. ماڭا ۋاي دەپ تۇرىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان بولدى (باشقىلارنىڭ سېنى كۆزگە ئىلماسلىقى، مەنسىتمەسلىكى سېنىڭ ئۇلاردىن ھەر جەھەتتىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇشۇڭدىن بولىدۇ). ئۇلارنىڭمۇ شېڭ دۇبەنىنىڭ سىياسەتلىرىگە، قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا بولغان قارشىلىقى كۈچلۈك ئىدى، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلەتتى، باشقىلار توپلىشىپ تۇرغان يەرلەردە ئۇ توغرۇلۇق ھەرگىز گەپ

ئاچمايتتى. ئۇلار بىلەن ئارىلاشقاندىن كېيىن مېنىڭ خەنزۇچە سۆزلىشىم خېلى راۋانلىشىپ، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. غۇلجىغا كەلگەندىن بېرى خەنزۇچىنى ئۇنتۇۋاتىمەن...»

رىزۋانگۇل خىزمەتكە بارغۇچە، كەلگۈچە ۋېلىسىپىت مىنەتتى ـ دە، ئېتتىك ماڭاتتى، ئېتتىك ماڭغاندىمۇ خۇددى بەيگىگە چۈشكەندەك چاپاتتى. ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتتا ئېتتىك كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلەر: «پاھ ـ پاھ، مۇنۇ قىز ئۇچىدىكەنا، جىنىمىدۇ، شەيتانمىدۇ» دەپ بولغۇچە يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ۋېلىسىپىت مىنىش ئومۇملاشمىغان ۋە بۇ يەرلەرگە تېخى سىرتتىن ۋېلىسىپىتلار ئانچىمۇ كىرمىگەن چاغلاردا مۇنداق غۇيۇلداپ ئۇچۇش كىشىلەرنى قىزىقتۇراتتى. بەزى كۈنلىرى ئىشتىن چۈشكەن چاغلاردا ئوغۇللار كوچا ـ كويلاردا رىزۋانگۇلنى ھېلى شەيتانچاقتا ئۇچىدىغان قىز ئۆتىدۇ، تاماشا كۆرىمىز، دېيىشىپ ساقلاپ تۇرۇشاتتى.

غۇلجا ئۇمىد مەكتىپىدە رىزۋانگۇل بىللە ئوقۇغان ئاق سېرىق يۈزلۈك، ئېگىز بويلۇق بالا بۈگۈن كوچىدا ئۇنى ساقلاپ تۇردى. ئۇ رىزۋانگۇلنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان، بىراق يوللاردا ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندا تۇختىماي غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. بۈگۈن ئۇ: «ۋاھ، بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ، ئۇ مېنى تونۇپ تۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتىمۇ ياكى تونۇماي قالدىمۇ ۋە ياكى شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ تونۇماس بولۇۋالدىمۇ؟ يولنى تورىۋالايچۇ، نېمە دەيدىكىن» دەپ تۇرغانىدى، رىزۋانگۇلنىڭ يىراقتىن غۇيۇلداپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. يىگىت يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى، كۆزى ۋېلىسىپىتتا ئىدى. غۇيۇلداپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ۋېلىسىپىت بىردىنلا ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— يائاللا، رىزۋانگۇل، ۋېلىسىپىتىڭىزنىڭمۇ توختايدىغان ۋاقتى بار ئىكەن ـ ھە! — دېدى يىگىت كۈلۈمسىرىگىنىچە

ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ.
— ئەلۋەتتە، توختىسام توختايدۇ، — دېدى رىزۋانگۈلمۇ كۈلۈپ.
— قانداق ئەھۋالىڭىز؟
— خۇداغا شۈكۈر، ئۆزىڭىزمۇ تىنچلىقمۇ؟
— بۈگۈنمۇ تونۇۋاسقا سېلىپ ئۆتۈپ كېتەرمىكىن، دەپ ئويلىۋىدىم.
— نېمىشقا تونۇماسقا سالىدىكەنمەن، سىز ساۋاقدىشىم تۇرسىڭىز.
— نەچچە قېتىم ئالدىمدىن توختىماي ئۆتۈپ كەتتىڭىز.
— مەنغۇ ئىتتىك مېڭىپ دىققەت قىلماپتىمەن، ھەي ئۇكا، سىز تونۇغاندىكىن، چاقىرسىڭىز بولمامدۇ؟
— چاقىراي دېگۈچە قۇيۇندەك ئۆتۈپ كېتىسىز، چاقىرسام توختىماي ئۆتۈپ كەتسىڭىز، سەت بولامدىكىن دېدىم.
— ئۇنداق ئىش يوق، سىلەرنى ئەسلەپ تۇردۇم. ساۋاقداش، مەكتەپداشلىرىمدىن بىرنىمۇ كۆرمىدىم. قانداق، ئۇلار تىنچ - ئامانمۇ، ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ ئۇلارنى شۇنداق كۆرگۈم كەلدى.
— ئۇمىد مەكتىپىنى تۈگەتكەن باللارنىڭ كۆپىنچىسى بىكار يۈرۈۋاتىدۇ، بەزىلىرى گىمنازىيەدە ئوقۇۋاتىدۇ. بەزىلىرىنى ھۆكۈمەت مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتتى، سەھەردە كوچىلارنى ئايلانسىڭىز ئۇلارنى كۆرىسىز، سەھەردە مەشىققە چىقىدۇ.
— ئۇلارنىڭ ئەسكەر بولغىنى ياخشى بوپتۇ، — دېدى رىزۋانگۈل ئۇياق - بۇياققا قاراپ، — ۋاقتى كەلگەندە، ياخشى جەڭچى بولالايدۇ!
يىگىت ئويچان كۆزلىرى بىلەن رىزۋانگۈلگە مەنىلىك قارىدى.
— ئۆزىڭىز نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى قىز.
— ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن خەنزۇ مەكتەپكە ئالمىشىپ

كەتكەن، هازىرغىچە شۇ يەردە ئوقۇۋاتىمەن.
— يېقىن كەلگۈسىدە سىزمۇ كېرەكلىك ئادەمگە ئايلىنىدىكەنسىز.
— تېگى بار گەپلەرنى قىلىسىزغۇ؟
رىزۋانگۈل ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىدى. بۇ بالىنىڭ خەنزۇ مەكتەپكە ئالمىشىپ كەتكىنىگە ئۈچ يىل بولاي دېگەنىدى. مۇشۇ جەرياندا رىزۋانگۈل ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىممۇ كۆرۈشۈپ ياكى ئالاقىلىشىپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇرۇنقى ئاق كۆڭۈل، دوستلىرىغا سادىق، كۆيۈمچان، سەمىمىي بالىمۇ ياكى ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ، قانداق كوچىلارغا كىرىپ كەتتى، بۇنىڭغا هازىر بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. مەرۇپ ئەپەندى ئېيتتىغۇ: «هەرقانداق يېقىن، سىرداش دوستلارغىمۇ گۇمان بىلەن قاراش كېرەك، هازىرقى ۋەزىيەت بىزنى شۇنداق تۈيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى» دەپ. شۇڭا، رىزۋانگۈل مەرۇپ ئەپەندى بىلەن سۆزلەشكەندىن بېرى گەپ - سۆزلەرگە دىققەت قىلىدىغان، ئالدى - ئارقىسىغا قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ مۇشۇ كونا دوستىغىمۇ گۇمان بىلەن قاراۋاتاتتى. رىزۋانگۈل ئالدىدا قىلغان گەپلىرىگە ئۆكۈنۈپ، مەنىلىك گەپلىرىنى تۈز، ئوچۇق - يورۇق گەپكە ئايلاندۇرۇۋېتىشنى ئويلىدى.
— «تېگى بار» دېگەن قانداق گەپ، ئۇقمايمەن، ئەمما كۆپچىلىككە تېخىمۇ كېرەكلىك ئادەم بولاي، دەپ خەنزۇچە ئوقۇۋاتقانسىز، — دېدى ئۇ چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، — ئۆزىڭىز بىلىسىز، مېنىڭ قىزلارغا قارىغاندا، ئوغۇل يېقىنلىرىم كۆپرەك ئىدى. بۈگۈنگە كەلگەندە ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىش مەندەك بىر قىز ئۈچۈن ئەپسىز ئىكەن. ئۇلارغا مەندىن سالام دەڭ، ئۆزۈممۇ بەلكى ئۇلار بىلەن كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالارمەن، خوش.
— بالىلارغا سالىمىڭىزنى يەتكۈزىمەن، بەلكى بىز سىزنى يوقلاپ ئىدارىڭىزگە ياكى ئۆيىڭىزگە بارارمىز. خەير - خوش،

ئاستىراق مېڭىڭ.
رىزۋانگۈل ۋېلىسىپىتقا مىندى ـ دە، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ ئاۋۋالقىدەكلا غۇيۇلداپ يۈرۈپ كەتتى.
رىزۋانگۈل ئادەتتى بويىچە ۋېلىسىپىتنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. كىشىلەرنىڭ ئىشتىن يانغان ۋاقتى بولغاچقا، كوچىدا ئادەملەر كۆپ ئىدى. ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن تۇيۇقسىز كوچىدىن توغرىسىغا ئۆتۈۋاتقان بىر بالىغا سوقۇلۇپ كەتتى. ئۇ دەرھال ۋېلىسىپىتنى توختىتىپ، كۆزلىرىدە ئەندىشە ئۇچقۇنلىرى يانغان ھالدا بالىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. بالىنىڭ ئوڭ بىلىكى سۈرۈلۈپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ:
— بولدى، مەن ... مەن ھېچنېمە بولمىدىم، يولىڭىزغا كېتىۋېرىڭ، ھەدە، — دېدى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.
— ياق، قولۇڭغا قارا، قان ئېقىۋاتىدۇ، يۈرە، مەن ساڭا دورا ئېلىپ بېرەي.
— بولدى دېدىمغۇ، كېتىۋېرىڭ، ئازراق توپا سۈركەپ قويسام قانمۇ توختاپ قالىدۇ.
بۇ يەرگە بىردەمنىڭ ئىچىدە ئادەملەر يىغىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار تۇشمۇتۇشتىن ۋارقىرىشىپ، بالىنىڭ تەرىپىنى ئالماقتا ئىدى.
— نېمانداق سارالڭ بالىسەن، چىڭ تۇر، دورا ئېلىپ بەرسۇن.
— بىرەر يېرىڭ سۇندىمۇ تېخى ...
— ھېچ بولمىسا بىرەر يېرىڭ قايرىلىپ كەتكەندۇ ...
— ھازىر ساقتەك تۇرغان بىلەن كېچىدە ئاغرىپ ياتالماي قالىسەن. تۇرۇپ باققىنە قېنى ...
— كوچىدا ئادەملەر شۇنچە كۆپ تۇرسا، نېمانچە چېپىش بۇ، ئۆزىنى بىلمەي ...
— ئۆزىنى بەيگە مەيدانىدا دەپ قالغان ئوخشايدۇ ـ دە ...
— توپا سۈركىسەڭ بولمايدۇ. بىر ئاغرىقنى ئىككى

قىلىۋالسەن، ياخشى ئەمىلىمىسەك بولمايدۇ. يۈرە، دوختۇرخانىغا ياكى دورىخانىغا بارايلى، — دېدى رىزۋانگۈل جىددىي تەلەپپۇزدا.

— توغرا، شۇنداق قىلىڭلار، — دېدى كېلىشكەن بىر يىگىت ۋە ئۇن بىر ياشلاردىكى بالىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزدى ھەم قىزغا قاراپ: — قېنى، ئۈچقۇر ۋېلىسىپىتىڭىزنى مىنىڭ، دوختۇرخانىغا تېزرەك بېرىڭلار، بالىنىڭ سۆرۈلگەن يېرى ياللۇغلىنىپ قالمىسۇن يەنە.

رىزۋانگۈل ئۇ يىگىتكە «لەپ» قىلىپ قارىدى ـ دە، بالىنى ياخشىلاپ ئولتۇرغۇزۇپ ۋېلىسىپىتنى مىنمەي يېتىلەپ ماڭدى. «بۇ يىگىت كىم؟ بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ، — دەپ ئويلاپ كېتىۋاتاتتى قىز، — قەيەردە كۆرگەندىمەن، ئەجەب تونۇشلا چىرايغۇ بۇ...» قىزنىڭ خىيالىنى بالىنىڭ مۇنۇ گېپى بۆلدى:

— ھەي ھەدە، مېنى بىكارغىلا ئەكېتىۋاتىسىز، قاراڭە، قانمۇ توختاپ قالدى، يا ھېچ يېرىم ئاغرىمىسا ...

— ئۇنداق دېمە، ئۇكام، تەكشۈرتسەك، سەنمۇ خاتىرجەم بولىسەن، مەنمۇ خاتىرجەم بولىمەن ئەمەسمۇ.

— ھەدەڭ توغرا دەيدۇ، تەكشۈرتۈپ قويسا، پايدىسى بولسا بولىدۇكى، زىيىنى يوق، — دېدى ھېلىقى كېلىشكەن يىگىت يېتىشىپ كېلىپ، — شۇنداق ئەمەسمۇ، رىزۋانگۈل؟

رىزۋانگۈل ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. «ئەجەب ئېسىمگە ئالالمايمىنا، مېنى بىلىدىكەن، مەن ئۇنى نېمىشقا بىلمەيمەن، ئىسمىنى دەپ بەرسىغۇ بىلەتتىم، — دەپ ئويلىدى رىزۋانگۈل ئوي ـ خىياللىرىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي، — شۇنداق تونۇشتەكلا قىلىدۇ ...»

ئۇلار دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— سىلەر مەشەدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، تونۇش دوختۇرۇم بار، باشلاپ چىقاي.

— بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىدۇ بۇ قىز، ھېچنېمە بولمىدىم، يا

بىر يېرىم ئاغرىمىسا، دوختۇرنى نېمىگە ئاچىقىدۇ؟
— تەكشۈرگىنى ياخشى، سەنغۇ ھېچنېمە بولمىدىم دەيسەن، — دېدى يىگىت، — ساڭا بىر گەپنى دەپ بېرەي، بىزنىڭ بىر پۇتبولچى ئاغىنىمىز بولىدىغان، پۇتبول ئويناپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ، بۇنى ئۆزى ئۇقماي كۇندۇزى پۇتىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ يۈرۈۋېرىپتۇ، كېچىسى بولغاندا پۇتى ناھايىتى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ، كېچىلەپ دوختۇرخانىغا بارسا، پۇتى سۇنغانىكەن. شۇنداق بولۇپ قالسا قانداق قىلىسەن؟
شۇ ئارىلىقتا رىزۋانگۈل ياشانغان بىر دوختۇرنى باشلاپ چىقتى.
— مانا مۇشۇ بالا، — ئۇ بالىنى ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈرەي دېگۈچە، يىگىت بالىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ يەرگە ئاستا قويدى.
دوختۇر بالىنىڭ قول - پۇتلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى ئالدىرىماي تۇتۇپ كۆرۈپ:
— ئاغرىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ياق، ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى، دەپ شۇنچە يېلىنساممۇ، مېنى بىكارغىلا ئەكەلدى، — دېدى بالا.
— ھېچنېمە بولماپتۇ، سۈرۈلگەن يەرنى ئىسپىرت بىلەن تازىلاپ دورا چېپىپ، تېڭىپ قويسىلا بولىدۇ، — دېدى دوختۇر، — يۈرۈڭ، دورىلارنى يېزىپ بېرەي.
رىزۋانگۈل دوختۇرنىڭ كەينىدىن ماڭدى ۋە ھايال بولماي دوختۇرخانىدىن دورىلارنى ئېلىپ چىقتى - دە، بالىنى دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭ بويىغا ئەكېلىپ ئىسپىرت بىلەن بىلىكىنىڭ سۈرۈلگەن يېرىنى تازىلاپ، دورا چېپىپ، داكا بىلەن تېڭىپ قويدى. ھېلىقى كېلىشكەن يىگىت رىزۋانگۈلنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، كىراسىنى تۆلەپ بالىنى خادىكقا سېلىپ قويدى.
رىزۋانگۈل مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپ ۋېلىسىپىتىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرغاندا، يىگىت گەپ ئاچتى:

— مېنى تونۇمىدىڭىز ـ ھە؟
— بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن، لېكىن زادى ئېسىمگە ئالالمىدىم، — دېدى قىز ئوڭايسىزلىنىپ.
«ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۇرىدىغان قىزمىكىن دېسەم، — دەپ ئويلىدى يىگىت، — بۇ قىزنىڭمۇ ئوڭايسىزلىنىدىغان، قورۇنىدىغان مىجەزىمۇ بار ئىكەنغۇ...»
— بۇلتۇر رۇس گىمنازىيەسى قىزلىرى بىلەن ۋالىبول مۇسابىقىسى ئۆتكۇزدۇڭلارغۇ؟
— ھە، ھە، شۇنداق بولغان.
— مۇسابىقە ئاخىرلىشىپ، ئۆيىڭىزگە قايتقاندا، مەن سىزنى ئەكېلىپ قويغان، بۇغۇ ئېسىڭىزدە باردۇ؟
— بار، بار، — قىز جانلاندى، — شۇ چاغدا بىر بالا ماڭا ئەگىشىپ ئىشىككىچە كەلگەن، شۇ بالا سىز ئىكەنسىز ـ دە؟
— توغرا، شۇ مەن، ئۆيىڭىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىردەم پاراڭلىشايلى دېسەم، سىز ئاكامنىڭ ئاچچىقى يامان، ئىشتىن يانىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، كۆرسە بىزنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ، دەپ مېنى قوغلاپ كەتكۇزۇۋەتكەنىدىڭىز.
— ھە، ھە، ئېسىمگە كەلدى، سىز ھاكىمجان ئەمەسمۇ؟
— ھەرھالدا ئىسمىم يادىڭىزدا بار ئىكەن.
— ئېسىمدە بار، شۇنىڭدىن كېيىن سىزنى زادىلا ئۇچرىتالمىدىم.
— غۇلجىدا بولمىسىڭىز قانداق ئۇچرىتىسىز.
— شۇنداق، ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كەتكەنىدىم.
— ئوقۇشنى تۇگىتىپ كەلگىنىڭىزگە ئىككى ئاي بولدىغۇ دەيمەن.
— مېنى ئىزدىدىڭىزمۇ؟
— ئىزدىمەي، بۇلتۇر سۇرۇشتۇرسەم، ئۇرۇمچىگە كەتتى دېدى، قايسى مەكتەپكە كەتكىنىڭىزنى بىلەلمىدىم.
— بىلگەن بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

— خەت يازاتتىم.

— نېمىشقا؟

ھاكىمجان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، دۇدۇقلاپ يەرگە قارىدى، كۆڭلىگە كەلگەن گەپنى دېيىشتىن ئېھتىيات قىلىپ خىجالەتچىلىكتە قالدى. «بۇ گېپى ئوچۇق قىز، قاتتىق تېگىپ كەتمىسۇن» دەپ ئويلىدى ـ دە، مۇنداق دېدى:

— «بىر كۆرۈشكەن تونۇش، ئىككى كۆرۈشكەن تۇغقان» دېگەن گەپ بار، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىشىپ تۇرايلى.

«ھېلىقى بالا مۇشۇ ئىكەن، شۇ چاغدا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنگەن، كېيىن ئۇقۇشقا كەتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئەمما، ئۇ ھازىرغىچە مېنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ» دەپ ئويلىدى رىزۋانگۈل چىرايى ئېچىلىپ.

— ئۇرۇمچىگە ماڭغاندا، «مەن كەتتىم، خوش !» دەپمۇ قويماپسىز.

— بىز ئۇنچىلىك يېقىن بولمىساق ...

— دەپ قويغان بولسىڭىز يېقىن ئۆتەتتۇق.

— نېمىشقا مەن بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى ئويلاپ قالدىڭىز؟

رىزۋانگۈل ئىچىدە: «ھاكىمجان قانداق جاۋاب قايتۇرار، كۆڭۈلگە ياقىدىغان گەپلەرنى قىلارمۇ ياكى يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلارمۇ» دەپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئۇنىڭغا قوي كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ شۇ ھالىتىدىن ئىشق ھېسلىرى قوزغىلىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ھاكىمجانمۇ تازا پەيتى كەلدى دەپ ئويلاپ، خىيالىغا كىرىۋېلىپ ئارام بەرمەيۋاتقان گەپنى دەۋېتىشنى لايىق كۆردى.

— مەن سىز بىلەن ئادەتتىكى يېقىن ئۆتۈشنىلا ئەمەس، ئەبەدىي يېقىن ئۆتۈشنى، ئۆمۈرلۈك بىللە بولۇشنى ئويلاۋاتىمەن. بىراق، بۇ مېنىڭلا ئويۇم، سىز نېمە دەيسىز، بىلمەيمەن ... — قىزىرىپ كەتكەن ھاكىمجان سەل تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — سىزمۇ مەندەك ئويلىسىڭىز، بېشىم ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى.

خاتا گەپ قىلىپ قويغان بولسام، مېنى كەچۈرۈڭ.
رىزۋانگۈل سەل ئويلىنىپ دېدى:
— مەن سىزگە ئەتە جاۋاب بېرەي، بىر كۈن ساقلاپ تۇرۇڭ.
قىز كەتمەكچى بولۇپ، ۋېلىسىپىتنى مىنىشكە ھازىرلاندى.
— ۋاي خۇدايىم، ئەتىگىچە قانداق قىلارمەن؟
— سىزدە مۇشۇ خىيال پەيدا بولغىلى قانچىلىك بولدى؟
— بىر يىلدىن ئاشتىغۇ دەيمەن.
— بىر يىل چىدىغان ئادەم بىر كۈن تەخىر قىلالمامسىز؟
— بىر يىلنى قانداق ئۆتكۈزگىنىمنى بىلمەيسىز ـ دە...
— قانداق ئۆتكۈزگىنىڭىزنى بىلىپ بولدۇم، مانا بىر ئوبدان تۇرۇپسىزغۇ.
— سىز بىلمەيسىز، ئىچىمدىن تۈگىشىپ كەتتىم ... بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزەرمەن، بۈگۈن تاڭنى مەشەدىلا، كوچىدىلا ئاتقۇزايمىكىن ...
— يائاللا، — دېدى رىزۋانگۈل ياقىسىنى تۇتۇپ، — بىر بالا چىقىرامسىز نېمە ! ... بولدى، بولدى، ئۆيىڭىزگە خاتىرجەم قايتىڭ، دېگىنىڭىزگە قوشۇلدۇم.
— راستما؟
— راست، ئۆمۈرلۈك بىللە ئۆتەيلى.
— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ھەم ھەيران بولغان، ھەم ھاياجانلانغان ھاكىمجان، — تەلىيىم بار ئىكەن، بۈگۈن ئۇڭ يېنىمنى بېسىپ قوپقان ئوخشايمەن، بەخت دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس !
ھاكىمجان شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىكى، ئورنىدا تۇرالماي ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ كەتتى ۋە ئاخىرىدا نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەيمۇ قالدى. ئۇ رىزۋانگۈلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋالغۇسى كەلدى. ئەگەر رىزۋانگۈل: «ھاي ـ ھاي، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، بۇ كوچا ـ ھە !» دېمىگەن بولسا، بەلكى ئۇ شۇنداقمۇ قىلار ئىدى.

رىزۋانگۈل خوش دەپ قويۇپ، ۋېلسىپىتىنى مىنىدى ـ دە، ماڭدى.

ـــ ئەمدى قاچان كۆرۈشىمىز؟ ـــ دېدى ھاكىمجان ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ.

ـــ ئەتە كەچتە مەشەدە، ـــ ئۇ غويۇلداپ يۈرۈپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

«ئەگەر ۋېلسىپىتىم بولغان بولسا، ـــ دەپ ئويلىدى ھاكىمجان ئورنىدىن قوزغىلىپ، ـــ بۈگۈن يېرىم كېچىگىچە كوچىلارنى ئايلانغان بولار ئىدىم.»

رىزۋانگۈل ئوقۇشنى تۈگىتىپ كەلگەندىن بېرى مىجەزى ئۆزگىرىپ قالغاندەك گەپ ـ سۆزلىرى ئازلاپ، ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا ئاتا ـ ئانىسىمۇ، قېرىنداشلىرىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى جۇشقۇنلۇقى، خۇشخۇيلۇقى، چاقچاق ـ سۆزمەنلىكى نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇلارنى ئۈرۈمچىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتكەن بىر يىللىق ھاياتى ئېلىپ قالدىمۇ؟ ... ھەرھالدا ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى ئۆزگىرىشلىرىدىن ئاتا ـ ئانىسى رازى ھەم خۇشال ئىدى.

بىر كۈنى رىزۋانگۈل كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئاشخانىدا دادىسى بىلەن يالغۇز قالدى.

ـــ دادا، ـــ دېدى ئۇ كۆڭلىگە سىغدۇرالمىغان ئىشلاردىن سۆز ئېچىپ، ـــ بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋر قانداق دەۋر بولۇپ كەتتى ـ ھە؟ ...

ـــ قانداق دەيسەن، قىزىم؟

ـــ ئۈرۈمچىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى ساڭا سۆزلەپ بەرگەنىدىم. بۇ يەرگە كەلسەممۇ، «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەندەك، ھەممە ئىش ئوخشاش ئىكەن. مەكتەپلەردىلا بىرمۇنچە ئوقۇتقۇچى تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ، ھەتتا گىمنازىيەنىڭمۇ بىرنەچچە ئوقۇغۇچىسىنى قايسى كۈنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىشتىن، بىلىم بېرىشتىن باشقا نېمە گۇناھى بار؟ ! مەن

بۇلارنى ئاڭلاپ بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇخلىيالمىدىم.

— ھەي بالام، شىڭ شىسەي تازا ئەدىگىلى تۇردى، — دېدى دادىسى شىۋىرلاپ.

— ئەدىبلا ئەمەس، تازا غالجىرلاشتى دېگىنە. قارا، دادا، گىمنازىيەنىڭ كىۋىر دەيدىغان بىر ئوقۇغۇچىسى بولىدىغان، ۋاللىبولمۇ ئوينايتتى، پۇتبولمۇ ئوينايتتى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا سىزىلغان بىر پارچە رەسىمنى ساقلاپ يۈرۈپتىكەن. ئۇ رەسىمدە ئۇرۇشتا بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ، قولتۇق تاياق بىلەن فىرونتتىن قايتقان قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنى يېزىدىكى بىر رۇس قىزىنىڭ ئىككىلەنمەي قارشى ئالغانلىقى تەسۋىرلەنگەنىكەن. كىۋىر ئۇ رەسىمنى يېتىش ئالدىدا ياتاقداشلىرىغا كۆرسىتىپ، ئۇ رەسىمنى سىزغان رەسسامنى ماختاپ كېتىپتۇ. ئەتىسى كېچىدە باش ساقچىخانىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ كىۋىرنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ، دادا؟ ئۇ رەسىمنى سىزغان رەسسامنى ماختىغانىنىڭ نېمىسى يامان زادى؟

— ھەي قىزىم، — دېدى ھاشىم ئاخۇن ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەندىن بۇيان قىزىل ئارمىيە بىلەن خەلقىنىڭ ئىرادىسىنىڭ چىڭلىقىنى ماختاش بۇياقتا تۇرسۇن، ئىتىنى ماختاپ قويساڭمۇ گۇناھ بولىدىغان بولدى. ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا قىزىل ئارمىيە ئىتلارنى تەربىيەلەپ فاشىستلارغا قارشى بەدىنىگە بومبا تېڭىپ ئۇرۇشقا كىرگۈزۈپتۇ، دەپ قويغان ئادەملەرنى تۇتقان يەردە، ئادەملەرنى ماختىغانلارنى تۇتۇش ئادەتتىكى ئىش، قىزىم، بۇنىڭغا ھەيران قالما.

— مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلىسام، — ئۇنىڭ قوي كۆزىدە، بۇغداي ئۆڭ يۈزىدە بىر قارىساڭ غەزەپ، بىر قارىساڭ ھەسرەتلىك ئۇچقۇنلار يېنىپ كەتكەندى، — تىت - تىت بولىمەن، غەزىپىم تاشىدۇ، يەنىلا جىمغۇر بولۇۋالاي دەيمەن، شۈكلەپ

كەتكىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.

— ۋەزىيەت نازۇكلىشىپ كەتتى، قىزىم، ئادەم غەزەپ - نەپرىتىنى سۆزلەش ئەمەس، ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەپ قويۇشىغىمۇ بولمايدۇ. قاراملىق قىلغانلىق ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەنلىك ۋە ئۆزىنى نابۇت قىلغانلىق بولىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئادەم بارلىق ئەقىل - دىتىنى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىشلىتىشى كېرەك.

ئاتا - بالا ئىككىيلەن يېرىم كېچىگىچە پاراڭلاشتى.

*    *    *

بىر يىل «تۇت - تۇت»، ھەسرەت - نادامەت ۋە ئۇنسىز غەزەپ بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

1944 - يىلى 6 - ئايدا رىزۋانگۈلنىڭ دوستى رىزۋان ناسىر ئۈرۈمچى قىزلار مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. ئىككى دوست يەنە تېپىشتى. غۇلجىمۇ ئۈرۈمچىدىن قېلىشمايدىغان ھالغا كەپتۇ، دەپ پاراڭلىشىپ قالاتتى ئىككىسى. «ھەركۈنى كېچىسى ئادەم تۇتۇش، گۇمانلىق ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. گەپ - سۆزلەرگە دىققەت قىلمىساق بولمايدىكەن، سىنالمىغان ئادەملەرگە سىرىمىزنى بىلدۈرۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك ئىكەن» دېيىشتى ئۇلار. يېقىنقى كۈنلەردە بەزى ئادەملەر يېزىلاردا، شەھەرگە يىراق جايلاردا، ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان يەرلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرىدىغان ۋە بەزىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇۋاتاتتى.

رىزۋانگۈل ھېلىمۇ ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتاتتى. رىزۋان ناسىر ئانا مەكتىپى — ئۈمىد مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشتى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن رىزۋانگۈل دوستىنى ئىزدەپ مەكتەپكە كەلدى، كېلىپلا ھەيران

قالدى. مەكتەپ ئىچى سۆرۈن، جىمجىت ئىدى. بۇرۇنقى قاينام - تاشقىنلىقا چۆمگەن تەنتەربىيە ئويۇنلىرىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېتىك - جۇشقۇنلۇقىدىن، ئۆرلەپ تۇرغان كۆتۈرەڭگۈ روھىدىن، كۈلكە - چاقچاقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، مىڭدىن ئوشۇق ئوقۇغۇچىسى بار مەكتەپكە ئوخشىماي قالغانىدى.

— رىزۋان، — دېدى رىزۋانگۈل ھەيران بولغان ھالدا، — مەكتەپ ئىچى نېمانداق جىمىپ كەتتى؟ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېتىك - جۇشقۇنلۇقى، ۋالىڭ - چۇڭلىرى قېنى؟ ئەنە قارا، ئۈچ - تۆتتىن بولۇۋېلىپ پىچىرلىشىپ يۈرىدۇ، يېقىنراق بېرىپ قالساڭ پىچىرلىششىمۇ ئۆچىدۇ. بۇ مەكتەپ بولمايلا قاپتۇغۇ، قارا، تەنتەربىيە مەيدانىمۇ قۇرۇقلا تۇرىدۇ.

— ھازىرقى ئەنسىزلىكتىن ھېچكىم چەتتە قالغان ئەمەس، قارىغىنا، ھەممە ئادەم — ئوقۇتقۇچىمۇ، ئوقۇغۇچىمۇ ۋەھىمىدە قالدى. مەكتەپ تاقالمىغان بىلەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. كەلگەنلىرى مانا مۇشۇنىڭدەك جىمىپ، ئالاقزەدىلىك يانغان كۆزلىرى بىلەن ئۇياق - بۇياققا قاراپ، نېمىدىندۇر ئېھتىيات قىلىپ كۇسۇرلىشىدۇ. قاتتىق ئىسسىقتا دىمىقتىلىق باشلىنىپ، ئاخىرىدا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتكەندەك، بۇ بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ بىر دەردى بارمىكىن دەيمەن، — دېدى رىزۋان ناسىر كۆڭلىدىكى سىرىنى ئېچىپ.

— شۇنداق، دېگەنلىرىڭ توغرا، بۇ جىمجىتلىق، بۇ دىمىقتىلىق چوقۇم پارتلايدۇ، ئاخىرىدا تۇسۇۋالغۇسىز كەلكۈن پەيدا بولىدۇ ! — دېدى رىزۋانگۈل كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا.

— قارا، ساڭا بىر گەپنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— نېمە گەپ ئىدى؟

— سېنى سوراق قىلغان جاڭ مۇدىرنى تۇتۇپ كەتتى.

— قاچان، نېمىشقا؟ — رىزۋانگۈلنىڭ قوي كۆزلىرى ياندى.

— سەن كېتىپ بىرەر ئايدىن كېيىن، ئۇ ياخشى ئادەم ئىكەن.

— قانداق دەيسەن؟ — رىزۋانگۈلنىڭ تەقەززالىقى ئىشىپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى.

— ئۇچۇ قارا، كوممۇنىستلارنى ياقلاپ ھەم يوشۇرۇپ، ئۇلار ئۇستىدىن كەلگەن ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈۋېتىپتىكەن.

— ھە، مۇنداق دېگىن، — رىزۋانگۈل چوڭقۇر ئويغا پاتتى ۋە چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، — ئەسلىدە ئۇ ئىنقىلابچى ئىكەن - دە...

— ئۇنداق بولمىسا سېنى ئۆز ۋاقتىدا تېگىشلىك ئورۇنغا چاقىقان ھەم ماتېرىياللىرىڭنىمۇ يوللاپ بەرگەن بولاتتى.

— شۇنداق بولاتتى، مەنمۇ شۇ چاغدا تۇتۇلۇپ كەتكەن بولاتتىم، ۋاي ئىسىت، ئاشۇ چاغلاردا ئەجەب ئۇقماپتىمەن.

— ئۇققان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟

— ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ھەرىكەت قىلاتتۇق.

رىزۋان ناسىر دوستىنىڭ جىددىي تۈس ئالغان چىرايىغا، يېنىپ كەتكەن كۆزلىرىگە، بىر ئورۇندا تۇرالماي مىڭىشلىرىغا تىكىلىپ قاراپ كەتتى - دە: «راست، بۇ شۇنداق قىلىشتىن يانمايتتى» دەپ ئويلىدى.

— ئىنقىلاب پارتلىسا، جاللات شېڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى كومپەيكۇم بولاتتى، شۇ چاغدا ئۇنى سوراق سەھنىسىگە ئاچىقاتتۇق. مەن سوراقچى بولسام، ھە ... ئۇنى نېمە قىلىۋېتەر ئىدىم ...

— بولمىغان ئىشلارنى سۆزلەپ نېمىمۇ قىلارسەن؟

— ئادەم بوگۈنىلا ئويلىماي، ئەتە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قويۇشى كېرەك.

— ئاستىراق سۆزلە، — دېدى رىزۋان ئەتراپىغا قاراپ، شۇ چاغدا ئىككىسى ئوقۇتقۇچىلار بۆلۈمىگە ئەگىلىدىغان دوقمۇشتا تۇراتتى، — يۈرە، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، ئۆتكەندە سەن بارغاندا ئۆيدە ئاپام يوق ئىدى، كۆرۈشۈپ كەل.

ئىككىسى چوڭ كوچىغا چىقتى. كۈن قايرىلغان بولۇپ،

ئىسسىق تېخى تارقاپ كەتمىگەنىدى. كوچىدا ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈۋاتقان كىشىلەر كۆپ ئىدى. بىرلىرىنىڭ چىرايلىرى تەمكىن، بىرلىرىنىڭ ئالاقزادە، بىرلىرىنىڭ خىيالچان ۋە بىرلىرىنىڭ تۈرۈلۈپ كەتكەن، قىسقىسى، خۇشال ـ خۇرام، ئەركىن ـ ئازادە چىرايلار كەم ئىدى. ئۇلار ئۈچىنچى يان كوچىغا بۇرۇلۇپ، چاڭ ـ توزانسىز، ۋاڭ ـ چۇڭسىز، بۈككىدە دەل ـ دەرەخلىك، سالقىن مەھەللىگە قەدەم قويدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ راھەتلەنگەنلىكىنى سەزدى.

## 13

8 ـ ئاي كىرىشى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان، خەلقنىڭ كۆڭلىگە مايدەك ياقىدىغان گەپلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى ۋە بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. قەيەردە بولسۇن، بەش ـ ئالتە ئادەم يىغىلىپ قالسىلا بۇ ھەقتە پاراڭغا چۈشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان گەپلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ ناھايىتى تېزلا تارقىلاتتى. شۇنىڭغا قارشى كېچىلىرى ئادەم تۇتۇش، تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەرنى تېپىپ ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىش، ئاختۇرۇش، بۇلاش ئىشلىرىمۇ كۆپىيىۋاتاتتى. مۇنداق ئىشلارنى ھۆكۈمەت باش بولۇپ ئۇيۇشتۇرۇۋاتاتتى. «نىلقىدا خەلق قوزغىلىپ ھۆكۈمەتنى پاراكەندىچىلىككە سېلىۋېتىپتۇ»، «نىلقا تاغلىرىدا ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭچىلار پەيدا بوپتۇ»... ھۆكۈمەتنى چۆچۈتۈۋەتكەن ھەم ئالاقزادە قىلىۋەتكەن خەۋەرلەر ئاساسەن مۇشۇلار ئىدى. بۇ خەۋەرلەرگە قارشى ھۆكۈمەتمۇ تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، بارلىق ئامال ـ چارىلەرنى ئىشقا سالماقتا ئىدى. ھۆكۈمەت تەشۋىقاتلىرىدا مۇنداق دېيىلمەكتە ئىدى: نىلقىدا

«ئالتە ئوغرى» پەيدا بولۇپ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىماقتا، بۇلاڭچىلىق قىلماقتا، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى خورلىماقتا، خەلقنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى پاراكەندە قىلماقتا. ئۇلار ئوغرىلار، بۇلاڭچىلار، باسقۇنچىلار ... بۇنىڭغا قارشى ھۆكۈمەت ئىلقىغا قوشۇن ئەۋەتتى، خاتىرجەم بولۇڭلاركى، ئۇلار تېز ئارىدا يوقىلىدۇ، خەلقنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشى باشلىنىدۇ. پىتنە ـ پاساتقا ھەرگىز ئىشەنمەڭلار.

— ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتى يالغان، — دېدى رىزۋانگۈل تاقەتسىزلىنىپ، — ئىككى يىلدىن بېرى ھۆكۈمەتنىڭ قانداق سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، قانداق شۇملۇقلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىز بىلمەيمىزمۇ؟! يالغان سۆزلەپ خەلقنى ئالداش گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ماھىيىتى.

— «ئالتە ئوغرى» دېگەنلەر ئىنقىلابچىلار، ھەرگىزمۇ ئوغرىلار ئەمەس، — دېدى رىزۋانمۇ ئۇنىڭغا ئۈن قېتىپ، — ئۇلار خەلقنى بۇلىمايدۇ، بەلكى ئازاد قىلىدۇ !

— قارا، ئاداش، بۈگۈن بازار ئارىلاپ كىشىلەرنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، چىرايى ۋە روھىي ھالىتىنى كۆزىتىپ باقايلى، خەلقنىڭ رايىنىمۇ بايقاپ باقامدۇق، قانداق دېدىم؟

— توغرا دېدىڭ، خەلقنى كۆزىتىپ باقايلى، يۈرە.

ئىككىسى ئۈچدەرۋازىنىڭ چوڭ كوچىسىدا پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئەمدى شۇ مەسلىھەت بويىچە كوچا ئايلىنىمىز، دەپ ئالدىرىماي ماڭدى. كۆككۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە خۇددى شەھەرنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان قورقۇنچلۇق ئىككى شىرنىڭ تاش ھەيكىلى ئورنىتىلغانىدى ھەم دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى ئەسكەر قوشۇمىسىنى تۇرۇپ قېتىپ تۇراتتى. شىر بىلەن ئەسكەرنىڭ تۇرقىدىن قانداقتۇر دەھشەت يېغىپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ سۈرلۈك جايدىن تېزلا كەتتى، چۈنكى

بۇ يەردە ئۇزاق تۇرغىلى بولمايتتى.

— گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاشۇ شىرغا بەك ئوخشايدۇ ـ ھە، ئۇ قانچىلىك ئادەملىرىمىزنى يۇتۇپ كەتتى، يەنە قانچىلىك ئادەملىرىمىزنى يۇتار؟

— شۇڭا قارشىلىق كۆپىيىۋاتىدۇ ـ دە.

ئىككىسى توغراكۆۋرۈككە كەلدى. توغراكۆۋرۈكنىڭ كەڭ كوچىسى تۆت كوچىنى تۇتاشتۇراتتى. بۇ يەر ئاشپۇزۇللار، ھەشەمەتلىك دۇكانلار، كىرا قىلىدىغان خادىك ھارۋىلار، يايمىچىلار، يېمەك ـ ئىچمەك بوتكىلىرى ۋە ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كاتتا بازار ئىدى. ئوقەتچىلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ ۋارقىراشلىرى قۇلاقنى ياراتتى. ئۇچتىن ـ تۆتتىن، يەتتە ـ سەككىزدىن غۇژمەكلىشىپ تۇرغان ئادەملەر ئەنسىزلىك ياڭغان كۆزلىرى بىلەن ئۇياقتا ـ بۇياققا قارىشىپ، كۇسۇرلىشىپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى. ئىككىسى قايسى توپقا يېقىنلاشسا، ئۇلار شۇ ئان گەپلىرىنى توختىتىۋالاتتى. قىزلار ئۇلارنىڭ نېمىدەپ كۇسۇرلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە گەپلىرىنى دەرھال توختىتىۋېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى پەملەپ بولدى ـ دە، ئۇ يەردىن تاشلەپكە بازىرىغا قاراپ ماڭدى. تاشلەپكە بازىرى بىلەن خەنزۇ بازىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كېتەتتى. بازارلار ئىچىدە مۇشۇ يەردە ئادەم ئەڭ كۆپ ئىدى. بۇ يەردىمۇ توغراكۆۋرۈكتىكىگە ئوخشاش ئادەملەر كۇسۇرلىشىپ پاراڭ قىلىدىغان، ئەتراپىغا ئەنسىزلىك ياڭغان كۆزلىرى بىلەن قارىشىپ كېتىدىغان ھالەتلەر شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇچقۇچىلارنىڭ ئۇششاق ئوقەتچىلەر ھەم ھارۋىكەشلەرگە زورلۇق قىلىۋاتقانلىقى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. شۇ تۇپەيلى جېدەل ـ ماجىرالارمۇ تۇغۇلۇپ تۇراتتى. ئۇچقۇچىلار ئالتە ـ يەتتە چاقىرىم كېلىدىغان ئايروپىلان ئىستانسىسىدىن ھەر كۈنى بۇ يەرگە كىرىپ كۆكتات، گۆش، تۇخۇم، مېۋە ـ چېۋىلەرنى سېتىۋېلىپ، خادىك ھارۋىلارنى كىرا قىلىپ ئاچىقىپ كېتەتتى. ئۇلار يېقىندىن بېرى كىرا ھەققىنى

خالىسا بېرىدىغان، خالىمىسا بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. هارۋىكەشلەرمۇ خادىكلىرىنى بۇلارغا كىرا قىلمايمەن، دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولدى. ئەنە، ئاۋۇ يەرگە ئادەملەر ئولىشىپ قاپتۇ، نېمە بولغاندۇ؟ ئىككى قىز شۇ يەرگە كەلدى. ئولاشقان ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا قامچا كۆتۈرۈۋالغان ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا بىلەن بىر ئۇچقۇچى بىر - بىرىگە دېۋەيلىشىپ تۇراتتى. چىرايىدا قان قالمىغان بالا:

— هارۋامنى كىرا قىلمايمەن دېدىم، كىرا قىلمايمەن! — دېدى بوغۇلۇپ.

مايلىشاڭغۇ ئۇچقۇچى كىيىمى كيگىنى بالىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى - دە:

— ماڭامسەن، ماڭمامسەن، يا ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟! — دېدى بالىنى سىلكىشلەپ. بالا هارۋامنى كىرا قىلمايمەن دېگەنسېرى، ئۇچقۇچى ئۇنى قىستاپ زورلۇق قىلماقتا ئىدى. شۇنچە كۆپ ئادەم يىغىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى بىرەرىمۇ گەپ قىلماس ئىدى. شۇ ئارىلىقتا بىرىنىڭ يەنىلا بالىغا كۆچى يەتتى:

— بولدى، ئۇكا، ئاپىرىۋەتكىنە، يېقىنلا يەرغۇ ئۇ، بولمىسا بۇ رودۇپايدىن قۇتۇلالمىغۇدەكسەن.

— قايسى كۈنى بىرى نەرسە - كېرەكلىرىنى ئاپىرىۋېلىپ، پۇل بەرمەي قوغلىۋەتتى، پۇل بەر دەپ تۇرۇۋالسام يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ تەڭلەۋاتىدۇ، ئاران قېچىپ كەلدىم. پۇل بېرىمەن دېگىنى بىلەن، ئاپىرىۋالغاندىكىن بەرىبىر بەرمەيدۇ، — دېدى بالا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ.

راست دېگەندەك، ئۇچقۇچى تاپانچىسىنى چىقىرىپ بالىغا تەڭلىۋىدى، بالا قورققىنىدىن يىغلىۋېتىشكە ئاز قالدى - دە، ئۇنىڭ كۆكتاتلىرىنى هارۋىسىغا بېسىپ، نائىلاج ماڭدى.

— كۆردۈڭمۇ بۇ زورلۇقنى؟ — دېدى رىزۋانگۈل كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، — خەلق تېخى ئويغانماپتۇ.

— شۇنداق، — دېدى رىزۋانمۇ، — خەلق تېخى غەپلەتتە ئىكەن، ئۇچقۇچىلارغا ھۆكۇمەتنىڭمۇ كۇچى يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ.

— ھۆكۇمەت ھازىر دىققىتىنى نىلقا قوزغىلاڭچىلىرىغا قارىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ پۇقرالار بىلەن نېمە ئىشى؟ سەن قولۇمغا ئېسىلىۋالمىغان بولساڭ، ھېلىقى مۇناپىقنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۇرۇپ ئىككىنى سالاي دېۋىدىم.

— ئۇنىڭ قولىدا تاپانچىسى تۇرسا، سەن قانداق قىلالايتتىڭ؟

— شۇ، قولىمىزغا تاپانچا ئالمىغۇچە بوزەك بولغىنىمىز بولغان.

شۇ ئارىلىقتا نېرىدا تۇرغان بىر توپ ئادەمنىڭ ۋاڭ - چۇڭى كۆتۇرۇلدى. ئىككىسى يۇگۇرۇپ شۇ يەرگە باردى ۋە: «نېمە بولدى، نېمە بولدى؟» دەپ توپ ئارىسىغا كىردى. ئۇلار ئارىسىدىكى قاپقارا بۇرۇتلۇق، بۇغداي ئۆڭ ئادەم نېمە بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى:

— مۇنۇ دېھقان تۇخۇم سېتىپ ئولتۇرۇپتىكەن، مۇنۇ قېرى ئۇچقۇچىلارنىڭ ئاشپىزى ئوخشايدۇ، تۇخۇمۇڭ نەچچە دانە، دەپ سوراپتۇ. دېھقان ئىككى يۇز ئەللىك دانە دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ماۋۇ قېرى ھەممىسىنى ئالىمەن، دەپ سېۋىتى بىلەنلا ھارۋىغا بېسىپ مېڭىپتۇ. دېھقان تۇخۇمىنىڭ پۇلىنى بەرمەمسەن دېسە، ئەتە بېرىمەن، دەپ مېڭىپتۇ. دېھقان ئەمىسە تۇخۇمىنىمۇ ئەتە ئال، دەپ تۇخۇمنى سېۋىتى بىلەن ھارۋىدىن چۇشۇرۇۋاپتۇ. ئۇ تۇخۇمنى ئالىمەن دەپ، دېھقان بەرمەي، مۇشۇ جېدەل تېرىلدى.

— شۇنچە ئادەم، — دېدى رىزۋانگۇل غەزەپلىنىپ، — مۇشۇ قېرىغا كۇچۇڭلار يەتمەي قاراپ تۇردۇڭلارمۇ؟

— بىز بىرنېمە دېگۇچە قورال تەڭلەپ بولىدۇ، ھەر كۇنى بولۇۋاتقان ئىشلار بۇ.

— قورال تەڭلىسە، ئۇنى تارتىۋالامسىلەر؟ — دېدى رىزۋانگۇل، — ئۇ ئۆلەرمەننىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟

شۇ ئەسنادا ئۇ قېرى دېھقاننىڭ كاچىتىغا ئىككى ـ ئۈچنى ئۈرۈۋېتىپ تۇخۇمنى سېۋەتتى بىلەنلا ھارۋىغا باستى. دېھقان ئۈنىڭغا ئىېسىلدى. ئاخىر ئۇ قورالىنى قولىغا ئالدى ـ دە، دېھقاننىڭ پېشانىسىگە تەڭلىدى.

ئارىدىن بىرەر ئەركەك چىقىپ، بۇ ئۇششۇقلۇق، زورلۇققا قارشى چىقمىدى ۋە ئۇنى غۇلجا ياشلىرىدەك بىر پەشۋا بىلەن يىقىتىۋېتىپ، قولىدىكى قورالنى تارتىۋالالمىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان رىزۋانگۈلنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياندى ـ دە، قېرى ئاشپەزنىڭ قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ ئىككى كاچات ئۇرۇپ، قولىدىكى قورالنى تارتىۋېلىپ، يېنىدىكى سۇ ئېقىنىۋاتقان ئۆستەڭگە تاشلىۋەتتى. ئۇ رىزۋانگۈلگە يۈگۈرمەي، ئۆستەڭگە قورالنى تېپىۋېلىشقا يۈگۈردى ۋە سۇ تىزىغا كېلىدىغان ئۆستەڭدىن قورالنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

يىغىلغان ئادەملەر بىر تەرەپتىن رىزۋانگۈلگە ئاپىرىن ئېيتىشسا، بىر تەرەپتىن ئۇنى قېچىپ كېتىشكە دەۋەت قىلاتتى:

— بارىكالل، باتۇر قىز ئىكەنسىز، ياشاپ كېتىڭ.

— ئوغۇل باللارمۇ قىلالمايدىغان ئىشنى قىلدىڭىز، رەھمەت سىزگە.

— قېچىڭ، سىڭلىم، بولۇڭ، دەرھال قېچىڭ، ئۇ چىقىپ بولغۇچە قېچىپ كېتىڭ!

— ئۇ چىقىپ قالسا ئىش چوڭىيىپ كېتىدۇ، سىزگە ئوق چىقىرىشىمۇ مۇمكىن، دەرھال قېچىڭ!

ئىككى قىز قاچتى. ئۇلار مەكتەپتىكى مۇسابىقىلىرىدە يۈگۈرگەندەك يۈگۈرۈپ بىردەمدىلا تاشلەپكە بازىرىغا كېلىپ قالدى.

— سەن ئۇياققا قاچ، ئىككىمىز بىللە قاچساق بولمايدۇ، — دېدى رىزۋانگۈل ھاسىراپ تۇرۇپ ۋە كەينىگە قاراپ.

رىزۋان ئوڭغا بۇرۇلۇپ بوينىكېسىك مەھەللىسىگە قاراپ يۈگۈردى. رىزۋانگۈل ئۇدۇل يۈگۈرۈپ مەتنىياز ھاجىنىڭ سارىيى

ئالدىدىن ئۆتۈپ، سولغا بۇرۇلۇپ سېپىلىياقىسى كوچىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ كوچىدىن چىقىپ، سۇدەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى ۋە توختاپ ئۇياق - بۇياققا قارىدى. «ھېلىقى ئۆلەرمەن، — دەپ ئويلىدى قىز كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن بىرەر ئادەمنى كۆرمىگەندىن كېيىن، — تېخىچە ئۆستەڭدىن تاپانچىسىنى ئىزدەپ يۈرەمدىغاندۇ؟ ئۆستەڭدىن چىققان بولسىمۇ، ئابايىقى ئادەملەر ئۇنىڭغا مېنىڭ نەگە كەتكەنلىكىمنى، قاياققا قاچقانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەتتىمۇ؟»

ئەمما، رىزۋانگۇل بۇ يەرگە كېلىپمۇ يەنە بىر جېدەلنىڭ ئۇستىگە چۈشۈپ قالدى. ئۆستەڭ بويىغا نۇرغۇن ئادەم يىغىلىپ كەتكەنىدى. رىزۋانگۇل ئۇ يەرگىمۇ باردى. ئۇچ ئۇچقۇچى بۇ يەرگە خادىك ھارۋىنى كىرا قىلىپ كېلىپ، رەھمەت دەپ قويۇپ، كىرا ھەققىنى تۆلىمەي يولىغا ماڭغان، ھارۋىكەش بالا كىرا ھەققىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى.

— نېمە ! ... بىز سەنلەرنى قوغداۋاتساق، بىزدىنمۇ پۇل تەلەپ قىلىشامسەن؟

— پۇل بەرمىسەڭ، مەن ئاتنى نېمە بىلەن باقىمەن، رەھمەت - تەزىمگە ئاتنىڭ قورسىقى تويمايدۇ.

— ھۇ نائىنساب !

— نائىنساب دېگەن ئۆزۈڭ، — دېدى ھارۋىكەش ئاچچىقى بىلەن، — نائىنسابلىقنى ئۆزۈڭ قىلىپ، ماڭا ئارتىپ قويماقچىمۇ؟ ... «ئۆزىدە تاغارلاپ تۇرسا، كىشىگە قاپ ئېلىپ يۈگۈرۈپتۇ» دېگەن مۇشۇ - دە.

— نېمە دەۋاتىسەن، ھەي ھايۋان؟ — ئېگىز بويلۇق شۇنداق دېدى - دە، ھارۋىكەشنىڭ ئوڭ مەڭزىگە بىرنى سالدى. قالغان ئىككىسىمۇ ھارۋىكەشنى ئۇرۇپ، تېپىپ كەتتى. ئادەملەر تېخىمۇ كۆپ يىغىلىشقا باشلىدى. چىرايلىرىغا غەزەپ - نەپرەتى ئۆرلەپ چىققان كىشىلەر ئۇچقۇچىلارنىڭ يولسىزلىق، زورلۇقلىرىغا چىدىيالمايۋاتسىمۇ، بىراق ھارۋىكەشنى ھىمايە

قىلالماي ۋاتقانلىقىغا تىت ـ تىت بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئۈچقۇچىلار ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگە قادىلىپ تۇرغىنىغا پەسەنت قىلماي، ئۆزلىرىچە تىرىكىپ ئۇلارنى تىللاشقا ئۆتتى:
— يوقىلىش، هارامتاماقلار ! ھەممىڭ ئەسكى، ھەممىڭ بۇزۇق !
ئېگىز بويلۇق يىغىلغان ئادەملەرنى شۇنداق دەپ تىللاۋاتقاندا، يەنە بىر ئۈچقۇچى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان يۇسۇپ ئىسىملىك ئېگىز بويلۇق، قارامتۇل كەلگەن ئوقۇتقۇچىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. ئۇ نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ، نېمىشقا ئۆزى بىر كاچات يېدى، ئاڭقىرالماي تۇرغاندا، ئىككىنچى ئۈچقۇچى تېخىمۇ ئەدەپ ئۇنى ئۇرۇپلا كەتتى. بۇ خورلۇققا چىدىمىغان يۇسۇپ ئالدىدىكى ئۈچقۇچىنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ قەھرى بىلەن بىر ئۇسۇۋىدى، ئۇ يېنىدىكى ئۆستەڭگە پولاڭلاپ چۈشۈپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئىككى ئۈچقۇچى ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋېدى، يۇسۇپ مۇشت، پەشۋا بىلەن ئۇلارنىمۇ ياتقۇزۇۋەتتى.
— ياشاپ كېتىڭ ! ھەقىقىي ئوغۇل بالا ئىكەنسىز ! — توپ ئىچىدىن ۋارقىرىدى رىزۋانگۇل.
يەردە سۇنايلاپ ياتقان ئىككى ئۈچقۇچى تۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرالمىدى. ئۇرۇلغان توپتەك پولاڭلاپ سۇغا چۈشۈپ كەتكىنى ئۇر ـ ئۇرغا قالغان چاشقاندەك ھالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن ئىزا تارتتىمۇ ياكى سۇغا چۈشۈپ كېتىپ تۇكلىرى تەتۈر ئۆرۈلگەن ئاسلاندەك تۇرقىدىن خىجىل بولدىمۇ ۋە ياكى قاتتىق تەگكەن باشنىڭ زەربىسىدىن ھوشىغا كېلەلمەي قالدىمۇ، ئۆستەڭدىن تېخىچە چىقالماي ۋاتاتتى.
رىزۋانگۇل ئۈچ ئۈچقۇچىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتكەن قورقۇمسىز، ۋىجدانلىق يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، دېدى:
— غۇرۇرلۇق ئادەم ھەرقانداق تەھدىتتىن قورقماي، ھەققانىيەتنى مەڭگۈ ياقلايدۇ ! ئۇ مەلئۇن ئۆستەڭدىن چىققۇچە، دەرھال قېچىڭ، ئەپەندى.
— مەن نېمە گۇناھ قىلدىم، نېمىشقا قاچقۇدەكمەن؟

— توغرا، سىز ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىدىڭىز، لېكىن ئۆزىڭىزنى نابۇت قىلماڭ، — دېدى رىزۋانگۈل يالۋۇرۇپ، — ھازىر گۇناھ بار ـ يوق دەپ ئايرىيدىغان پەيت ئەمەس، قېچىپ قۇتۇلىدىغان پەيت، ۋاقىتنى قەدىرلەڭ.

— ماۋۇ زورلۇقنى قاراڭلار، ئەستاغپۇرۇللا ...

— مەرد ـ مەردانىلىكىڭىزنى كۆرسىتىپ بولدىڭىز، ئامان ـ ئېسەنلىكىڭىز ئۈچۈن بۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇشىڭىز كېرەك، بولۇڭ، ئەپەندىم، بۇ يەردىن تېز كېتىڭ!

— شۇنداق قىلىڭ، ئۇكام، تېز قېچىڭ، بۇلار سىزنى تۇتۇۋالسا ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ، — دېيىشتى ياشانغان ئىككى كىشىمۇ.

يۇسۇپ ناغىرچى مەھەللىسى ئارقىلىق دەريا بويى تەرەپكە يۈگۈرگەندەك ئىتتىك ماڭدى. ئاندىن بۇ يەرگە يىغىلغان ئادەملەر ھەم رىزۋانگۈلمۇ تېزلا تارقىلىپ كەتتى.

## 14

نەچچە كۈندىن بېرى «نىلقىنىڭ تاغلىرىدا ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق پارتىزانلار پەيدا بوپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقىلىپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ ئۇلغىيىۋاتاتتى. كىشىلەر بارغانسېرى بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىغانىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرالماي، يەنە يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن سىرتلارغا چىقاتتى، گەپ ـ سۆز تىڭتىڭلايتتى. كوچىغا چىققان كىشىلەر ئۇ يەردە توپلىشىپ، بۇ يەردە توپلىشىپ يېڭىلىقلار ئۈستىدە كۇسۇرلىشاتتى ۋە بەزىلىرى ئۈنلۈك ئاۋازدا پاراڭلىشاتتى ھەم ئاڭلىغان خەۋەرلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقى ھەققىدە مۇنازىرىلىشەتتى.

ھۆكۈمەتمۇ خەلق ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن گەپلەر، قىزىق

پاراڭلار ۋە ھاياجانلىنىش ــ جانلىنىشلارغا قارشى تەدبىرلەرنى يولغا قويغان، يەنى كوچىلاردا توپلىشىپ تورماسلىق، توپلىشىۋېلىپ پاراڭ قىلماسلىق، ئۆگزىلەرگە ئوت ــ چۆپ باسماسلىق، مەسچىتلەرگە كىرىپ ناماز ئوقۇشنى مەنئى قىلىش، كۆلۈبلارغا يىغىلىپ يىغىن ئاچماسلىق، كېچىسى بالدۇر ئۇخلاش، چىراغ ياقماسلىق توغرىسىدا پەرمان چىقارغانىدى؛ تېخى بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، بۇگۇن كېچىدە تۇتىمىز دېگەن ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى مۇبادا شۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ قېچىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئېلانلارنى چىقىرىپ، ئۇلارنى كىمدىكىم تۇتۇپ بەرسە ياكى تۇتۇشۇپ بەرسە، نۇرغۇن مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنىدى. بىراق، بۇنىڭغا قارشى ھۆكۈمەتنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپ ياكى سەپرايىنى ئۆرلىتىپ، 10 ــ ئاي كىرىشى بىلەنلا «قوزغىلاڭچىلار نىلقا ناھىيەسىنى ئىشغال قىلدى»، «نىلقا ناھىيەلىك ساقچىخانىنى ئالدى»، «يوقالسۇن گومىنداڭ، ياشىسۇن ئىنقىلاب» دېگەندەك تەشۋىقاتلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە رەسىملىك تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىمۇ كۆپەيمەكتە ئىدى. رەسىمگە قاسقان شەپكىسىنىڭ ماڭلىيىغا ئون ئىككى قىرلىق كاكار تاقىغان گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ كۆكسىگە مىلتىق نەيزىسىنى غەزەپ بىلەن ئۇرۇۋاتقان بىر قوزغىلاڭچىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى.

كىشىلەر 8 ــ ئايدىن باشلاپ «ئازادلىق» نامى بىلەن چاپلانغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىگە گومىنداڭغا قارشى باش كۆتۈرۈشنىڭ، ئۇيۇشۇشنىڭ لازىملىقى يېزىلغانىدى. ئەمدىچۇ؟ ئەمدى باش كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلغان ئىنقىلابچىنىڭ جانلىق قىياپىتى گەۋدىلىنىپتۇ. بۇ كىشىلەرنى ھاياجانغا سېلىپلا قالماي، ئۇلارغا غەيرەت ــ شىجائەت ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلماقتا ئىدى.

ھازىرقى خەلق بىر ئاينىڭ ئالدىدىكى خەلق ئەمەس. بىر

ئاينىڭ ئالدىدا كوچىلارغا چاپلانغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىگە ئولىشىۋالغان كىشىلەر قولىلىرىغا كالتەك، قىلىچ ئالغان چېرىكلەر: «دەرھال تارقىلىش، رودۇپايلار، تارقىلىشمىساڭ، ھازىرلا كاللاڭدىن ئىس چىقىدۇ» «دەرھال يوقىلىش، ئۆلگۈرلەر ! ئۆلگۈڭ كېلىشتىمۇ، نىمانچە بىزەڭلىشىپ كەتتى بۇ خەق» دەپ ۋارقىراپ ھەيۋە قىلسا تارقىلىپ كېتەتتى ـ دە، نېرىغا بېرىپ قاراپ تۇراتتى. چېرىكلەر كەتكەندىن كېيىن ئۇلار يەنە كېلىپ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىگە ئولىشاتتى. ھازىرچۇ؟ خەلق ئۇنداق دېۋەيلەش، پوپوزا قىلىشلارغا پىسەنت قىلمايتتى، تارقىلىپ كەتمەيتتى. ئەگەر چېرىكلەر بۇرۇنقىدەك تاراسلىتىپ قامچا سالسا، كىشىلەر ئۇلارنىڭ قولىدىكى قامچىلىرىنى تارتىۋېلىپ، سۇندۇرۇپ تاشلاپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىدىغان، تىركىشىدىغان بولۇۋالدى.

كوچىلاردا ۋەزىيە بىلەن بىر ياقلارغا كېتىۋاتامدۇ ياكى خەلققە ئەتەي ھەيۋە كۆرسىتىۋاتامدۇ، تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر چۈشكەن ماشىنىلار ئەنسىزلىك بىلەن چىرقىراپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتمەكتە ئىدى. كوچىلاردا يەنە ئاتلىق ئەسكەرلەر ھېلى ئوق چىقىرىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا چېپىپ ـ توختاپ، چېپىپ ـ توختاپ يۇرمەكتە ئىدى. بىراق، شۇنچە ھەيۋەتلىك، دەھشەتلىك ئىشلار بولۇۋاتسىمۇ، كوچا ـ كوچىلاردا كىشىلەر كەلكۈندەك ئاقاتتى. غەزەپلەنگەن كىشىلەرنىڭ كوچىلارغا چىقىشىنى، توپ ـ توپ بولۇپ يۇرۇشىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى. ھەر كۈنى تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتا كوچىلارنىڭ تاملىرىغا، دوقمۇشلارغا، سىم تاناب تۇۋرۇكلىرىگە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى چاپلىنىپ تۇراتتى، ھەتتا ھويلىلارغىمۇ تاشلىنىپ تۇراتتى. ساقچىلار ۋەرەقىلەرنى يىرتىپ ياكى كۆيدۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئەتىسى ئۇنىڭدىن كۆپرەك پەيدا بولۇپ قالاتتى.

كوچىلاردا گەپ ـ سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب

بولۇۋاتقان ئىشلارمۇ كۆپ ئىدى. كىشىلەر سەھەرلىكى كوچىغا چىققاندا، ئېرىقلاردا، كۆۋرۈك ئاستىلىرىدا چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئۇچرىتىپ قالاتتى. ئۆلۈكلەرنىڭ قوراللىرى بۇلانغان بولۇپ، بۇلار كېچىلىرى جىبەكچىلىكتە چىققان چېرىكلەر ئىدى. يەنە تېخى «يېرىم كېچىدە قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ دەرۋازىسىدا پوستتا تۇرغان ئىككى ئەسكەرنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىككى ئادىمى ئاتلىق كېلىپ ئېتىۋېتىپ، قولىدىكى قورال، بېلىدىكى ئوقدانلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ»، «قوزغىلاڭچىلار توپادەك تۈرمىسىگە شەپىسىز كېلىپ، بىرنەچچە چېرىكنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئادەملىرىنى قۇتقۇزۇپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپلەر قۇلاقتىن – قۇلاققا يېتىپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ، غۇلجا ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى.

رىزۋانگۈل خىزمەتتىن يېنىپ چۈشلۈك تاماققا ئۆيىگە ماڭغان بولۇپ، كوچىدا ئادەم كۆپ ئىدى. ئۇ كۆككۆۋرۈككە كەلگەندە، ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ گېپى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى:

— خەلقنىڭ يۈرىكىدىكى يارىلار ئېغىز ئېچىشقا باشلىدى، — دېدى بىرى.

— پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان ئىنقىلاب بورىنىنى ئەمدى ھېچكىم توسالمايدۇ! — دېدى يەنە بىرىمۇ.

ئىككىسى كەينىگە قاراپ، ئۆزلىرىگە يېتىشىپ كېلىۋاتقان بىر قىزنى كۆردى ـ دە، گەپتىن چىپپىدە توختىدى ۋە قەدىمىنى ئاستىلاتتى. رىزۋانگۈل سۈس كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ كۆككۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئۇچدەرۋازا كوچىسىغا كىرگەندە، بىر توپ ئادەمنىڭ يىغىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ساقچى، ئۇنىڭ يېنىدا چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، قوشۇما قاش، ئون سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا تۇراتتى. ئۇ بالا تىترەپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى:

— ھويلىمىزدا بىر توپ ئالما بار، ئالمىنىڭ ئاستىدا — غازاڭلار ئارىسىدا مانا مۇشۇ قاتلانغان قەغەز تۇرۇپتۇ. ئېچىپ ئوقۇسام، ھۆكۈمەتكە قارشى گەپلەر يېزىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرەي، دەپ ماڭغان.

— سەن قاچان كۆرگەن؟! — دېدى ساقچى كۆزلىرىنى ئالايتىپ ۋارقىراپ.

— مەن كۆرمىگەن، دادام ئەتىگەن كۆرۈپ قاپتىكەن.

— ئەتىگەندىن بېرى نېمىشقا ئۇنى بىزگە تاپشۇرماي، بۇ يەرگە ئەكېلىپ كۆپچىلىككە تەشۋىق قىلدىڭ؟

— ساقچى ئەپەندى، — دېدى رىزۋانگۇل ئارىغا چۈشۈپ، — بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى بۇ بالا ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بېرەي دەپ مېڭىپتىكەن، مۇنۇ تونۇشى ئۇچراپ قېلىپ، نەگە ماڭدىڭ دېسە، ساقچىخانىغا ماۋۇ ۋەرەقىنى ئەكېتىۋاتىمەن، دەپتۇ. ئاڭغىچە سىز كەلدىڭىز، ساقچىخانىغا ئېلىپ ماڭغىنى ياخشى ئەمەسمۇ، مۇنۇ تونۇشى ئۇچرىمىسىغۇ بۇمۇ كۆرسەتمەيتتى.

— سىز دېمىسىڭىزمۇ، مەن بۇنى بىلدىم، ئەتىگەن كۆرگەن نەرسىنى مۇشۇ چاغقىچە نېمىشقا ساقچىخانىغا تاپشۇرمىدىڭ دەۋاتىمەن.

— قاراڭ، ساقچى ئەپەندى، دادىسى ئۇنى يىرتىپ تاشلىۋېتەيلى دېسە، بۇ بالا ئۇنىماي، ھۆكۈمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلايلى، دادا، ساقچىخانىغا ئاپىرىپ بېرەيلى دەپ ئىككىسى دەتالاش قىلىپ، ئاخىر دادىسىنى گەپكە كىرگۈزۈپ ساقچىخانىغا مېڭىپتۇ. سىزمۇ ئۇنى ماختاپ قويۇڭ، باشقىلارغا ئىلھام بولىدۇ، بۇ ئاڭلىق بالا ئىكەن، ياخشى ئىش قىپتۇ. قېنى، ھەي بالا، ئۇ ۋەرەقىنى بۇ ساقچى ئەپەندىگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ، قېنى بەر، يەنە تونۇشلار ئۇچراپ قالمىسۇن، ماڭ ئەمدى، قاراپ تۇرساڭغۇ، ئۆيۈڭگە بېرىپ داداڭنى خاتىرجەم قىل.

بالا تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى ساقچىغا بەردى ـ دە،

رىزۋانگۇلنىڭ شەرەتلىشى بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭدى. ساقچىمۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، يولىغا راۋان بولدى. رىزۋانگۇل يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان تاغ بىردىنلا غۇلاپ چۈشكەندەك يېنىك تىندى ـ دە، قەدىمىنى ئۆيى تەرەپكە ئاستا يۆتكىدى.

رىزۋانگۇل ئىتتىك ـ ئىتتىك قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى، كەينىدىن ئوتتۇرا ياشلىق، قارا بۇرۇتلۇق بىر ئادەم يېتىپ كېلىپ دېدى:

— يائاللا، ھېلىمۇ سىز ئۇ بالىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالدىڭىز، بولمىسا بەكمۇ ساددا بالا ئىكەن، تاس قالدى بالاغا قالغىلى ... بۇ ھۆكۈمەتمۇ تازا ئۇششۇقلىشىپ كەتتى، «ئىشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى» دېگەندەك، نىلقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلسە، بىزدىن ئۆچىنى ئېلىۋاتامدۇ نېمە ...

رىزۋانگۇل ئويلىنىپ قالدى، قايسى كۈنى دوستى رىزۋان بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلاشقان، سىنالمىغان ئادەملەرگە سىر بەرمەيلى دېيىشكەنىدى. شۇڭا، بۇ ناتونۇش ئادەمگە مۇنداق دېدى:

— بۇ يەردە قۇتقۇلدۇرۇش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ بالىنى مەن تونۇيمەن. ئۇ بىزنىڭ ھويلىغا تاشلانغان تەشۇىقات ۋەرەقىسىنى ساقچىخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، دېگەن. مەن ياخشى قىپسەن، ئۇلارغا ھازىرلا تاپشۇرۇپ بەر، دېگەنىدىم. يولدا ئۇچراپ قالغان تونۇشىغا كۆرسىتىپ قويۇپتۇ، سىز بولسىڭىزمۇ قولۇڭىدىكى نېمە، نەگە ماڭدىڭ دېسە، تەشۇىقات ۋەرەقىسىنى ساقچىخانىغا ئېلىپ ماڭدىم، دەيسىز ـ دە. ھۆكۈمەتكە سادىق ياخشى بالا ئىكەن ئۇ.

تەشۇىقات ۋەرەقىسىنى ساقچىخانىغا ئېلىپ ماڭغان ساددا بالىنى ئاتايىن شۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قۇتقۇزۇۋالغان رىزۋانگۇلدىن ئىلىنگۈدەك گەپ ئالالمىغاندىن كېيىن، بۇرۇتلۇق ئادەم قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى.

— قارا، دادا، هازىر قوزغىلاڭچىلار ئۆتكەندە بىز پەرەز قىلغاندەك هويلىلارغا تەشۋىقات ۋەرەقىسى تاشلاۋېتىپتۇ، — دېدى رىزۋانگۇل دادىسىغا كەچلىك تاماقتىن كېيىن.

— سەن نەدىن بىلدىڭ؟ — دادىسى بىر قارىسا قىزىقىۋاتقاندەك، بىر قارىسا ئەنسىرەۋاتقاندەك بىر قىياپەتتە سورىدى.

— مەن بىرىدىن ئاڭلىمىدىم ھەم شۇنداق بىر ئىشقا ئۇچراپ قالدىم، — ئۇ چۈشتە كېلىۋېتىپ كوچىدا ئۇچرىتىپ قالغان ھېلىقى ئىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— ھېلىمۇ خۇدايىم سىېنى ساقلاپتۇ، ئۇ ساقچىمۇ خېلى تۈزۈك ئادەم ئوخشايدۇ، بولمىسا ئۇ سېنىمۇ، ئۇ بالىنىمۇ ساقچىخانىغا ئېلىپ كەتكەن بولاتتى. مۇنداق ئىشلارغا ئەمدى ئىككىنچى ئارىلاشقۇچى بولما، ئۇنداق ئىشلارنى كۆرمىگەندەك يولۇڭغا كېتىۋەر، قىزىم، قىسقىسى، ئادەم توپلاشقان يەرگە بارما.

— ئەگەر مەن ئارىلاشمىغان بولسام، ساقچى ئۇ بالىنى تۇتۇپ كەتكەن بولاتتى، دادا.

— تۇتۇپ كەتسە ئۇنىڭغا نېمە ئامال، باشقىلارنى قۇتقۇلدۇرىمەن دەپ ئۆزۈڭنى تۇتۇپ بەرسەڭ بولامدۇ؟ !

— ھەي دادا، ئۇنچىلىك ئىشلارغا ئارىلاشمىساق، ئادەملىكىمىز نەدە قالىدۇ؟ !

— مۇنداق ئىشلارغا ئاكاڭمۇ، ھەدەڭمۇ ئارىلاشمىغان يەردە، سەن نېمانچە ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ كېتىسەن؟ بىلىمەن، سەن ناھەقچىلىكنى كۆرسەڭ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالمايسەن، لېكىن ھازىر ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان، ئاسرايدىغان مەزگىل، مەيدانغا چىقىدىغان پەيت ئەمەس.

رىزۋانگۇل دادىسى بىلەن دەتالاش قىلىشنى خالىماي، ئېغىزىغا كەلگەن گەپلەرنى يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە دادىسى

مۇتەئەسسىپ ئەمەس، يېڭىلىقنى ياقلايدىغان، ئىلغار مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىدىغان، ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەيدىغان، تەمكىن، ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشنى يامان كۆرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئىككى جۈملە سۆزى قىزىغا قاتتىق تەسىر قىلدى ئەتىمالىم، رىزۋانگۈل دادىسىغا رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— ھازىرغىچە بىزنىڭ قورۇغا تەشۋىقات ۋەرەقىسى تاشلانمىدى، — دېدى دادىسى ھاشىم ئاخۇن، — ئەمما تاشلىنىشى مۇمكىن، تاشلىنىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — ئۇ قىزىغا سوئال نەزىرىدە قارىدى.

— تاشلىنىپ قالسا، ساقچىخانىغا ئاپىرىپ بەرمەيمىز، دادا، كۆيدۈرۈۋېتىمىز!

— يارايسەن، ئۇ گېپىڭ توغرا، ئاپىرىپ بەرسەك، ئۇلار نېمە دەيدۇ، ئېيتىپ باققىنا؟

— سېنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا مايىللىقىڭ بولمىسا، ھويلاڭغا نېمىشقا تەشۋىقات ۋەرەقىسى تاشلايدۇ، دەيدۇ. بۇ ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇپ بېرىش دەپ ئاتىلىدۇ، دادا.

— ئەقلىڭگە باركاللا، قالتىس جايىدا گەپ قىلدىڭ، قىزىم.

راست دېگەندەك، ئەتىسى سەھەردە ھويلىغا چىققان رىزۋانگۈل تونۇرنىڭ يېنىدا تەشۋىقات ۋەرەقىسى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۈلۈمسىرەپ بېرىپ ئۇنى قولىغا ئالدى ـ دە: «بىزنىڭ ھويلىغا تاشلىنىشلارنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، بىز ئويغىنىپ بولغان» دەپ پىچىرلىدى ھەم ئۇنى دادىسىغا كۆرسەتتى. ئىككىسى بىرلىشىپ ۋەرەقىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

## 15

كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، ئاھ ـ زارىغا يېتىش ئۈچۈن جاندىن كېچىشكە، ئەڭ بولمىغاندا ئازابلىق يولنى تاللاشقا توغرا

كېلىدۇ. مۇشۇ ئېغىر ئىشتىن نەتىجە ياراتقان ئادەم هامان ئەل قەلبىدە ياشايدۇ. قېرىلار ئۇنىڭغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ، ياشلار ئىپتىخارلىنىدۇ. ئۇنداق ئادەم ئۆلگەن تەقدىردىمۇ، باشقىلار ئۇنى تەرىپلەپ جامائەت ئىچىدە تىرىك ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. ياخشىلىقنىڭ، جان پىدالىقنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ئەبەدىيلىك تىرىكلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

— شۇلارنى تاپساق، بىزمۇ بۇ تەۋرەشكە ئۆز هەسسىمىزنى قوشساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - هە! ئادەم تۇرۇپ، قۇرتتەك لۆمشۈپ يۈرسەك قانداق بولىدۇ؟ — دېدى رىزۋانگۈل قوللىرىنى بىر - بىرىگە سۈركىگىنىچە ئۆيئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ. ئۇ غايىبانە بىرنېمىگە ئىنتىلىۋاتقان ئادەمدەك جىم تۇرالماي قالغانىدى. ۋۇجۇدى ئوت ئېلىپ، كۆزلىرى يېنىپ كەتكەنىدى.

— شۇنداق، هەق ئىش ئۈچۈن، ئادالەت ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىشىچە هەرىكەت قىلغۇمىز بار. بىراق، كىم بىلەن، كىمنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن هەرىكەت قىلىمىز، قەدەمنى قانداق باسىمىز، بۇ بۇرۇقتۇرمىلىقتىن قانداق قۇتۇلىمىز؟... — رىزۋان يوتقاندىن يېرىم - يارتا چىقىپ ئولتۇرۇپ تېخى ياتمىغان، هاياجانلىنىپ كەتكەن دوستىغا شۇنداق دەپ ئۈن قاتماقتا ئىدى.

رىزۋانگۈل بۈگۈن ئاتا - ئانىسىدىن رىزۋانىنىڭ ئۆيىدە قونىمەن دەپ رۇخسەت ئېلىپ كەلگەن، رۇخسەت ئېلىشقا رىزۋانىنىڭ ئۆزىمۇ بىللە بارغاچقا، ئۇلارمۇ ئاسانلا ماقۇل دېگەنىدى.

هازىر شەهەردە «ئازادلىق» نامى بىلەن يۈزلەپ - مىڭلاپ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى چاپلىنىپ تۇراتتى. تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى چاپلانغان كۈنى يىرتىلىپ كەتسە، ئەتىسى ئۇنىڭدىن كۆپ چاپلىناتتى ۋە هويلىلارغىمۇ تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىلىرى ئىككىلەپ - ئۈچلەپ جېسەكچىلەر ئۆلتۈرۈلۈپ،

قوراللىرى بولۇنۇپ تۇرۇۋاتاتتى. تېخى قوماندانلىق ئىشتابى، ساقچىخانىنىڭ دەرۋازىلىرىدا پوستتا تۇرغان ئەسكەرلەرمۇ ئېتىلىپ، قوراللىرى ئېلىپ كېتىلىۋاتاتتى. شۇڭا، كىشىلەردە ئىنقىلابنىڭ پات ئارىدا پارتلايدىغانلىقىغا نىسبەتەن ئىشەنچ پەيدا بولۇپ، ئۆزلىرىنى بۇ ئۇلۇغ ئىشقا ئاتاش ئىستىكى قوزغىلىپ كەتكەنىدى.

— شۇلارنى ئامال قىلىپ تاپساق، بىزنىمۇ قوينىغا ئالسا، — دېدى رىزۋانگۈل قىزغىنلىق بىلەن، — ھېچبولمىغاندا بىزگە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى چاپلاش، ھويلا - ھويلىلارغا تاشلاش ۋەزىپىسىنى بەرسىمۇ بولاتتى.

— شۇ ئىشنى بەرسىمۇ جان دەپ زىممىمىزگە ئالاتتۇق ھەم ياخشى ئورۇنلار ئىدۇق.

— قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسەن؟

— كېچىسى چوڭ كوچىلارغا شەپىسىز چىقىپ، بىزنى يوشۇرۇپ قالغۇدەك بىرەر جايىنى تېپىپ مۆكۈنۈپ تۇرساق، چوقۇم تەشۋىقات ۋەرەقىسى چاپلايدىغانلار كېلىدۇ، ئۇلار ۋەرەقىنى چاپلاپ بولۇشىغا ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلساق دەيمەن.

— ھەي، بۇ ئىش قانداق بولاركىن؟ بىز كوچىغا يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا چىقساق، ئاشۇ جىمجىت ھەم سۈرلۈك كوچىدا يامان نىيەتلىك ئادەملەرگە ئۇچراپ قالساق قانداق بولار؟ بىز ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى چوقۇم ئەرلەر چاپلايدۇ. ئۇلارغا ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلساق، بىزنى ھۆكۈمەت قويغان ئادەملەر، ھىيلە ئىشلىتىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ بىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ قېچىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، سېنىڭ بۇ ئويۇڭنى چوڭقۇرراق، ئەتراپلىقراق ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك، قانداق دەيسەن؟

— قورقۇۋاتامسەن نېمە؟

— ئېھتىيات قىلىۋاتىمەن.

ئىككى قىزنىڭ ئۆيقۇسى قاچقان، ھازىر بەلكىم يېرىم كېچىدىن ئاشقاندۇ، باشقىلار قاتتىق ئۆيقۇدا ياتقاندۇ، لېكىن ئۇلار ئۇخلايدىغاندەك ئەمەس. رىزۋان يوتقاننىڭ ئىچىدە يېرىم - يارتا ياتقان بولسىمۇ، رىزۋانگۇل ئۆيئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرىدۇ؛ تۇرۇپلا قوشۇمىسى تۈرۈلىدۇ، تۇرۇپلا ئېچىلىدۇ، تۇرۇپلا كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يانىدۇ، تۇرۇپلا تەبەسسۇم ياغىدۇ. ئۇنىڭ قانداق تۇيغۇلاردا يېنىۋاتقانلىقى چىراي - قىياپىتىدىن مەلۇم ئىدى. شۇنداق جىمجىت كېچىدە يېقىنلا يەردە خور - خور ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئۈنى ئاڭلاندى ۋە بارغانسېرى ئەدەشكە باشلىدى. رىزۋاننىڭ يادىغا ھۆكۈمەتنىڭ كېچىسى بالدۇر ئۇخلاش، چىراغ ياقماسلىق، دېگەن ئۇقتۇرۇشى كەلدى - دە، دوستىغا قاراپ:

— چىراغنى دەرھال ئۆچۈر! — دېدى پەس ئاۋازدا.

رىزۋانگۇلنىڭ ۋۇجۇدىدا قورقۇش، ئەنسىرەش تۇيغۇلىرى يانماي، ئېھتىيات قىلىش تۇيغۇسى ياندى. «قورقۇنچاقلىق ئاجىز ئادەمنىڭ ئىشى، جۈرئەتلىك بولۇش مەرد ئادەمنىڭ خىسلىتى، — دەپ ئويلاۋاتاتتى ئۇ، — ھازىرقى ۋەزىيەت جۈرئەتلىك، مەرد ئادەمگە موھتاج، قورقۇنچاق، يۈرەكسىز ئادەملەر بىلەن ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.» رىزۋانگۇل قانداق قىلىشنى، ئىنقىلابچىلارنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ قانداق يولى بارلىقىنى ئويلاپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ تاپقان يولىنى توغرا تېپىپ، ئەتىسى كېچىسى ئۆزى يالغۇز كوچىغا چىقتى. كوچىلار چۆلدەرەپ قالغان، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ. شەھەر قاتتىق ئۆيقۇدا بولۇپ، ناھايىتى سۈرلۈك ئىدى. ئۇ قويۇق دەل - دەرەخلىك كوچا بىلەن توغراكۆۋرۈككە قاراپ ئاتمىش - يەتمىش مېتىرچە مېڭىپ بىر توختاپ، ئەتراپنى كۆزىتىپ، يەنە مېڭىپ، يەنە توختاپ ماڭماقتا ئىدى. كۆككۆۋرۈككە كەلگەندە، خېلى ئۇزاق توختاپ، ۋەرەقە چاپلاۋاتقان ھېچقانداق ئادەمنى بايقىمىغاندىن كېيىن يەنە ماڭدى. ئۇ دەرەختىن - دەرەخكە

ئۆلشىپ، دەرەخنى دالدا قىلىپ شەپە چىقارماي ماڭماقتا ئىدى. توغراكۆۋرۈكنى ئاساسلىق ۋەرەقە چاپلىنىدىغان ئورۇن دەپ پەرەز قىلغان رىزۋانگۈل مۆكۈنىدىغان مۇۋاپىق ئورۇن تېپىش ئۈچۈن ئەتراپقا زەن قويۇپ قارىدى. ئاشپۇزۇلنىڭ ئىشىكى بىلەن ئوچاقنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئادەم سىغقۇدەك، يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىك ئورۇن بار ئىدى. ئۇ شۇ يەرگە چۆكتى ـ دە، كوچىغا نەزەر تاشلىدى. ئارىدىن ئون بەش ـ يىگىرمە مىنۇت ئۆتتىمىكىن، نوۋېگورت مەھەللىسىگە كىرىدىغان كوچا تەرەپتىن خۇددى رىزۋانگۈلدەك ئېھتىيات بىلەن قەدەم بېسىپ ئىككى كىشى كەلدى. قوللىرىدا بىرنېمىلەر بار ئىدى. ئۇلار ئۇياق ـ بۇياققا قارىۋەتكەندىن كېيىن سىم تاناپ تۈۋرۈكىگە بىر پارچە قەغەزنى چاپلاپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە مېتىر نېرىدىكى ئاشپۇزۇل تېمىغا ئۇنىڭدىن چوڭ بىر تاختا قەغەزنى چاپلاشقا تۇتۇش قىلدى. رىزۋانگۈل «ئەمدى پەيت كەلدى، بۇ ئورۇندىن چىقىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ـ دە، شەپە چىقارماي ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— سالام، ئەپەندىلەر ! — دېدى.

ئۇلار چۆچۈپ كەتتى ـ دە، بىرى ئۇنىڭ ئالدىغىلا كەلدى:

— كىم سەن، نېمە ئادەم سەن؟!

— ئۆز ئادەم، مەن سىلەرگە قوشۇلۇشقا كەلدىم، سىلەرنى ئىزدەۋاتقىنىمغا بىر ئايدىن ئاشتى.

تامغا قەغەز چاپلاۋاتقىنى ئورنىدا تۇرۇپلا دېدى:

— ساقچىلار كەلدى ! يوشۇرۇنۇڭلار، بولۇڭلار چاپسان !

رىزۋانگۈل ھېلى يوشۇرۇنغان ئورنىغا ئىتتىك كېلىپ ئولتۇردى. ئارىدىن ئېھتىمال بىرەر مىنۇت ئۆتتىمىكىن، ئۇ قارىۋىدى، ئابايىقى ئىككى ئادەمنىڭ ئۆزى تۇرماق قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. رىزۋانگۈل ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى، ئابايىقى ئىككىيلەن ھېچنەدە يوق، ساقچى كەلدى دېۋىدى، ساقچى تۇرماق ئۇنىڭ شامىلىمۇ يوق. رىزۋانگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىدا

يېيىلىپ تۇرغان كەڭ مەيدانغا، تۆت كوچا ئېغىزلىرىغا زەن سېلىپ قارىدى. ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق دېگەندەك، ئۇلار شۇنداق تېز غايىب بوپتۇ. رىزۋانگۇل بەلكى ئۇلار كېلىپمۇ قالار دېگەن ئۈمىدتە جايىدا بىردەم ئولتۇردى، لېكىن كەلمىدى. تەرەپ - تەرەپتىن توخۇلار چىللاشقا باشلىغاندىلا ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلىپ، يولنىڭ چېتى بىلەن قايتتى.

*　　　*　　　*

ئىلى ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرغان ئەنسىز كۈنلەر ئىدى. «شەھەرگە نىلقا پارتىزانلىرى كىرىپتۇ» دېگەندەك خەۋەرلەر تارقىلىپ، شەھەر خەلقىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇراتتى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە رىزۋانگۇل دوستى رىزۋاننىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلار ئۈرۈمچىدىن لىيۇ بىندې كەلگەندىن كېيىن يولسىز پەرمان - بۇيرۇقلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى، ئادەم تۇتۇشلارنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى، ئالۋان - سەيسلەرنىڭ ھەددىدىن ئېشىۋاتقانلىقى، پۇقرالارنىڭمۇ قارشىلىقلىرىنىڭ ئۇلغىيىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئەگەر غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلسە، قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا كېلىشىپ، قوزغىلاڭغا سۆزسىز قاتنىشىمىز دەپ بىرلىككە كەلدى.

— بىز مۇشۇنداق بىرلىككە كەلگەن يەردە، سانسىزلىغان يىگىتلەر قولىغا قورال ئېلىشنى، كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىشنى ئويلاۋاتقان، ھەتتا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن، — رىزۋانگۇل مەردانە ئاۋازدا سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرمەكتە ئىدى، — قەلبىدە يۈكسەك ئىرادە تىكلىيەلمىگەن ئادەم قولىغا قورال ئالسىمۇ، كۆسەي ئالغانغا ئوخشاش ئۇنى قۇرۇق كۆتۈرۈپلا يۈرىدۇ ۋە خەلقنىمۇ رازى قىلالمايدۇ؛ يۈكسەك ئىرادە تىكلىگەن ئادەم بولسا دەرھال كۈرەش قاينىمىغا چۈشۈشنى، شۇنداقلا غەلىبە قازىنىشنى ئويلايدۇ ۋە شۇ

نىشانغا يېتىدۇ ـ دە، خەلقنى رازى قىلالايدۇ. مەن ئون توققۇز ياشقا كىرىپ قالدىم، رەسمىي يېتىلگەن، چېنىققان قاۋۇل بىر يىگىتنىڭ ئىشىنى قىلالايمەن. سەن مەندىن بىر ـ ئىككى ياش كىچىك بولساڭمۇ، سېنى بىلىمەن، سەنمۇ يېتىلگەن بىر يىگىتنىڭ ئىشىنى قىلالايسەن. لېكىن، ھازىرقى ۋەزىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار بىلەن كارىمۇ يوق يۈرگەن، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، تېگىدە تۇرۇپ مانتا يەيدىغان يىگىتلەرمۇ بار، كۆزۈڭ قېنى دېسە، بۇرنىنى كۆرسىتىدىغانلار نۇرغۇن.

— شۇنداق، — دېدى رىزۋانمۇ ھاياجانلىنىپ، — بىزنىڭ كوچىدا گىمنازىيەدە ئوقۇيدىغان بىر بالا بار، مۇنداقلا قارىساڭ ئۆزى تۈزۈك بالىدەك كۆرۈنىدۇ ھەم ئەدەپلىك. بۈرناكۈن قوشنىسىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. مەن شۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قاپتىمەن. مەن: «نېمە بولدى، ھېكىمجان، قوشنىڭىزنى كىملەر تۇتۇپ كەتتى؟» دەپ سورىسام، ئۇ نېمە دېدى دېمەمسەن، «ھۆكۈمەت ھازىر ئەسكى، گەپ ئاڭلىمايدىغان ئادەملەرنى تۇتۇۋاتىدۇ» دەيدۇ. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، «دىققەت قىلىڭ، ئۇنداقلارغا سىزمۇ چېتىلىپ قالماڭ يەنە» دېسەم، «ئۇنداقلارغا نېمىشقا چېتىلىپ قالاتتىم. ئۇنداق ئەسكىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان ئادەممەن» دەيدۇ ۋە كىملەرگىدۇر قولىنى جۇنۇپ كەتتى.

رىزۋانگۈل ئادەتتە سۆزلىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى.

— ياخشى ـ يامانىنى پەرقلەندۈرمەيدىغان، نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر نۇرغۇن، ئۇلارغا دىققەت قىلىپ قارىساڭ، ئىچىنىشلىق ھالغا قالغان ئادەملەر ئىكەن، مۇشۇنداق داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان، ئىنقىلاب ئوتى تۇتىشاي دەپ قالغان ۋەزىيەتتە ئارامخۇدا ياشاشنى ئويلاۋاتقان ئادەم چىن مەنىسى بىلەن بىچارە ئادەمدۇر.

ئىككىسى جىمىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. دېرىزىدىن ئۆيئىچىگە قىيپاش چۈشكەن كۈن نۇرى يوپۇرماق تاشلاۋاتقان دەرەخلەر

ئارىسىدىن ئۆتكەچكە، ئالا كۆلەڭگىلەرنى پەيدا قىلىپ، ئىككىسىدە گۈزەللىك ھېسلىرىنى قوزغىماقتا ئىدى. ئۆيئىچى ئالاھىدە بېزەلمىگەن، ئەمما ناھايىتى رەتلىك، پاكىز ئىدى. يازىچە ھويلىدا تۇرغان تەشتەكلىك گۈللەر دېرىزىلەرگە قويۇلغان، ئۇلار ھەر خىل رەڭدە ئېچىلىپ باھارنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. رىزۋاننىڭ ئانىسى تاماق ئېتىۋاتامدىكىن، نېرىقى ئۆيدىن ساپلىقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنداق جىمجىت ئولتۇرغاندا تۇيۇقسىزلا رىزۋانگۈل:

— رىزۋان، ساڭا بىر سوئالىم بار، ئېيتىپ باقىنا، سەن قانداق يىگىتنى ياخشى كۆرسەن؟ — دېدى.

رىزۋان مەڭدەپ قالدى. ھېچ ئويلىمىغان يەردىن سورالغان سوئال ئۇنىڭ ئۇننى ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇكۇرۇكىنى تەسلىكتە يۇتۇپ، رىزۋانگۈلنىڭ ئۆزىگە سوئال قويدى:

— سەن بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ نېمە؟

— مەنمۇ، ياقەي ...

— ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ ئەمىسە؟

رىزۋانگۈل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، كۈلگەندىمۇ ئىچ - ئىچىدىن يېنىپ توختىماي كۈلدى - دە، دېدى:

— مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم، ئەگەر نىلقا پارتىزانلىرى بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، شەھەردە ئېيتقۇسىز خۇشاللىق، ھاياجانلىنىش، جانلىنىش، قىزىقىش، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت پەيدا بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا قانداق يىگىتلەر ئۆلۈمدىن قورقماي، پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلالايدۇ، كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقالايدۇ؟

رىزۋانگۈل ئۆزىنىڭ سوئالىغا، ئۆزى جاۋاب بەردى:

— تەۋرەپ كەتكەن خەلقنى ئالغا باشلىيالايدىغان، ئازادلىق، باراۋەرلىك ئۈچۈن ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، دۈشمەن ئىستىھكامىغا يولۋاستەك قورقۇمسىزلىقى بىلەن بۆسۈپ

كىرەلەيدىغان، ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان، قەيسەر، ئىرادىلىك، ۋىجدانلىق، پەم - پاراسەتلىك يىگىتلەر ئەڭ ئالىي يىگىتلەردۇر. مەن شۇنداق يىگىتلەرنى ياخشى كۆرىمەن، ھۆرمەتلەيمەن، ئەتىۋارلايمەن، بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرىمەن. ئەمما، دۈشمەن ئالدىدا قورقۇپ تىترەيدىغان، جان باقار يۈزسىزلەرنى، ئىنسانىي غۇرۇرى ئۆلگەن قۇرۇق سۆلەتلەرنى، تەپسىمۇ تەۋرىمەيدىغان بىغەم، لايغەزەللەرنى ئىنتايىن يامان كۆرىمەن.

رىزۋان دوستىنىڭ سۆزلەۋاتقان چاغدىكى قىياپىتىگە، جىددىي تۈس ئالغان يۈزىگە، يېنىپ كەتكەن قوي كۆزلىرىگە، كۆپۈپ كەتكەن چېكە تومۇرلىرىغا قاراپلا قالدى. ئۇ دوستىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي، كۆڭلىگە كەلگەن گەپلەرنى پوسۇققىدە قىلىۋېتىدىغان قارام رىزۋانگۇل ئەمەس، بەلكى يۈز بەرگەن ئىشلارنى چوڭقۇر ئويلايدىغان، ۋەزىيەتنى، ئادەملەرنى چوڭقۇر كۆزىتىدىغان ئاڭلىق رىزۋانگۇلگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، مۇنداق دېدى:

— كۆڭلۇمدىكى گەپلەرنى قىلدىڭ، رەھمەت ساڭا! — ئۇمۇ كۈلۈپ كەتتى. رىزۋانگۇل كۈلكىدىن توختاپ:

— ئۇنداق بولسا بىز شۇنداق يىگىتلەر بىلەن دوست بولايلى، — دېدى يۈرىكىدىكى گەپنى قىلىپ.

ئىككىسىنىڭ كۈلكىلىرى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، رىزۋاننىڭ ئاپىسى پەتنۇسقا سېلىنغان ئىككى تەخسە لەڭمەننى كۆتۈرۈپ كىردى:

— قىزلىرىم، بۈگۈن ئەجەب خۇشالغۇ سىلەر، قېنى تاماققا كېلىڭلار، خۇدايىم بەختىڭلارنى بەرسۇن، — كۆڭلى بۇزۇلغان ئانا بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى.

* * *

رىزۋانگۇل دوستى رىزۋانغا كۆڭلىگە پۈككەن ئادىمىنىڭ بارلىقىنى، تېخى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۆمۈرلۈك ھەمراھ

بولۇشقا ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئېيتمىدى. ئۇنىڭ يەنە ھاكىمجاننىڭ
ھازىرقى ۋەزىيەتنى قانداق چۈشىنىدىغانلىقىنى، چۈشەنچىسىنىڭ
قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى
شارائىتتا بولۇۋاتقان ناھەقچىلىكلەرگە، زورلۇق ـ
زومبۇلۇقلارغا قانداق قارايدىغانلىقىنى، ئادالەتنى قايسى
دەرىجىدە ياقلايدىغانلىقىنى، ئەگەر راستىلا ئىنقىلاب پارتلاپ
قالسا، كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقالامدۇ، جان پىدا قىلىش
روھى بارمۇ، يوق، بولسا قانچىلىك بار، رىزۋانگۈلنىڭ مۇشۇلارنى
ئۇقۇپ باققۇسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە خېلى
ۋاقىت بولغانىدى. ئۇ شۇنىمۇ ئويلاپ قالدى: «ئەگەر ھاكىمجان
رىزۋان تىلغا ئالغان ھېلىقى قورقۇنچاق، خۇشامەتچىگە ئوخشاش
ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلار بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ئادەممەن
دەيدىغان قاراشتىكى يىگىت بولسىچۇ، ياق، ئۇنداق يىگىت
ئەمەس. ئۇ شۇنداق يىگىت بولۇپ قالسا، ئۇنداق يىگىتكە
ئۆچمەن، ئۇنداق يىگىتتىن بىزارمەن، ئۇنداق ئادەمنى يىگىتمۇ
دەپ قارىمايمەن. ھېلىغۇ بىر قېتىم كۆرۈشتۇق، ئون قېتىم
كۆرۈشكەن بولساقمۇ، ئۇنداق ئادەمدىن يىرگىنىمەن،
نەپرەتلىنىمەن! ئۇنداق ئادەملەر ئالدىمدا ئادەم قىياپىتىدە
تۇرسىمۇ، ماھىيىتى چىرىلدىغان ھاشاراتنىڭ نەق ئۆزى!...»

رىزۋانگۈل ئىدارىسىدە ئولتۇرۇپ مۇشۇ خىياللارنى قىلدى ـ دە،
ئورنىدىن تۇردى. خىزمەتتىن چۈشىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ.
ئۇ ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ، ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ كوچىغا
چىقتى. كوچىدا ئادەملەر كۆپ بولۇپ، ئۆيلىرىگە تېزرەك
يېتىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى. مۇشۇ يېقىندىن بېرى
كىشىلەر ئۆيىگە ئالدىرايدىغان بولۇپ قالغانىدى، دەرۋازىدىن
كىرىپلا: «مانا مەن ساق ـ سالامەت كەلدىم» دەيتتى. چۈنكى،
ئەتىگەن ئۆيىدىن ساق ـ سالامەت چىقىپ كەتكەن كىشىلەر

كەچتە ئۆيگە ساق ـ سالامەت قايتىشنى ياكى بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇشنى بىلمەيتتى.

ئۇ ھاكىمجاننى يەنە ئويلاپ قالدى، ئويلاپ قالغىنىغا بىرنەچچە كۈنمۇ بولغان. ھاكىمجاننىڭ ئىشلەيدىغان مەكتىپىنىمۇ بىلەتتى. بېرىپ بېقىشقىمۇ تەمشەلگەن. بىراق، خەق نېمە دەپ قالار، ئارانلا تونۇپتىكەن مۇنۇ قىلىن، دېمەسمۇ... ئۆزىمۇ مېنى ئىزدەپ كەلمىدىغۇ ... مەن نېمانچىلا سوراقلاپ كېتىمەن...

رىزۋانگۈل بۈگۈن كوچىغا چىقىپ، كۈندىكىدەك ۋېلىسىپىتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ ماڭماي، يېتىلەپ ئاستا ماڭدى. بۇ كوچىدىن بۇرۇلۇپ ئۇ كوچىغا كىرىشىگە، ئالدىدا ھاكىمجاننىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، كۆردى ـ دە، گويا تاپىنىدىن كىرگەن بىر ئوت مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى قىزىپ، ۋېلىسىپىتنىڭ رولىنى تۇتقان قوللىرى سۇس تىترەشكە باشلىدى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مېڭىشتىن توختاپ قالدى.

ھاكىمجان كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سالام، رىزۋانگۈل، بارمۇسىز بۇ شەھەردە؟ — دېدى ئۇ خۇشلۇقىدىن ئېچىلىپ.

— ئۆزىڭىزچۇ؟

— مەنغۇ بار، ئەمما سىزنى ئىزدەپ ئاۋارىمەن.

— يالغان ئېيتماڭ، مېنى قاچان ئىزدىدىڭىز؟! — ئۇنىڭ چىرايىدا نە خۇشاللىقتىن، نە ئۇچرىشىپ قېلىشتىن پەيدا بولغان رازىمەنلىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

— بۇ مېنىڭ سىزنى تۆتىنچى قېتىم ئىزدەپ كېلىشىم.

— راستما؟

— راست بولمايچۇ، ئۆمرۈمدە يالغان ئېيتىپ باقمىغان ئادەم سىز بىلەن ئاران يېقىنلاشقاندا يالغان گەپ قىلامدىم؟ سىزگە دەپ بېرەي: بىرىنچى قېتىم كەلگەندە، خىزمەتتىن قايتىدىغان

ۋاقىتتىن بۇرۇنراق كەلگەنىدىم، سىز قايتمىدىڭىز، يا ئۇ كۈنى ئىشقا كەلمىگەنمىدىڭىز، بىلمەيمەن، ساقلا، ساقلا، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئاخىر كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئىككىنچى قېتىم مۇشۇ يەرگە كېلىپلا قارىسام، سىز ۋېلىسىپىت بىلەن ئۆتۈپ كەتتىڭىز، كەينىڭىزدىن قاراپ قالدىم، ۋارقىراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئۈچىنچى قېتىم يەنە مۇشۇ يەرگە كېلىپ قاراپ تۇرسام، سىز خىزمەتداشلىرىڭىز بىلەن كەلدىڭىز، مەن ئەنە ئاۋۇ يوغان دەرەخنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋالدىم، سىز ھېچكىم ئۇقمىسۇن دېگەچكە، مەن كۆرۈنمىدىم. تۆتىنچى قېتىم كەلگەندە، مانا بۈگۈن ئاران تاپتىم سىزنى. بىر كۈنى كەچتە كوچىڭىزغا باردىم، چاقىراي دېسەم، ئاكامنىڭ ئاچچىقى يامان دېگەنىدىڭىز، يا سىزمۇ چىقىپ قالمىدىڭىز، ئېھتىيات قىلدىم ـ دە، ئاستا قايتىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ۋەزىيەت ئۇساللىشىپ كەتتى. كېچىدە جىسەكچىلەرگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلدىم...

— جىسەكچىلەردىن بەك ئېھتىيات قىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى رىزۋانگۈل ھاكىمجاننىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ.

— شۇنداق، ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئادەم ئۆزىنى ئاسراشنى بىلمىسە، ئۆمرى نابۇت بولۇپ كېتىدۇ. بىر ئاز ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ، جىسەكچىلەرگە ئۇچراپ قېلىپ تۇتۇلۇپ كەتسىغۇ مەيلى، مۇشۇ شارائىتتا باسسىمۇ بولىدىغان، باسمىسىمۇ بولىدىغان قەدەمنى بېسىپ قويۇپ، تۇتۇلۇپ كەتسىڭىز، ئۆمرىڭىزنىڭ قىممىتى بولمايدۇ ـ دە.

— يۇرۇڭ، ماڭغاچ پاراڭلىشايلى، — رىزۋانگۈلنىڭ ئىچىگە پاتمايۋاتقان گەپلىرى باردەك قىلاتتى.

— ھازىر ھۆكۈمەت نېمىشقا جىددىيلىشىپ، پايپېتەك بولۇپ كېتىدۇ؟

— خەلق ھازىر ئويغىنىپ كەتتى. ئىنقىلاب پارتلاپ قالسا،

ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى ئىككىلەنمەي ئاتىدۇ، بۇنى ھۆكۈمەت بىلمەي قالامدۇ، — ھاكىمجاننىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ قويۇق قارا قېشىنى چىمدىپ قويۇپ، شۇ سۆزلەرنى قىلغاندا، خېلىدىن بېرى كۆڭلىدە پەيدا بولغان غەزەپ - نەپرەتنى يۈز - كۆزىگە ئوقچۇپ چىققاندى.

— قاراڭ، — دېدى ھاكىمجان يەنە، — ھازىر تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى چاپلىنىۋاتىدۇ، ھويلىلارغا تاشلىنىۋاتىدۇ، شۇلارنىمۇ بىزدەك ئادەملەر قىلىۋاتقاندۇ، مەن شۇنداق ئادەملەرنى تىڭتىڭلاپ، ئىزدەپ تاپالمايۋاتىمەن.

— تاپسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟ — دېدى رىزۋانگۈل مېڭىشتىن توختاپ.

— شۇلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتىم.

رىزۋانگۈل: «ھاكىمجانمۇ چوڭقۇر ئويلارغا پېتىپ، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئەمدى مەنمۇ بۇ ھەقتە قانداق ئىزدىنىشلەردە بولغانلىقىمنى ھاكىمجانغا ئېيتىپ بەرسەم بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى.

— مەنچۇ قاراڭ، — دېدى ئۇ ھاكىمجانغا ئارانلا ئاڭلانغىدەك ئاۋازدا شىۋىرلاپ، — تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى كېچىدە چاپلىنىدۇ، تاشلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ئىزدەپ يېرىم كېچىدە كوچىغا چىقتىم...

— يۈرىكىڭىز قاپتەك بار ئىكەن جۇمۇڭ، قاراڭ ئېھتىيات قىلماي يېرىم كېچىدە كوچىغا چىققىنىڭىزنى...

رىزۋانگۈل گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەتراپقا ئىككى چامداپ بىر قاراپ مېڭىپ، ئاخىر توغراكۆۋرۈككە كەلدىم. ئادەملەر كۈندۈزى ئەڭ كۆپ توپلىنىدىغان يەر مۇشۇ، دەپ ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدا يوشۇرۇنۇپ كوچىغا قاراپ ئولتۇردۇم. كوچىلار جىمىپ، ئادەمسىز بولسا ناھايىتى سۈرلۈك تۈس ئېلىپ كېتىدىكەن، قەيەردىندۇر چاشقانلارنىڭ كىتىرلىغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلانىدى. بىر چاغدا

سۈرلۈك كوچىدا ئىككى ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار مىرقاسىم هاجىنىڭ مۇنچىسى تەرەپتىن كەلدى. هەر ئىككىسىنىڭ قوللىرى بوش ئەمەس. ئۇلار ئەتراپقا تازا زەن قويۇپ قارىغاندىن كېيىن، قوللىرىدىكى تاختا قەغەزلەرنى كوچا تاملىرىغا، سىم تاناب تۈۋرۈكلىرىگە چاپلاشقا باشلىدى. مەن ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىپ سالام بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇلار مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماي قاچتى ۋە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ يەر تۆت كوچا دوقمۇشى بولغاچقا، بىرەر كوچىغا كىرىپ كەتكىنىنى ياكى ئاسمانغا چىقىپ كەتكىنىنى بىلەلمەيلا قالدىم. شۇنىڭ بىلەن سالپىيىپ يېنىپ كەلدىم.

— پاھ - پاھ، قالتىس جۇرئەتلىك، قورقۇمسىز، باتۇر قىز ئىكەنسىز جۇمۇ، سىز ۋالىبولدىلا بۆسۈپ چىقماي، پەيتى كەلسە، كۇرەشلەردىمۇ بۆسۈپ چىقىدىكەنسىز، يارايسىز! ياشاڭ! ...

— ئاستىراق، نېمانچە ئۇنىڭىزنى قويۇۋېتىسىز، ئۆزىنى ئاسراشنى بىلىدىغان يىگىت، — دېدى رىزۋانگۇل مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ، — پات ئارىدا ئىنقىلاب پارتلايدىغاندەك قىلىدۇ، — رىزۋانگۇل شۇ چاغدا قانداق قىلىسىز دېگەن مەنىدە هاكىمجانغا قارىدى.

هاكىمجانمۇ ئۇنى چۈشەندى:

— شۇ چاغدا سەپىڭىز ئىچىدە مېنى كۆرىسىز.

رىزۋانگۇلمۇ ئۇنىڭغا ئۇن قاتتى:

— ئەلۋەتتە مېنىمۇ كۆرىسىز.

— ئالدىنقى سەپتە ئۇچرىشىپ قالارمىز تېخى...

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، رىزۋانگۇلنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى.

— ئەمدى قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئۆيىڭىزگە يېتىۋېلىڭ، — دېدى رىزۋانگۇل.

— خوش، ئامان بولۇڭ.

هاكىمجان خوشلىشىپ ماڭدى. رىزۋانگۇل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن

قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى ـ دە، ئاستا پىچىرلىدى: «ئادەم تاللاشتا خاتالاشماپتىمەن.»

## 16

ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر تېزلىشىپ 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، كىشىلەر سەھەر تۇرۇپ كوچىلارغا يۈگۈرىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، يېڭى ـ يېڭى خەۋەرلەر كوچا تاملىرىدا پەيدا بولاتتى. بۈگۈن تاملارغا «نىلقىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز!»، «ياشىسۇن نىلقا پارتىزانلىرى!» دېگەن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى چاپلىنىپ كەتكەنىدى.

كوچىلارنى چارلاش كۈچەيتىلدى، كوچىلاردا ئادەم توپلىنىش، يىغىلىپ پاراڭلىشىش، كېچىلىرى يول يۈرۈش مەنئى قىلىندى. كېچىلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ نىلقىغا ئەسكەر يۆتكەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم تۇتۇشمۇ ئەۋج ئالدى. كىشىلەرنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پاجىئەلەر ئۇلغايماقتا ئىدى.

مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەت ئاستىدا رىزۋانگۈل بىلەن رىزۋاننىڭ كۆرۈشمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا تاراسلاپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازىدىن، گۈمبۈرلەشلەردىن رىزۋانگۈل ئويغىنىپ كەتتى، رىزۋانگۈللا ئەمەس، پۈتۈن شەھەر خەلقى ئويغىنىپ كەتتى. رىزۋانگۈل ئاستا هويلىغا چىقتى. تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇ ئاسمان بوشلۇقىدا خۇددى ساليۇت ئېتىلغاندەك قىزىل، قىزغۇچ، قېنىق هال رەڭ يالقۇنلار چاراقلاپ ياناتتى. پاراس ـ پۇرۇس ئاۋازلار، تاتاتلىغان سادالار، گۈمبۈرلەشلەر كۆتۈرۈلەتتى. بۇ ئاۋازلار شەھەرنىڭ شەرقىي هەم غەربىي تەرىپىدىن كەلمەكتە ئىدى. «كەلدى، بىز كۈتكەن كۈن ئاخىر كەلدى!» دەپ هاياجانغا چۆمگەن رىزۋانگۈل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا

هويلا ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭماقتا ئىدى. «ھەي پۈتۈننىڭ مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئاسقاقلاپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ رىزۋان نېمە ئويدىدۇ؟ ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەندۇ، ئۇمۇ ھويلا ئىچىدە تىت ـ تىت بولۇپ يۈرۈۋاتقاندۇ ...» رىزۋانگۈل تۇنۇگۈن خىزمەتتىن قايتىشىدا ۋېلىسىپىتنى بىر كىچىك بالىدىن قاچۇرىمەن دەپ ئېرىق ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، ئوشۇقى زەخىملىنىپ ئاسقاقلاپ قالغانىدى.

شۇ تاپتا رىزۋانمۇ ئوق ئاۋازىدىن، گۈمبۈرلەشلەردىن ئويغىنىپ كېتىپ، ھويلىغا چىقىۋالغانىدى. ئۇمۇ ھويلىدا تىت ـ تىت بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرمەكتە ئىدى. قايسى كۈنى ئىككىسى ئەگەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ قالسا، بىز ئەلۋەتتە قاتنىشىمىز، دەپ ۋەدىلەشكەن ئەمەسمىدى. مانا بۈگۈن پەيت كەلدى، رىزۋانگۈل نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟...

مانا ئاستا ـ ئاستا ئوق ئاۋازلىرىمۇ پەسلەۋاتىدۇ، تاڭمۇ ئېتىۋاتىدۇ، ئەمدى جاھان بېسىقىدىغان بولدى، دەپ تۇرۇشىغا ئاسماندا ئايروپىلان كۆرۈندى. ئۇ پەسلەپ كېلىپ شەھەرگە بومبا تاشلىدى، پىلىموت بىلەن كوچىلارنى، يېڭىدىن كوچىغا چىققان كىشىلەرنى ئوققا تۇتتى، قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى. رىزۋان رىزۋانگۈلنى ئىزدەپ بېرىشتىن يالتايدى. «توختاپ تۇراي، ئايروپىلاننىڭ بومبا، ئوقلىرىمۇ توگەر، شۇ چاغدا ئۇمۇ ئۇۋىسىغا قايتار، ئوق ئاۋازلىرىمۇ پەسلەر، بىردەم تۇرۇپ تۇراي، بىراق ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىۋاتقان بولىسچۇ.» رىزۋان رىزۋانگۈلنى كۈتۈپ خېلى تۇرۇپ باقتى، ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. رىزۋانگۈلنىڭ پۇتىنىڭ زەخىملەنگەنلىكىنى ئۇ بىلمەيتتى. «ئۇ كېلىشى كېرەك ئىدى، كېلىدىغان بولغان» دەپ ئويلىغان رىزۋاننىڭ ئېسىگە بىردىنلا قاباھەتلىك خىيال كەلدى. «ئۇنى تۇتۇپ كەتتىمۇيا، ئۆزىمۇ تىنچ يۈرمەيدىغان، مەن باراي

دېسەم، كېلىپ قالىدىغاندەكلا قىلىدۇ، تېخى يولدا ئىككىمىز ئۆتۈشۈپ كېتەمدۇقكىن دەيمۇ ئەنسىرەيمەن.»

ئاخىر رىزۋان كوچىغا چىقتى. كوچىدا ئۇچتىن ـ تۆتتىن بولۇۋېلىپ پاراڭلىشىۋاتقان ئادەملەر كۆپ ئىدى. چوڭ كوچىلاردا، يان كوچا دوقمۇشلىرىدا ئاپتومات تۇتقان، بېلىگە مۇشتەك بومبىلارنى ئاسقان پارتىزانلار تۇرىدۇ. قوللىرىغا نەيزە، كالتەك، تۆمۈر ئارا ئالغان توپ ـ توپ كىشىلەر شەھەرنىڭ غەربىگە، بىر قىسىملىرى شەرق تەرەپكە ئاقماقتا ئىدى. خەلق ئويغىنىپ ھەرىكەتكە كەپتۇ، كېچىدە شەھەرگە كىرگەن پارتىزانلار قوماندانلىق ئىشتابىنى ئىشغال قىپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر رىزۋان تۇرغان يەرلەرگە كېلىپ بولغانىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلسە، بىزمۇ قاتنىشىمىز دېگەن جۇرئەت ۋە ئىرادە ئىككى قىزنى تىنچ قويماي ۋاتاتتى. ئۇ 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىدى.

قوزغىلاڭ باشلىنىپ ئالتىنچى كۈنى رىزۋانگۈل رىزۋاننىڭ قېشىغا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر پۈتىنى سەل ئاياپ دەسسەيتتى. ئۇ پۈتىغا كەلگەن پېشكەللىكلەرنى سۆزلەپ بېرىپ:

— سېنى ھازىرغىچە ساقلىدىم — دېيىشىگە، رىزۋان:

— بولدى بۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنى، ئۇلارنىڭ ئىشتابىنى تاپايلى، شۇ يەرگە بېرىپ ئۆزىمىزنى پىدائىيلىققا تىزىملىتايلى، — دېدى.

— ماڭايلى، — دېدى رىزۋانگۈلمۇ ئالدىراپ، — ھازىر پارتىزانلارنىڭ باشلىقلىرى قوماندانلىق ئىشتابىدا ئىكەن.

— شۇنداقمۇ، ئاڭلىغان خەۋەرلەر راست ئىكەن ـ دە.

— شۇنداق، پارتىزانلار شەھەرگە كىرگەن كۈنىلا قوماندانلىق ئىشتابىنى ئىشغال قىلغانىكەن، يۇر، كەتتۇق.

ئۇلار ئىتتىك ـ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن يۈگۈرگەندەك ماڭماقتا، كوچىدىكى ئادەملەرمۇ ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي

ئىلدام ـ ئىلدام يۈرمەكتە ئىدى. كوچىلاردا زادىلا كۆرۈلمىگەن قاينام ـ تاشقىنلىق ئىپادىلىنىپ تۇرماقتا. ئەل تەۋرەپ كەتسە، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت بەرق ئۇرۇپ تۇرىدىكەن. قوللىرىغا نەيزە، پالتا ئالغانلارمۇ خۇددى مىلتىق ـ پىلىموت ئالغاندەك ئىپتىخارلىنىپ قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغانىدى. ئىككى قىزنى شۇنچە ئىتتىك ماڭدۇرۇۋاتقان، جەلپ قىلىۋاتقان كۈچ نېمىدۇ؟ تەۋرەپ كەتكەن خەلق دولقۇنى. ئۇلار شۇ دولقۇنىنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى، قولىغا قورال ئېلىپ مۇستەبىت گومىنداڭ ھاكىمىيىتى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشماقچى. ئۇلارنى ئىلداملىتىۋاتقان، ئالغا ئىلگىرىلىتىۋاتقان كۈچ ئەنە شۇ.

كىشىلەر قاراشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان قوماندانلىق ئىشتابى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈلگەن، توپ ـ توپ كىشىلەر بىرنىمىلەرنى دېيىشىپ كۈلۈشمەكتە، خۇشال ھالدا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەشمەكتە. قوللىرىغا نەيزە، كالتەك، تۆمۈر ئارا، توقماقلارنى ئالغان كىشىلەر تىزىملاش ئورنىغا كېلىپ، ئۆچىرەتتە تۇرۇپ پىدائىيلىققا تىزىملىتىشنى كۈتمەكتە. ئىشىك ـ دېرىزىلىرى يوغان، ئۈستى قاڭالتىرلىق بۆلۈملەرگە كالتە خۇرۇم چاپان ياكى ئىسكەتلىك كالتە جۇۋا كىيگەن، بويۇنلىرىغا ئاپتومات، بەللىرىگە تاپانچا، بومبىلارنى ئاسقان كوماندىر سۈپەت كىشىلەر كىرىپ ـ چىقماقتا، ھەممىلا ئادەم ئالدىراش ئىدى.

ئىككى قىز — رىزۋانگۈل بىلەن رىزۋان قوماندانلىق ئىشتابىغا ئالدىراش كىرىپ كەلدى ـ دە، ھويلىغىلا ئۈستەل ـ ئورۇندۇق قويۇپ پىدائىي بولۇپ كەلگەنلەرنى تىزىملاۋاتقان قوشۇما قاش، بېلىگە تاپانچا ئاسقان يىگىتنىڭ ئالدىغا قىستىلىپ يۈرۈپ تەسلىكتە كەلدى.

— كاتىپ ئەپەندى، — دېدى رىزۋانگۈل ئالدىراپ، — بىز پىدائىيلىققا تىزىملاتقىلى كەلدۇق، مېنىڭ ئىسمىم رىزۋانگۈل ھاشىم، بۇ دوستۇمنىڭ رىزۋان ناسىر، قېنى ئىسمىمىزنى

يېزىڭ، ئالدىنقى سەپكە بارىدىغانلارنىڭ قاتارىغا يېزىڭ، يەنە نېمىلەرنى سورايسىز، سوراڭ.

كاتىپ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئىككى قىزنى كۆرۈپ، مەنسىتمىگەندەك قىياپەتتە:

— قىزلارنى تىزىملاشقا بولمايدۇ، قايتىپ كېتىڭلار، بىكار ئاۋارە بولۇپ كەپسىلەر، — دېدى.

رىزۋانگۈل باشقىلارنىڭ قىزلار توغرىسىدىكى گەپلىرىگە بەكمۇ دىققەت قىلاتتى. ئۇنىڭ غۇزۇزىدە ئاچچىقى كەلدى:

— نېمە؟! قىزلار، قىزلار بولسا نېمە بوپتۇ، قىزلار جەڭ قىلالمايدۇ، دەپ قايسى كىتابتا يېزىلىپتۇ؟ ئېيتىپ بېقىڭە، سىزنىڭ قايسى باشلىقىڭىز: «قىزلارنى تىزىملىما، جەڭ قىلالمايدۇ» دېگەن؟ قىزلارنىڭ جەڭگە كىرەلمەيدىغانلىقىنى، جەڭ قىلالمايدىغانلىقىنى سىز بىلەمسىز؟

كەينى - كەينىدىن قويۇلغان بىرنەچچە ئۆتكۈر سوئال كاتىپنى مەڭدىتىپ قويدى.

— خانىم - قىزلار ئادەممۇ، ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئادەم.

— ئۇنداق بولسا ئادەم ئۆزىنى ۋەتەن ئۈچۈن ئاتىيالمىسا، ئۇ نېمە بولىدۇ؟

— جەڭگە كىرىش، جەڭ قىلىش دېگەن ئوغۇللارنىڭ ئىشى، قىزلار قانداق قىلىپ جەڭگە كىرىدۇ، بىلىپ قويۇڭكى، قىزلار جەڭگە كىرەلمەيدۇ، — دېدى كاتىپ.

— كاتىپ ئەپەندى، ئوغۇللار ۋەتەننىڭ ئوغۇللىرى بولسا، قىزلار ۋەتەننىڭ نېمىسى؟ ... ۋەتەننىڭ قىزلىرىمۇ، ئەمەسمۇ؟ سىزمۇ بىلىپ قويۇڭكى، ئوغۇللار قىلالىغان ھەرقانداق ئىشنى قىزلارمۇ سۆزسىز قىلالايدۇ.

— ھېسسىياتقا بېرىلمەي، گېپىمنى چوڭقۇرراق ئويلاپ بېقىڭ، سىلەر قىز بالا ئىكەنسىلەر، ئۇرۇشتا قىيىنلىپ قالارسىلەرمىكىن دەۋاتىمەن.

— ئوغۇللار ۋەتىنىم، خەلقىم دەپ قولىغا قورال ئالغان يەردە، بىز قىزلار چەتتە قاراپ تۇرساق بولامدۇ؟ پۈتۈن خەلق ئاتلىنىپ جەڭگە كىرىۋاتسا، بىز بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرامدۇق؟ بىز مۇنداق نومۇستى كۆتۈرەلمەيمىز.
كاتىپ ئويلىنىپ قالدى: «هازىرغىچە بىرمۇ قىز پىدائىيلىققا تىزىملىتىمەن دەپ كەلمىگەن، بۈگۈنمۇ بۇلاردىن باشقا بىرمۇ قىز كۆرۈنمەيدۇ، بىراق مۇنۇ قىزلارنى قانداق ياندۇرغىلى بولار؟ بۇلارغا گەپ تېپىپ بېرىشمۇ تەسكە توختاۋاتىدۇ...»
بۇ يەرگە پىدائىيلىققا كەلگەنلەر ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ئاتمىش ياشتىن ئاشقان قېرىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەتتا ئون تۆت - ئون بەش ياشلىق بالىلارمۇ بار ئىدى. بىر بالا قىستىلىپ يۈرۈپ، كاتىپنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە:
— قېنى كاتىپ، مېنى خەتلەپ قويۇڭ، — دېدى.
— كاتىپ بالىنىڭ بېشىدىن - ئايىغىچە قاراپ:
— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — دېدى.
— ئون بەش ياشقا، — دېدى ئۇ.
— بولمايدۇ، سەن يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن كەل.
— نېمە دەۋاتىسىز؟ ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ياش بىلەن ئۆلچەمسىز؟
— قارا بۇنىڭ گېپىنىڭ چوڭلۇقىنى...
— ئاپام ماڭا: «ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئاكاڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئال» دېگەن. ئاكامنىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز، هازىرلا سۆزلەيمۇيا؟
— بولدى، سۆزلىمىسەڭمۇ چۈشىنىۋاتىمەن، گومىنداڭنىڭ قىلمىغىنى قالمىغان.
كاتىپ بۇ بالىنىڭ قىزغىنلىقىغا قاراپ، ئۇنى ئارقا سەپكە ئەۋەتسە، يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا يارايدىغانلىقىنى ئويلاپ:
— بولىدۇ، ساڭا لايىق ئىشمۇ بار، — دېدى - دە، تىزىملاپ قويۇپ، يەنە سۆز ئالدى، — نەگە بارىدىغانلىقىڭنى هازىرلا

ئېيتىپ، قولۇڭغا خەتمۇ بېرىمەن.

باياتىن بېرى گەپ قىلماي تۇرغان رىزۋانگۈل كاتىپقا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ھەي كاتىپ، بىلەمسىز، باشقىلارنىڭ قوزغىلىپ بۇ يەرگە پىدائىيلىققا تىزىملاتقىلى كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەۋەس قىلىپ كەلمىدۇق، بىز بۇ كۈننىڭ كېلىشىنى شۇنچە تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن، مانا ئەمدى پۇرسەت كەلدى، قىزلارمۇ ئوغۇللاردەك جەڭ قىلالايدۇ، بىزدىن ئەندىشە قىلماي تىزىملاۋېرىڭ، — ئۇنىڭ غەزىپى بېسىلمىغاندى، — كاتىپ ئەپەندى، قىزلارنى جەڭ قىلالمايدۇ، دېگىنىڭىزگە قارىغاندا، سىز نوزۇگۇم، مايىمخانلارنى بىلمەيدىغان ئوخشايسىز. بىلىپ قويۇڭكى، ئۇلار بىزنىڭ تارىخىمىزدا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار، خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك قىزلىرى. ئۇلار بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلۈپ چىققان قوزغىلاڭچىلار، ئاددىي قوزغىلاڭچىلار ئەمەس، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سەركەردىلىرى، قانچىلىغان زالىملار بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىپ، ئۇلارنى جېنىدىن جۇدا قىلغان، يەر چىشلەتكەن قەھرىمانلار. بىز ئۇلارنىڭ كۈرەشچان روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مۇستەبىت گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قولىمىزغا قورال ئېلىپ، خەلق دۈشمەنلىرى بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپ كەلدۇق. ئۇلار نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى قوللىرىغا قىلىچ ئالغان يەردە، بىز قولىمىزغا مىلتىق ئالالمامدۇق؟ شۇلارمۇ قىزلارغۇ، شۇلارمۇ ۋەتەننىڭ قىزلىرىغۇ! ئۇلار ئۆز زامانىسىدا زالىملارغا قارشى كۈرەش قىلسا بولىدىكەنۇ، بىز بۈگۈنكى زاماندا كۈرەش قىلساق بولمامدىكەن؟ بىز ئاشۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ مەيدانغا چىقمىساق، پۈتكۈل خانىم ـ قىزلارغا نومۇس ئەمەسمۇ! بىز ھەقىقەتەن غەزەپكە كەلدۇق، بىزنىڭ يولىمىزنى توسماڭلار، ئالدىنقى سەپكە قەتئىي بارىمىز.

ئەتراپتا تۇرغانلار رىزۋانگۈلنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ بىردىنلا چاۋاك چېلىپ، ئالقىش ياڭراتتى ۋە ۋارقىرىشىپ كەتتى:

— ياشاپ كېتىڭ، سىڭلىم !
— ئاجايىپ مەرد قىز ئىكەنسىز !
— باركاللا سىزگە، ئالتۇنغا بەرگۈسىز قىز ئىكەنسىز !

رىزۋانگۈلنىڭ سۆزىدىن سەل بۇرۇن ئىشتاب ئىشخانىسىدىن چىققان قىرىق - قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، قارا بۇرۇتلۇق، كېلىشكەن ئادەم ھويلىدا ئىككىيلەن بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇ نەق مۇشۇ يەردە ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى، ۋەزىپىسى ھەققىدە كۆپچىلىككە نۇتۇق سۆزلىگەنىدى. سالاپىتىگە قارىغاندا، بۇ ئادەم مۇشۇ يەردىكى باشلىقلارنىڭ بىرىدەك قىلاتتى. ئۇ ئىككى ئادەم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان بولسىمۇ، قۇلىقىغا رىزۋانگۈلنىڭ ئاۋايىقى سۆزلىرى كىرىپ تۇراتتى. رىزۋانگۈلنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئۇ رىزۋانگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئالىقىنى بىلەن مۇرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— توغرا ئېيتىسىز، قىزىم، قىزلاردىنمۇ نى - نى قەھرىمانلار چىققان، ئەمدى تېخىمۇ كۆپ چىقىدۇ. قوشۇنىمىز غەلىبە بىلەن غۇلجا شەھىرىگە بېسىپ كىردى. ھازىر خەلقىمىز دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ كەتتى. ئىنقىلاب ھەممىمىزنى — ياشلارنى، قېرىلارنى، ئوغۇللارنى، قىزلارنى... ھەربىي سەپكە چاقىرماقتا. ئالدىنقى سەپ بولسۇن، ئارقا سەپ بولسۇن، نەدە ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلساق، ھەممىسى ئوخشاشلا شەرەپلىك! ئالدىنقى سەپكە بېرىشنى تەلەپ قىلىسىز، بېرىڭ، قىزىم. قىيىنچىلىق، مۇشەققەت ۋە ئۆلۈم بىلەن ھېسابلاشساق، ئىنقىلابىمىز نۇسرەت قازىنالمايدۇ. بېرىڭ، قىزىم، ئالدىنقى سەپ نۇرغۇنلىغان شەپقەت ھەمشىرىلەرگە موھتاج !

ئۇ يەنە كاتىپقا قاراپ دېدى:

— بۇ قىزنى ئۈمىد مەكتىپىدىكى ئىككىنچى چوڭ ئەترەتكە ئەۋەتىڭ، مۇنۇ قىز (رىزۋان) نى تەشۋىقات ئەترىتىگە ئەۋەتىڭ.

كاتىپ دەرھال ئىككى پارچە قەغەزگە بىرنېمىلەرنى يازدى.

سالاپەتلىك كىشى ئۇ قەغەزلەرگە قول قويىدى ـ دە، رىزۋانگۈلگە دېدى:
— سىز ئۇمىد مەكتىپىنى بىلەمسىز؟
— بىلىمەن، مەن ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان.
ئۇ ئادەم رىزۋانغا قاراپ دېدى — سىز تەشۋىقات ئەترىتىگە بېرىپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوفنى تېپىڭ، ھېلى مەشەدە بار ئىدى، يۈرۈڭ، مەن تېپىپ بېرەي.

## 17

شۇنداق قىلىپ، رىزۋانگۈل ھەربىي سەپكە كىرىپ قولىغا قورال ئالدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. ئۆز تەلىپى بويىچە ئۇنىڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، قىلىدىغان ئىشى جەڭچىلەرگە شەپقەت ھەمشىرىسى (سانىتاركا) بولۇش ئىدى. «مەن ئادەم، ‹ئادەم› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى — خەلق دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. مېنىڭ بۇ ۋەزىپەم ئۇ نامغا دېگەندەك مۇناسىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنى ئالدىنقى سەپتە ھەم جەڭچى، ھەم سانىتاركا ھېسابلىشىم كېرەك، — دەپ تېخىمۇ چوڭقۇر خىياللارغا بېرىلدى ئۇ، — كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئالماي، پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، تىنچ يەرنىلا ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئۆمرى ھەرقانچە جىلۋىلىك بولسىمۇ، خۇددى لەيلىقازاقتەك بىر شامالدىلا توزۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، مەن سانىتاركىلىقنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە ھەممە قورالنى ئېتىشنى، چۈۋۈپ قۇراشتۇرۇشنى، چاتاق چىققان يېرىنى دەرھال تۈزەشنى، ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىشىم كېرەك. شۇنىڭدىلا مەن ئالدىنقى سەپتىكى مۇكەممەل جەڭچى ھەم سانىتاركا بولالايمەن، خەلقمۇ مەندىن رازى بولىدۇ، خەلقنى رازى قىلىش جەڭچى

ئۇچۇن ئالىي مەقسەت.»

ئۇ تەقسىم قىلىنغان شاھاجىنىڭ بېغىدىن ئالتۇنلۇقنىڭ غەربىي شىمالىغىچە بولغان جاي گومىنداڭ قىسىملىرى قاپسىدلىپ قالغان ھەرەمباغ قەلئەسىنى قورشاپ تۇراتتى. رىزۋانگۇل جەڭگە كىرگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ھودۇقۇپ ـ تەمتىرەپ قالدى. ئوق دېگەن قوناقچىلىك نەرسە بولسىمۇ، جاننى ئالىدىغان غايىبانە ئەجەل ئىكەن. ھېلى گەپ قىلىپ تۇرغان جەڭچى تاتاتلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا «گۇپ» قىلىپ يىقىلاتتى. بەزىلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولسىمۇ، بەزىلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمايتتى ـ دە، ئۇلار بىردەمدىلا جەسەتكە ئايلىناتتى. رىزۋانگۇل جەڭگاھتا خېلىدىن بېرى سانىتاركىلىق قىلىۋاتقانلاردىن ئوق تەگكەن جەڭچىنى قانداق قۇتقۇزۇشنى — ئوق تەگكەن ئورۇننى قانداق دېزىنفېكسىيەلەشنى، ئېقىۋاتقان قاننى قانداق توختىتىشنى، ياردارلارنى ئۇرۇش سېپىدىن قانداق ئاچىقىشنى، ھوشسىز بولسا قانداق ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ مېڭىشنى، يېرىم جان بولۇپ قالغانلارنى گوسپىتالغا قانداق ئەۋەتىشنى ئۆگىنىۋاتاتتى. ئۇ شەپقەت ھەمشىرىلىرىنىڭ باشلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، شاھاجىنىڭ بېغىدىن ئالتۇنلۇقنىڭ غەربىي شىمالىغىچە بولغان جايلاردىكى شەپقەت ھەمشىرىلىرىگە ئىسپىرت، يود، مارلا (داكا)، قان توختىتىش دورىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى (ئۇ شاھاجىنىڭ بېغىدىكى ئەترەتتە تۇراتتى). ئۇ ياردارلارغا ئاتالغان لازىمەتلىكلەرنى ئالتۇنلۇقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى پارتىزانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە بۇرۇلۇپ، دۆڭگە چىقىشىغا «يات !» دېگەن بۇيرۇق ئاڭلاندى. ئۇ ياتقۇچە بولغان سېكۇنت ئارىلىقىدا بىر تال ئوق رىزۋانگۇلنىڭ قولاق تۈۋىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ھامان «يات !» دەپ بۇيرۇق قىلغان ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نېمانداق ئۆزىڭىزنى باشقۇرالماي ئەلەڭلەپ ماڭىسىز،

ئېگىشىپ ماڭمامسىز؟ بۇ سەيلە قىلىدىغان چوڭ كوچا ئەمەس، ئۇرۇش مەيدانى، تاس قالدى ئوق جېنىڭىزنى ئالغىلى، ئۇرۇشقا ھېلىلا كەپسىز ـ دە، تەلىيىڭىز بار ئىكەن، ھېلىمۇ خۇدايىم بىر ساقلىدى.

بىر پەستىن كېيىن رىزۋانگۇل ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، بىراق قورقۇپمۇ كەتمىدى. رىزۋانگۇل تام تۆشۈكىدىن دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى بايقاش ئۈچۈن كۆزىنى ئۇنىڭغا يېقىن ئاپىرىۋىدى، بىر پارتىزان ئۇنى بىر تېپىپ يىقىتىۋەتتى. نەق شۇ چاغدا بىر ئوق تۆشۈككە تېگىپ توپا توزۇتۇۋەتتى. «خائىن بارمۇ نېمە بۇ يەردە» دەپ رىزۋانگۇل ئۇياققا قارىۋىدى، بۇرۇتلۇق بىر پارتىزاننىڭ ھېرىپ كېتىپ دەم ئېلىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ پارتىزان رىزۋانگۇلنى نېمىشقا تېپىۋەتكەنلىكىنى چۈشەندۈردى:

ــ سىزنى تېپىپ يىقىتىۋەتمىگەن بولسام، بۇ چاغقىچە ئۆزىڭىزنى ئۇ ئالەمدە كۆرگەن بولاتتىڭىز، ھېلىمۇ ياخشى دۈشمەن ئوقى تۆشۈكتىن سەل تۆۋەنگە تېگىپ توپا توزۇتۇۋەتتى. قارىسىڭىز، تۆشۈك قاراڭغۇلىشىدۇ، دۈشمەن ئادەم كەلدى، دەپ ئوق ئاتىدۇ. بۇ يەردە مۇشۇ تۆشۈكتىن قارىغان ئىككى جەڭچىمىز بىھۇدە قۇربان بولۇپ كەتكەن. شۇڭا، سىزنى تېپىۋەتكەنىدىم، ھايات قالدىڭىز.

رىزۋانگۇل ئۇنى خائىنمىكىن دەپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا دېدى:

ــ كەچۈرۈڭ، ئاكا، مەن تازا ئەخمەق ھەم دۆت ئىكەنمەن، سىز ماڭا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشنى ئۆگەتتىڭىز، بۇ مېنىڭ دۆتلۈكۈمگە بېرىلگەن بىر سىگنال بولدى. رەھمەت سىزگە، ماڭا مۇھىم بىر ساۋاق بەردىڭىز.

ئۇرۇشقا كىرگەن ئادەم ئۇرۇش مەيدانىنىڭ تۈزۈلۈشىنى، ئوي ـ چوڭقۇرىنىڭ قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى، ئالاھىدىلىكىنى،

بايقاپ بىلىۋېلىشى؛ دۈشمەن ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەر تۈزۈلۈشىدىن پايدىلىنىپ قانداق يەردە ئۆمىلەپ مېڭىش، قانداق يەردە يەر بېغىرلاپ مېڭىش، قانداق يەردە باشنى كۆتۈرمەسلىك ۋە پۇتنىڭ سوڭىنى يەرگە چاپلاپ مېڭىش، قانداق يەردە يېتىپ تۇرۇپ گىرانات تاشلاش... دېگەندەك ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى بىلىۋېلىشى؛ قوراللارنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى كېرەك. رىزۋانگۈل مانا مۇشۇ ئىشلارنى مۇھىم دەپ قاراپ، دورا ئىشلىتىش، يارىدارلارنى قۇتقۇزۇشنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن قورال ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى.

بۇ ئەترەتتىكىلەر ياتاقتا دەم ئېلىۋاتاتتى، بۇنى دەم ئېلىش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھەركىم بىرەر سائەت دەم ئېلىش ئۈچۈن ياتسا بىردەم قورال ئىشلىتىشنى، چۆۋۈپ - قۇراشتۇرۇشنى، كاشىلا چىقسا تۈزەشنى مەشىق قىلاتتى، بىر - بىرىگە ئۆگىتەتتى، ئۆگىنەتتى. «بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، سورىماسلىق ئەيىب» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز مانا مۇشۇ يەردە يولغا قويۇلۇپ، ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. پارتىزانلارنىڭ كونىلىرى دېگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ سەپكە كىرگىنىگە بىر ئايلا بولغان؛ يېڭىلىرى دېگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ سەپكە كىرگىنىگە ئاران ئىككى - ئۈچ كۈنلا بولغانىدى. شۇڭا، ئۇلار توختىماي مىلتىق ئېتىشنى، چۆۋۈپ - تۈزەشنى مەشىق قىلىپ تۇراتتى.

بۈگۈن پارتىزانلارنىڭ بىر قىسمى قورال ئىشلىتىش، چۆۋۈپ - تۈزەش ئۇسۇللىرىنى مەشىق قىلماقتا ئىدى. شۇ ئارىلىقتا يېڭىدىن قۇرۇلغان گېزىتخانىنىڭ ئىككى مۇخبىرىنى باشلاپ ئىشتاب باشلىقى ياتاققا كىرىپ قالدى.

— بۇلار گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرلىرى، سىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكىلى كەپتۇ، — دېدى ئىشتاب باشلىقى ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرغان پارتىزانلارغا، — قىلىنغان ئۇرۇش، ھۇجۇملار توغرىسىدا، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەر، پارتىزانلارغا يول ئاچىمەن دەپ قۇربان بولغانلار ھەققىدە تارتىنماي، قىلغان

ئىشلارنى قالدۇرماي، قىلمىغان ئىشلارنى قوشماي، سۆزلەپ بېرىڭلار.

— ياق، ياق، سىلەر مەشىقىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، — دېدى قارا قاشلىق، ئورۇق مۇخبىر، — بىز قوللىرى بوشىغانلار بىلەن بىردىن - بىردىن سۆھبەتلىشەيلى، بۇ سىڭلىمىزمۇ سىلەر بىلەن بىر سەپتە ئىكەن - ھە.

— شۇنداق، بۇ رىزۋانگۇل، ھاشىم ئاكىنىڭ قىزى، بىرنەچچە كۈن بولدى، سېپىمىزنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇپ ئالدىنقى سەپكە بېرىۋاتىدۇ. ئارقا سەپتە ئىشلەشكە ئۇنىماي مەشەگە كەلدى. ناھايىتى ئۆتكۈر، جەسۇر قىز ئىكەن بۇ...

— بولدىلا، ئىشتاب باشلىقى، ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز، مەن بىر ئاددىي سانىتاركا شۇ، — دېدى رىزۋانگۇل ھۇپپىدە قىزىرىپ.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. نۇزۇگۇم، مايىمخانلارمۇ جەڭگىۋار قىزلار ئەمەسمىدى، شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپتۇ، — دېدى يەنە بىر مۇخبىرمۇ.

ھەممىسى ئۆز مەشقىگە كىرىشىپ كەتتى. ئىشتاب باشلىقى ئالدىراش ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. بىر ياش پارتىزان مىلتىقىنىڭ چاقمىقىنى ئورنىغا سالالماي، قىينىلىپ قىزىرىپ تۇراتتى. مۇخبىرلار ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ قاراپ تۇرغاچقىمىكىن ياكى ئۇ سەپكە يېڭىلا قوشۇلغاچقىمىكىن، تەمتىرەپ قالغانىدى. ئۇ خېلى ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، يەنىلا چاقماقنى ئورنىغا سالالمىدى. رىزۋانگۇل ئۇنىڭ قولىدىن مىلتىقنى ئېلىپ، چاقمىقنى بىر ھەرىكەت بىلەنلا ئورنىغا سېلىپ قويدى. مۇخبىرلارنىڭ بىرى رىزۋانگۇلنىڭ ئاكىسىنى تونۇيدىغان چېغى، ئۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىپ كەتتى. مۇخبىرلار بىر سائەتتىن ئوشۇقراق ۋاقىتتا بەش - ئالتە پارتىزان بىلەن سۆزلىشىپ، خوشلىشىپ ماڭدى. رىزۋانگۇل مۇخبىرلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

پارتىزانلار يەنە ئۆزئارا گەپكە چۈشتى. ئۇلارنىڭ گېپى رىزۋانگۇلنىڭ تىرىشچانلىقى، بىرنەرسىنى ئۆگىنىشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، ئۇنى تېزلا ئۆگىنىۋالىدىغانلىقى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە مەركەزلەشتى.

— تۈنۈگۈندىن بېرى، — دېدى ئاق يۈزلۈك، ئوتتۇرا بوي، ياش پارتىزان، — رىزۋانگۇل گېرمانىسكىي پىلىموتقا ئوق سېلىشنى توختىماي مەشىق قىلىۋاتىدۇ، «ھەي رىزۋانگۇل، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز پىلىموت ئېتىش ئەمەسقۇ، نېمە قىلىسىز ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلىپ» دېسەم، نېمە دېدى دېمەمسىلەر؟

— ھە، ھە، نېمە دېدى؟

— تايىنلىق سېنى بىر گەپ بىلەنلا ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندۇ ئۇ گەپدان قىز.

— راست، مېنىڭ ۋەزىپەم يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش، لېكىن بىر مۇكەممەل سانىتاركا بولۇش ئۈچۈن، بىر مۇكەممەل جەڭچى بولۇش كېرەك. ئويلاپ بېقىڭ، دۈشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان، دۈشمەنمۇ بىزگە جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان جىددىي پەيت دەيلى، بىزنىڭ پىلىموتچىغا ئوق تېگىپ كەتسە، پىلىموتنىڭ ئۈنى ئۆچسە، دۈشمەن يوپۇرۇلۇپ كەلسە، قانداق قىلىش كېرەك؟ دەرھال پىلىموتچى سەپلەش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئاشۇ جىددىي ئەھۋالدا مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟

— ئەلۋەتتە، سىز يارىدارنى قويۇپ تۇرۇپ پىلىموتنى قولىڭىزغا ئېلىشىڭىز كېرەك ـ دە.

— بۇ گەپنى توغرا دېدىڭىز، بىراق مەن پىلىموت ئېتىشنى بىلمىسەم، قانداق بولىدۇ؟ دۈشمەن بېسىپ كېلىپ، مۇھىم ئورنىمىزنى ئىشغال قىلىدۇ. قانداق، مېنىڭ پىلىموتنىڭمۇ تىلىنى ئۆگىنىپ قويۇشۇمنىڭ ئەھمىيىتى بارمىكەن؟ يالغۇز گېرمانىسكىي پىلىموتىنىڭلا ئەمەس، ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ھەممە قورالنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ئۇلارنى ئېتىشنى، چۇۋۇپ ـ ياساشنى ئۆگىنىپ قويۇشۇم كېرەك. بۇ سىز دېگەندەك «ئاۋارە

بولۇش» ئەمەس، جەڭنىڭ ئېھتىياجى. مەن مۇشۇ ئېھتىياجدىن چىقالىساملا ئاندىن مۇكەممەل، يارامىلىق سانتاركا بولالايمەن. مەن بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، مىناميوت، زەمبىرەكلەرنى ئېتىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇشۇم كېرەك، قانداق دېدىم، سەپداش پارتىزان، — دېدى رىزۋانگۈل چاقماقتەك سۆزلەپ. ئۇنىڭ دېگەنلىرى شۇنچىلىك توغرا ئىدى. ياش پارتىزان رىزۋانگۈلگە ئىچ ئاغرىتىپ سۆزلەپ قويغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

ئەترەتتىكىلەر نۆۋەت ئالمىشىپ ياتاققا كەلگەندە (شۇ چاغدا ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئوقۇش توختىغاچقا، ئۇمىد مەكتىپى ئىككىنچى چوڭ ئەترەتنىڭ ياتىقى قىلىنغانىدى) گەپلەر ئايلىنىپ كېلىپ، رىزۋانگۈلگە مەركەزلىشىپ قالاتتى.

رىزۋانگۈل پارتىزانلارنىڭ قولىدىكى قوراللارنىڭ چەت ئەلدە ئىشلەنگەنلىكىنى، شۇڭا ئىسىملىرىنىڭمۇ چەت ئەلچە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىمىزچە ئىسىم قويساق بولىدىكەن، دەپ ياتاقتا يېتىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى: «قوراللارغا چوقۇم ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، پارتىزانلارنىڭ كۆپچىلىكى دېھقان باللىرى، چەت ئەلچە ئىسمغا تىلى ئانچە كەلمەيدۇ. چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن قوراللارغا شەكلىگە قاراپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇشىمىز كېرەك...» رىزۋانگۈل نەچچە كېچە ئويلاپ، ئاخىر ئەستە تۇتۇۋېلىشقا، ئۆزئارا خەۋەر - بۇيرۇق قىلىشلارغا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن دېكتار پىلىموتقا «تەخسە پىلىموت»، چاقلىق ھەم قالقانلىق ئېغىر پىلىموتقا «قالقان پىلىموت»، پاتالكوشكىن گىراناتقا «قايچا گىرانات»، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ياغاچ ساپلىق گىراناتقا «توقماق گىرانات»، گېرمانىيەدە ئىشلەنگەن قاتلىنىدىغان ئاپتوماتقا «پۈكلىمە ئاپتومات»، يەنە گېرمانىيەدە ئىشلەنگەن ئۈچ پۇتلۇق ئېغىر تىپلىق پىلىموتقا «داڭقان پىلىموت» ... دېگەندەك ئىسىملارنى قويدى. ھازىر جەڭ قىلىۋاتقان سانسىزلىغان

پارتىزانلار ۋە كوماندىرلارنىڭ ھېچقايسىسى قوراللارغا مۇنداق ئىسىملارنى قويۇپ، پارتىزانلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى ئويلاپمۇ باقمىغاندۇ، پەقەت رىزۋانگۇللا ئەقىل ئىشلىتىپ قوراللارغا مۇشۇنداق ئىسىملارنى قويۇپ چىقتى.

— قوراللارغا قويۇلغان بۇ ئۇيغۇرچە ئىسىملار، — دېدى ياش پارتىزان، — ھازىر شۇنچىلىك ئومۇملىشىپ كەتتىكى، پارتىزانلارنىڭ ھەممىسى قوراللارنى رىزۋانگۇل قويغان شۇ ئىسىملار بىلەن ئاتاۋاتىدۇ، ھەتتا باش ئىشتابنىڭ بۇيرۇقلىرىدىمۇ مۇشۇ ئىسىملار قوللىنىلغان. مەسىلەن، قايسى كۈنى كەلگەن باش ئىشتاب بۇيرۇقىدا: «... سالاھىدىننىڭ چوڭ ئەترىتىگە ‹تەخسە پىلىموت›تىن ئون ئىككى تال، ‹پۈكلىمە ئاپتومات›تىن ئون تال، ‹قايچا گىرانات›تىن ئوتتۇز بەش دانە، ‹توقماق گىرانات›تىن ئەللىك دانە تولۇقلاپ بېرىلدى» دېيىلگەن.

ئۇرۇش جىددىي داۋاملىشىۋاتقان چاغلاردا ئوق تېگىپ كېتىش، ئۆلۈش، يارىلىنىش بولۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ھەمشىرىلەر كىمگە ئوق تېگىپ كېتەر، كىم يارىلىنار، دەپ قاراپ تۇرامدۇ؟ ياق، ئۇنداق بولمايدۇ، بولۇپمۇ رىزۋانگۇل ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى جەڭگاھتىكى جەڭچىمەن دەپ بىلىدۇ، جەڭدە يارىلانغان ياكى قۇربان بولغانلارنى بىخەتەر جايغا يۆتكىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇرۇشقا باشقا جەڭچىلەردەك قاتنىشىدۇ. تۈنۈگۈن ئۇرۇش جىددىي تۈس ئالدى. ئالدىدىكى بىر جەڭچى ئوق تېگىپ، شۇ يەردىلا جان ئۈزدى. رىزۋانگۇل مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي، ئۆمىلەپ، يەر بېغىرلاپ يۈرۈپ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە، ئۇنى قولىدىن تارتىپ، ھاسىراپ دەم يېتىشمەي قالسىمۇ پىسەنت قىلماي، بىخەتەر جايغا ئەكەلدى.

— ئۇ بەربىر جان ئۈزدى، ئۇرۇش بېسىققاندا يۆتكىسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ، ئەجەل ئۇچۇپ يۈرگەن خەتەرلىك جايغا

باردىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئويلىمايدىكەنسىز، — دېدى بىر پارتىزان دۈشمەن ئىستىھكامىغا تىكىلگىنىچە نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ.
— ئەلۋەتتە ئۆزۈمنى ئويلىدىم.
— قانداقسىگە ئۆزىڭىزنى ئويلىغان بولسىز؟ ئۆزىڭىزنى ئويلىغان بولسىڭىز، ئۇ خەتەرلىك جايغا بارمىغان بولاتتىڭىز.
— مەن نېمە ئادەم؟
— سىز سانىتاركا.
— توغرا، مەن سانىتاركا، بىر ياخشى سانىتاركا يەنە ياخشى جەڭچى بولۇشى كېرەك. ياخشى جەڭچى بولمىسا، ياخشى سانىتاركا بولالمايدۇ، ئۇ قۇربان بولدى، ئۇنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇردۇق. ئۇنى جازالاش كېرەكمۇ، مۇكاپاتلاش كېرەكمۇ؟
— قانداق دەيسىز؟
— ئۇنى ئۆلدى، جەڭ بېسىققاندا يۆتكەيمىز، دەپ دۈشمەننىڭ ئوقى ئاستىغا تاشلاپ قويساق، ئۇنى جازالىغان بولمامدۇق؟!
كۆيۈنۈش بىردەمدىلا ئۆكۈنۈشكە ئايلاندى. ھېلىلا قىزغا كۆيۈنۈپ ئېيتقان سۆزلىرى ئۆزىگە يېنىپ قېلىپ، پۇشايمان قىلىپ قالدى ئۇ. تۇيۇقسىز ئېتىشىش ئەۋج ئېلىپ، ئەتراپنى قار توزانلىرى قاپلاپ كەتتى. توزان بېسىققاندا رىزۋانگۈل دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ يېنىدىكى بېشىنى كۆتۈرۈۋالغان جەڭچىنى نىشانغا ئېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، «بېشىڭىزنى چۈشۈرۈڭ!» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ، ئۇنى گەۋدىسى بىلەن ئىتتىرىپ يېنىدىكى ئازگالغا چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇنى نىشانلاپ ئېتىلغان دۈشمەن ئوقى قىزنىڭ بېشىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتتى.
— تىنچ يەردە پاراڭلىشىۋاتقاندەك نېمانداق بېشىڭىزنى كۆتۈرۈۋالدىڭىز؟ — دېدى رىزۋانگۈل يېنىچە ياتقىنىچە.
— سىزمۇ بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ ياتقانمۇ؟ ھەرنېمە بولسا جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز، — دېدى ئۇ قورالىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئوڭدا يېتىپ.

— مېنىڭ ئالدىمدا دۈمچەك يەر بار، مېنى يوشۇرۇپ تۇرىدۇ. سىزنىڭ ئالدىڭىز ئوچۇق تۇرسا، تاس قالدىڭىز ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغىلى.

— خۇداغا شۈكۈر، ئامان قالدىم، — دېدى ئۇ ۋە ئويلاپ قالدى: «بۇ قىزنىڭمۇ ئويلىغىنى توغرا ئىكەن، مەن سانىتاركا بولساممۇ، ھەممە قورالنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىم كېرەك دېگىنى ئاجايىپ توغرا ئىكەن. مۇشۇنداق شىددەتلىك جەڭلەردە بىرەر پىلىموتچىغا ئوق تېگىپ كەتسە، بۇ قىز مەن سانىتاركا دەپ قاراپ تۇرماي، دەرھال ئۇنىڭ پىلىموتىنى ئېلىپ دۈشمەنگە قارشى ئوت ئاچالايدۇ ئەمەسمۇ ... توۋا دەيمەن، بۇ قىز خۇددى جەڭ ئۈچۈن يارالغاندەك ھەم قورقماس سانىتاركا، ھەم چەبدەس، باتۇر جەڭچى. بىز مىلتىق بىلەن پىلىموتنى ئېتىشتىن باشقىنى بىلمەيمىز، بۇ قىز ھەتتا مىناميوت - زەمبىرەكلەرنى ئېتىشنىمۇ بىلىدۇ. جەڭدە قايسى خىل قورالنى ئىشلىتىۋاتقان جەڭچىگە ئوق تەگسە، شۇ قورالنى دەرھال قولىغا ئېلىپ، دۈشمەنگە زەربە بېرەلەيدۇ...» ئەترەت ئەسلىدە رىزۋانگۈلگە دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىپ قالسا، كېرەك بولىدۇ، دەپ بىر مىلتىق بەرگەن. شۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالغاندا، ئۇ دۈمبىسىدىكى مىلتىقنى ئالغۇچە ئادەمنى ئالدىرىتىپ قويىدۇ دەپ قاراپ، ئولجا ئالغان تاپانچىنى ئىشلىتىپ، نۇرغۇن خەتەردىن قۇتۇلغان، تاپانچىنى قولغا كىرگۈزۈشمۇ ئاسانغا چۈشمىگەن.

بىر تۈركۈم دۈشمەننى باشلاپ ئىستىھكامدىن چىققان بىر ئوفىتسېرنى رىزۋانگۈل مىلتىق بىلەن ئۆلتۈرگەندە، ئەسكەرلىرى ئىستىھكامغا قېچىپ كىرىپ كەتكەن. رىزۋانگۈل ئۇ ئوفىتسېرنىڭ تاپانچىسىنى ئېلىش ئۈچۈن يەر بېغىرلاپ ماڭغان. باشقىلار: «ھاي رىزۋانگۈل، خەتەرلىك، بارماڭ» دېسە، ئاڭلىماي ئىلگىرىلىگەن. گەپ يېگۈزەلمىگەن پارتىزانلار دۈشمەن ئىستىھكامىغا ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئۈزۈپ تۇرغان. رىزۋانگۈل ئىلگىرىلەپ بېرىپ ئوفىتسېرنىڭ تاپانچىسىنى، ئوقدانلىرىنى

ئېلىپ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەن. ھازىر ئاشۇ تاپانچىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. دۈشمەنگە ئۇچراپ قالسا، دەرھال شۇنى ئىشقا سالىدۇ.

ئۇرۇش دېگەن ناھايىتى رەھىمسىز، پاجىئەلىك ھادىسە. لېكىن، ئۇ ئاجايىپ مەردانە، نى ـ نى قەھرىمانلارنى يارىتىدىغان قانلىق جەڭگاھ. مانا بۇ رىزۋانگۈل ئۆزى زوقلىنىپ سۆزلەيدىغان نوزۇگۇم، مايىمخانلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، خانىم ـ قىزلار ئىچىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل پارتىزانلار ئىچىدە كوماندىر ـ جەڭچىلەرگىچە ھەۋەسلىنىپ ھەم ئىپتىخارلىنىپ تىلغا ئالىدىغان مەرد ـ مەردانە قىزغا ئايلاندى.

*    *    *

بىرنەچچە كۈنلۈك شىددەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەرەمباغ تۆپىلىكىدىكى گازارمىغا (قەلئەگە)، لەڭشاڭ بۇتخانىسىغا، ئايروپىلان ئىستانسىسىغا قاپسىلىپ قېلىپ، جاھىللىق بىلەن قاتتىق قارشىلىققا ئۆتتى. پارتىزانلار مۇشۇ ئورۇننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن (ئەترەتلەر نۆۋەت بىلەن كېلىپ) كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلماقتا ئىدى. مۇشۇ ئۈچ ئورۇن ئىشغال قىلىنسا، غۇلجا شەھىرى تامامەن ئازاد بولاتتى. بۇ ئۈچ ئورۇننى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشى ئالاھىدە، جىددىي ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىدىغان پاراسەتلىك ھەم جەڭگىۋار ئەزىمەتلەرنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىزانلار ئىشتابى ھەرقايسى ئەترەتلەردىن يىگىرمىدىن ئوشۇق تەجرىبىلىك پارتىزاننى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنى ئۈچ كۈنلۈك ھەربىي مەشىققە ئورۇنلاشتۇردى.

ئۇلار ھەربىي مەشىقنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان رىزۋانگۈل مەشىق مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ:

— تىنچ ـ ئامان تۇرامسىلەر، جەڭچىلەر؟ مەنمۇ سېپىڭلارغا

قوشۇلغىلى كەلدىم، — دېدى ـ دە، قاتار تىزىلىپ تۇرغانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ تۇرۇۋالدى. ئۇلاردىن بەزىلەر: «بۇ قىزغا بۇ يەردە نېمە باردۇ، ئۆزىنىڭ سانىتاركىلىقىنى قىلسا بولمامدۇ؟» دېسە، يەنە بەزىلەر: «بەلكى بۇ قىزمۇ تاللانغاندۇ» دەپ ئويلىدى. رىزۋانگۈل ئۇچىسىدىكى تاشلانمىغان قايرىما ياقىلىق ئاق جۇۋىسىنى، پۇتىدىكى قايرىما قونچىلىق بوز پىيمىسىنى سېلىۋېتىپ، پاختىلىق تۇجۇركا، قارا خۇرۇم چىتەك كىيىپ، چاقغان ـ چەبدەس قىياپەتكە كەلگەنىدى. ئۇنىڭغا قارىغان ئادەم كىيىملىرىنىڭ ياراشقانلىقىدىن زوقلىناتتى ۋە ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزەلمەي قالاتتى ـ دە، ئەزايى ـ بەدىنىنىڭ قەيىرىدۇر بىر يەرلىرىنىڭ يېنىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. نېمە ئامال، هازىرقى ئۇرۇش ۋاقتىدا يېنىپ تۇرغان كۆزنىڭ، ئۇرۇپ تۇرغان يۈرەكنىڭ گېپىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ـ دە. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رىزۋانگۈلنىڭ روزى ئىسىملىك ساۋاقدىشىمۇ بار ئىدى. ئەتىرەت باشلىقى ئەزەم رىزۋانگۈلنى تونۇيتتى. ئۇ رىزۋانگۈلنى كۆرۈپ قالدى ـ دە: «بۇ قىزغا بۇ يەردە نېمە باردۇ، ئاخشام مۇزاكىرىدە بىز تاللىغان پارتىزانلار ئىچىدە بىرمۇ قىز يوق ئىدىغۇ، بىز هەم قىزلارنى ئويلىشىپمۇ قويمىغان. بۇ زادى نېمە ئىش، بۇ قىز بۇ ئىشنى كىمدىن ئۇقۇپ، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟ ... هەي، بۇ تەنتەك قىز بۇ ئىشنى بىرىدىن ئاڭلاپلا ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئالدىراپ كەپتۇ ـ دە ... ‹ئوغۇللار قىلالىغان ئىشنى قىزلار نېمىشقا قىلالمايدىكەن، قايسى كىتابتا، قايسى تارىختا ئوغۇللار قىلالىغان ئىشنى قىزلار قىلالمايدۇ دەپتىكەن؟ ئوغۇللار قىلالىغان ئىشنى چوقۇم قىزلارمۇ قىلالايدۇ ...» دەپ سۆزلەپ يۈرەتتى. شۇڭا، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ بۇ ئالاهىدە هەرىكەتنى بىلىپ قېلىپ كەپتۇ ـ دە ... شۇنداقتىمۇ، بۇ قىزنى كەتكۈزۈۋەتمەي زادى بولمايدۇ هەم بۇ قىزلار قىلىدىغان ئىشمۇ ئەمەس، ئەگەر بۇ قىزغا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالسا، مەن دادىسى هاشىم ئاكىغا نېمە دەيمەن؟!» دەپ ئويلاپ:

— ھەي رىزۋانگۈل، سىزنى كىم چاقىرتتى، سىزگە نېمە بار بۇ يەردە؟ كېتىڭ، دەرھال كېتىڭ! — دېدى چىرايىنى ئاچماستىن ۋە ئۇنىڭ بېشىدىن تا ئايىغىچە قاراپ: «ئالايتەن چاقىرغان - چەبدەس بولۇپ كەلگىنىنى قارا بۇنىڭ ...» دەپ ئويلىدى. بەزى پارتىزانلار ئۆزئارا گۇدۇڭشىپ، كۆزلىرىدە شەرەتلىشىپ ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزەلمەي قېلىشقانىدى. روزى ئاستا پىچىرلاپ: «سىلەر كۆرۈشنى ئارزۇلىغان قورقۇمسىز، جەڭچىلەرگە كۆيۈمچان شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل شۇ» دېدى. ئاڭغىچە رىزۋانگۈلمۇ چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتۈپ دېدى:

— ھەي ئەزەم ئاكا، ساددىلىق قىلماڭا، سىزنى كىم چاقىرتتى دەيسىز، مېنى ھازىرقى ئۇرۇش ئېھتىياجى چاقىرتتى. بوش ۋاقىتتا ئۆگەنگەننىڭ نېمە زىيىنى بار؟ ھەرقانداق جەڭچى جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىنى تولۇق ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، ئەسقېتىپ قالىدۇ.

— ئۆگەنگەننىڭغۇ زىيىنى يوق، لېكىن بۇ يەردە تۈزۈم - ئىنتىزام بار، ھەممە پارتىزان كېلىۋالسا بولمايدۇ - دە، ئەتە چوڭ ئەترەت باشلىقىڭىزدىن رۇخسەت ئېلىپ كېلىڭ، قىزلارنىڭغۇ بۇ مەشغۇلاتقا قاتناشتۇرماس ئىدۇق، بوپتۇ، لېكىن رۇخسەت ئېلىپ كەلمىسىڭىز بولمايدۇ. بولمىسا قوغلىۋېتىمەن، — دېدى ئەزەم.

— ئىنتىزام دېگەن جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ساقلايدۇ. مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورۇشتۇرۇپ بېقىڭ. رۇخسەت ئېلىپ كېلىڭ، دەيسىز، سالاھىدىن ئاكام مەن بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىپ كېلەي، دەپ كەلگەن دېسەم ئۇنىماسمۇ؟ ئۇ ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم، قاتمال تۈزۈملەرنى ياقتۇرمايدۇ ھەم ئوغۇل - قىز ھەممىسىگە ئوخشاش قارايدۇ. كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، ئەزەم ئاكا، سىز قىزلارنىڭغۇ ھەربىي مەشىققە قاتناشتۇرمايتتۇق، دېدىڭىز. شۇنىڭغا قارىغاندا، سىز قىزلارنىڭ

قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، دەيدىغان ئوخشىمامسىز؟ مەن تارىختىن مىسال ئالماي، سىز ئەمەلىيىتىمنى كۆرۈپ، سىناپ بېقىڭ. قولۇمدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى سىزگە بىر كۆرسەتمىسەم، ئادەم بولماي كېتەي.

ئەترەت باشلىقى ئەزەم رىزۋانگۈلنىڭ قىلچە ھېيىقماي چاقچاقلاپ سۆزلەشلىرىدىن، سۆزلىگەن چاغدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ قائىدىلىك، مۇۋاپىق، يارىشىملىقىدىن قايىل بولۇپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قاراپ قالدى.

رىزۋانگۈلنىڭ ئەسلىي مۇددىئاسى جەڭگە قاتنىشىش، قاتناشقاندىمۇ ئالدىنقى سەپتىكى قايناق جەڭلەرگە قاتنىشىپ، دۈشمەنلەر بىلەن يۈزمۇيۈز ئېلىشىش ئىدى. لېكىن، ئۇ پىدائىي بولۇپ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىلى پارتىزانلار ئىشتابىغا كەلگەندە، ھېلىقى قارا بۇرۇتلۇق باشلىق: «سانىتاركا بولۇڭ، ئۇرۇش ھازىر سانىتاركىلارغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق، ئالدىنقى سەپتە سانىتاركا بولىسىز» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىنقى سەپنىڭ سېستىرالىقىنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋالىبول ئوينايتتى، ھۇجۇمچى ئىدى. ئۇ سەكرەپ ـ ئۆرلەپ چېقىپ توپ ئۇرسا، قارشى تەرەپ زادىلا ئالالمايتتى. ئوغۇللار ئۇرغان بەزى توپنى قارشى تەرەپ ئېلىپمۇ قالاتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ ئوغۇللاردىن ئۈستۈن تۇراتتى. «ھېلىمۇ خۇدايىم ئۇنى قىز قىلىپ يارىتىپ قويۇپتىكەن، ئوغۇل بولۇپ يارىلىپ قالغان بولسا، ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمىغۇدەك ئىشلارنى قىلاتتىكەن» دەپ ئويلىغانلارمۇ بولغان شۇ چاغلاردا.

ھەربىي مەشىق باشلاندى. سۇنئىي دۈشمەن پوتىيى ياسىلىپ، ئوت توچكىلىرىنىڭ ئورنى بەلگىلەندى. يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇز مېتىر ئارىلىقتىن ئوت توچكىلىرىغا، يەنى پوتەيىنىڭ ئوق ئېتىش تۆشۈكىگە گىرانات تاشلاش مەشقى باشلاندى. پارتىزانلار پوتەي تۆشۈكۈگە گىرانات تاشلاشقا تۇتۇش قىلدى. تاشلىنىۋاتقان گىراناتلار تۆشۈككە دەل كىرمەي، ئۇنىڭ ئوڭ ـ سولىغا،

ئۈستىگە، ئاستىغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئەترەت باشلىقى:

— ئاتقان گىراناتلار نېمىشقا تۆشۈككە كىرمىدى؟ — دەپ ھەممىنى جىم قىلىپ خاتالىقىنى ئويلاشقا ۋە تۈزىتىشكە يېتەكلىدى، — خاتالىقىڭلارنى ئويلاپ تېپىڭلار، خاتالىقنى تاپقاندىن كېيىن تۈزىتىشكە تىرىشىڭلار.

رىزۋانگۈل ئاتقان بىرىنچى گىرانات تۆشۈكنىڭ ئۈستىگە تەگدى ـ دە، ئۇ ئىككىنچى گىراناتنى ئاتماي تۇرۇپ ئويلىنىشقا باشلىدى: «ھە، ئۇنى كۈچەپ ئاتقانىكەنمەن، ئېگىزگە كەتتى. چېنىقىشىمدە مەسىلە يوق ئىكەن...» ئۇ ئاتقان ئىككىنچى، ئۈچىنچى گىراناتلار تۆشۈككە كىردى.

— يارايسىز، رىزۋانگۈل! خۇددى ۋالىبول ئوينىغان چاغدىكىدەك ئوغۇللاردىن ئېشىپ كەتتىڭىز، — دېدى ئەترەت باشلىقى خۇشال بولۇپ.

پوتەي تۆشۈكىگە گىرانات تاشلاش ئىككى سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئوغۇللاردىن ئۈزۈپ چىققانلارمۇ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن جەڭ ۋاقتىدىكى ئېگىلىشىپ مېڭىش، يەر بېغىرلاش، يېقىن ئارىلىقتىن يېتىپ تۇرۇپ گىرانات تاشلاش، پوتەيگە يۆلىنىپ تۇرۇپ بىر باغلام گىراناتنى پوتەي تۆشۈكىگە كىرگۈزۈۋېتىش، پوتەيدىن چىققان گىراناتنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇۋېلىپ تېزلىكتە پوتەي تۆشۈكىگە كىرگۈزۈۋېتىش قاتارلىق مەشغۇلاتلار جىددىي مەشىق قىلىندى. بۇ جەرياندا بەزى پارتىزانلار ئازراق دەم ئالايلى، دەپ تۇرۇۋالغاندا، ئەترەت باشلىقى بىرنېمە دېگۈچە، رىزۋانگۈل: «مەشىق داۋاملىشىۋاتقاندا دەم ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دەپ ئۇلارنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ قويدى.

پارتىزانلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئاساسەن پوتەيلەر توسۇپ تۇراتتى. تالاپەتنىڭ ئېغىرىمۇ ئاساسەن پوتەيدىن كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، پوتەيلەرنى يوقاتماي تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولمايتتى. مۇشۇ ۋەجىدىن ھەرقايسى ئەترەتلەردىن تاللانغان

يىگىرمە كىشى جىددىي ھەربىي مەشىق قىلىۋاتاتتى.

بىر كۈنلۈك مەشىق دەممۇ ئالماي جىددىي ئېلىپ بېرىلغاچقا، جەڭچىلەر ھالسىراپ قالدى، بەدىنىنىڭ ھەممىلا يېرى ئاغرىپ، ئولتۇرسا قوپالمايدىغان، قوپسا ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى؛ پۇت ـ يانپاشلىرى، قول ـ جەينەكلىرى قىزاردى، ئىششىدى، كۆكەردى ... بەزىلەر بىر ـ بىرىنى يۆلەپ ماڭىدىغان، باشقىلار يۆلىمىسە ماڭالمايدىغان ھالغىمۇ كەلدى. ئەمما، رىزۋانگۈلگە ھېچنېمە بولمىغاندەك قىلاتتى، قارا چېتىك كىيگەن پۇتلىرى چەبدەس ـ چاققان ئىدى، چىرايىدىمۇ روھى كۆتۈرەڭگۈلۈك بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئېزىلەڭگۈلۈك، لايغەزەللىك، ھېرىپ ـ چارچاشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

— بولمىدى، مۇنداق قىلساڭلار بولمايدۇ، — دېدى رىزۋانگۈل يېنىچە يېتىۋالغانلارغا قاراپ، — ھەرىكەت قىلمىساڭلار تېخىمۇ مىدىرلىيالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالىسىلەر، ھەرىكەت قىلىپ مېڭىپ بېرىڭلار. ئاغرىقنى ھەرىكەت، چىدام ـ غەيرەت يېڭىدۇ. تۇرۇڭلار، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلىڭلار.

— رىزۋانگۈل، سىزنىڭ ھېچنەرىڭىز ئاغرىمىدىما؟ — دېدى شادىپاچاق بىر جەڭچى يېنىچە ياتقىنىچە.

— ئاغرىماسلىقى مۇمكىنمۇ، ئاغرىدى، ئەمما چىداۋاتىمەن، چىدام ـ غەيرەت ھەممىنى يېڭىدۇ.

— بىز شۇنچىلىك ئاغرىققا قالغان يەردە، سىزنىڭ ھېچنېمە بولمىغاندەك يۈرۈشىڭىز غەلىتە ئىش، — دېدى ئابايىقى جەڭچى سەل كۈلۈمسىرىگەندەك قىياپەتتە، — بۇنىڭدا سىز يوشۇرۇۋاتقان بىر سىر بارغۇ دەيمەن. راستىڭىزنى ئېيتىڭا، يا ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى يەۋالدىڭىزمۇ؟

رىزۋانگۈل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ھەقىقەتەن رىزۋانگۈلنىڭ كۈلكىسىنى قوزغىغانىدى.

قار ئۇچقۇنداپ چۈشۈشكە باشلىدى ۋە بىردەمدىن كېيىن

لەپىلدەپ چۈشۈشكە ئۆتتى.
— قوپۇڭلار ! — دېدى رىزۋانگۈل يېتىمۋاتقانلارغا قاراپ، قار قۇشقاچتەك، پاختەكتەك چۈشۈشكە باشلىغاندى، — ھېلى قارنىڭ ئاستىدا قېلىپ سىلەرنى تاپالماي قالمايلى يەنە، — ئۇلار بىر - بىرىنى يۆلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە ئاستا - ئاستا ئۇياق - بۇياققا مېڭىشتى.
— مانا ئەمەسمۇ، يېتىۋەرگەن بولساڭلار، تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ قوپالماس بولۇپ قالاتتىڭلار. مانا ئەمدى چېنىقىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى تاماملىدىڭلار، ئەمدىكى ھەرىكەت - مەشىقلەردە ھېچنېمە بولمايسىلەر، ئەمما ئازراق ئاغرىققا چىدىشىڭلار كېرەك، بولمىسا بىر زەمبىل لاي بولۇپ قالامسىلەر. بىز خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قولىمىزغا قورال ئالغان پىدائىيلار !
— دېگەنلىرىڭىزغۇ توغرا، راست گەپنى دېسەك، سىزدىن ئىزا تارتىپ، نومۇس كۈچى بىلەن ئۆرە يۈرۈۋاتىمىز، بولمىسا ئاللىقاچان يېتىۋالغان بولاتتۇق.
— مىخقا دەسسىگەندەك يۈرۈۋاتىمىز جۇمۇ.
— سىز بۇرۇن گىرانات تاشلاشنى مەشىق قىلىۋالغانمۇ، نېمىشقا ئاتقان گىراناتلىرىڭىز پوتەي تۆشۈكىگە توپتوغرا كىرىپ كېتىدۇ؟ — دېدى بىر جەڭچى تايانغان تايىقىنى تاشلىۋېتىپ.
— گىراناتلار سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى ئاڭلامدۇيا؟ ... ھەي، بۇنىڭدا بىر سىر بارغۇ دەيمەن.
جەڭچىلەر تەرەپ - تەرەپتىن چۇرقىراشتى:
— شۇنداق، ئالاھىدە بىر سىر بار.
— چوقۇم بىزگە ئېيتىشنى خالىمايۋاتقان بىر سىر بار.
رىزۋانگۈلنىڭ قوي كۆزلىرى كۈلۈمسىرىدى:
— بۇنىڭدا ئالاھىدە بىر سىرمۇ يوق، سىز بۇرۇن مەشىق قىلىۋالغانمۇ دېگەن گېپىڭلار تازا كۈلكىلىك گەپ بولدى. ئۇرۇشتىن بۇرۇن بىز نەدە گىرانات تاشلاشنى مەشىق قىلىمىز،

تاياق - توقماق كۆتۈرۈشتىن باشقىنى بىلمەي تۇرۇپ ئىنقىلابىي سەپكە قېتىلدۇق. سەپكە كىرگەندىن كېيىن مىلتىق - پىلىموتلارنى ئېتىشنى، گىرانات تاشلاشنى ئۆگەندۇق، ھەتتا بەزىلەر مىناميوت، زەمبىرەك ئېتىشنى ئۆگەندى. مەن نەدە يۈرۈپ گىرانات تاشلاشنى ئۆگىنەي، ئەمما مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ بەدەن چېنىقتۇرۇش، نىشانلارنى چېنەشلەرگە قاتتىق بېرىلگەنىدىم. باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئۇزۇنغا سەكرەش، كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش، نەيزە، دىسكا ئېتىش، ۋالىبول، ۋاسكېتبول ئويناش، تورنىك ئويناش، تەپكۈچ تېپىش، ئارغامچا ئاتلاش، ئارغامچا تارتىش ... دېگەندەك ئويۇنلارغا بەك ئامراق ئىدىم؛ يەنە ئوغۇللارغا قوشۇلۇپ قاچقانچۇق، ۋاللەي، رەگەتكە، مۆكىمۆكىلەڭ ئوينايتتىم. مەكتەپتىن ئۆيگە كەلسەم تىنچ ئولتۇرالماي قالاتتىم. بىر دەم جىم ئولتۇرسام ئىچىم تىتىلداپ تالاغا يۈگۈرۈيتتىم. قاچقانچۇق، مۆككىمۆمۆكىلەڭ ئوينىغان چاغلاردا ھېچكىم مېنى تۇتالمايتتى. مۇشۇ ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئالدىدا تۇراتتىم. مۇشۇنداق ئويۇنلاردا ئوغۇللار قىلالىغان ئىشنى قىزلار نېمىشقا قىلالمىغۇدەك، ئاشۇرۇپ قىلالايدۇ دېگەننى ئېسىمدىن چىقارمايتتىم. مېنىڭ ئاتقان گىراناتىم نېمىشقا پوتەيىنىڭ تۆشۈككىگە كىرىپ كېتىدۇ، سىلەرنىڭ بەزىبىر گىراناتىڭلار نېمىشقا كىرمەي قالىدۇ؟ سىلەر تاش ئېتىش، نىشاننى چېنەش، رەگەتكە ئويناشنى مەندەك مەشىق قىلمىدىڭلار - دە. مەن تاش ئېتىش - چېنەشنى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن توختىماي مەشىق قىلدىم. مەن پاكارراق ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنى رەگەتكە بىلەن ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتەلەيمەن، چۈنكى مەن ئۇنىمۇ كۆپ مەشىق قىلغان. سىلەر بىلمەكچى بولغان سىرلىرىم مانا مۇشۇ، مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدە سىرىممۇ يوق. ئېغىر مەشقلەرگە چىداۋاتقىنىمنىڭ سىرىمۇ مانا مۇشۇ يەردە.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىلەر: «رىزۋانگۈلنىڭ چىداملىقىنىڭ

سىرى كىچىككىدىن تارتىپ ھەرىكەتنى كۆپ قىلغانلىقىدا ئىكەن» دېسە، بەزىلەر: «تاش ئېتىش، بىرنەرسىنى چېنەپ تاش ئېتىش، رەگەتكە ئويناشلار ئۇنى مەرگەن قىلىۋەتكەنىكەن، شۇڭا گىراناتنى پوتەي تۆشۈكىگە دەلمۇدەل ئاتالايدىكەن ـ دە» دەيتتى. يەنە بەزىلەر: «ئۇ ئاللىقاچان ئوغۇللاردىن ئېشىپ كەتكەن تەنھەرىكەتچى ئىكەن، مانا ھازىرمۇ بىزدىن ئېشىپ چۈشكەن مەشىقچى، مەشغۇلاتچى بولدى ئەمەسمۇ» دەپ تەرىپلىشەتتى.

ــ رىزۋانگۈل ئۈمىد مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئوغۇللاردىن ئۇستىراق ۋالىبولچى ئىدى، ــ دېدى ساۋاقدىشى روزى، ــ ئۇ ئۇرغان توپنى قىزلارلا ئەمەس (ئۇ مەكتەپ قىزلار كوماندىسىنىڭ ئاتامانى ئىدى)، ئوغۇللارمۇ ئالالمايتتى.

ــ رىزۋانگۈل، سىز ئۆلۈمدىن قورقامسىز؟ بايقىسام، قورقمايدىغاندەكلا قىلىسىز، ــ دەپ سوراپ قالدى بىرى.

ــ ھەم قورقىمەن، ھەم قورقمايمەن، ــ دېدى ـ دە، رىزۋانگۈلنىڭ قوي كۆزلىرى يېنىپ كەتتى، ــ رىزقىم تۈگىمىسە ئەڭ خەتەرلىك يەرلەردىمۇ ئۆلمەيمەن، رىزقىم تۈگىسە ئەڭ دالدىلىق يەرلەردە بولسامۇ بەربىر ئۆلۈپ كېتىمەن. ھايات ـ ماماتنى تەلەيگە باغلاپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقىمەن، چىن تۆمۈر باتۇردەك، نوزۇگۇمدەك، مايىمخاندەك، سادىر پالۋاندەك باتۇرلارچە ھەم پەم ـ پاراسەت بىلەن جەڭ قىلىپ دۈشمەننى قىرىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقمايمەن.

ــ يارايسىز، ياشاپ كېتىڭ، بىز ئۆلسەكمۇ، سىز ئۆلمەڭ، باتۇر قىز! ــ دەپ چاۋاك چېلىپ كەتتى پارتىزانلار.

ئۈچ كۈنلۈك جىددىي ھەربىي مەشىقمۇ ئاخىرلاشتى. ئەترەت باشلىقى خۇلاسە سۆزى قىلىپ، پارتىزانلارنىڭ مەشىققە چىن دىلىدىن بېرىلگەنلىكى، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ مەشىقنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ رىزۋانگۈلنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى:

— بىز بۇ قىيتىمقى جىددىي مەشىققە قىزلارنى جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزراق بولىدۇ، دەپ قاتناشتۇرماسلىقنى ئويلاشقان. لېكىن، رىزۋانگۇل يول قويمىغىنىمىزغا قارىماي ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن مەشىققە قاتناشتى. ئۇ گەرچە قىز بالا بولسىمۇ، مەشىقنى ئوغۇللاردىن ياخشى قىلدى. رىزۋانگۇلدىن باشقا ھېچكىم گىراناتنى ئوتتۇز مېتىر ئارىلىقتىن ئېتىپ پوتەي تۆشۈكىگە دەل كىرگۈزەلمىدى. رىزۋانگۇلنىڭ ئەمەلىيىتى مېنىڭ ئوي - خىياللىرىمنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ئەمدى كېيىنكى ئېيتالايمەنكى، ئوغۇللار قىلالىغان ئىشنى رىزۋانگۇل ئۆزى ئېيتقاندەك ۋە ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەندەك قىزلارمۇ قىلالايدىكەن، بەلكى ئاشۇرۇپ قىلالايدىكەن. رىزۋانگۇل ئۇمىد مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا بايراق كۆتۈرۈپ ئالدىدا ماڭاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا «بايراق» دەپ لەقەم قويۇلۇپ قالغان. بۇ قېتىمقى جىددىي مەشغۇلاتىمىزدىمۇ ئۇ بايراقدار بولدى. ھەممىمىز ئۇنىڭدىن ئۆگىنەيلى.

يىغىن رىزۋانگۇلنىڭ شەنىگە ياڭرىغان ئالقىش - چاۋاك ساداسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

# 18

گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۈچ ئورۇنغا — ھەرەمباغ گازارمىسى، لەڭشاڭ بۇتخانىسى ۋە ئايروپىلان ئىستانسىسىغا قاپسىلىپ قالغىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشتى. دۈشمەنلەر قىلىنغان ھۇجۇملارغا جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرۇپ مۇشۇ ئورۇنلارنى ئىگىلەپ ياتماقتا ئىدى. ئۇلار پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرۈپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. تاڭ قاراڭغۇسىدا باشلانغان ھۇجۇم تاڭ ئاتقاندا توختاپ قالىدىغان ياكى گۇگۇمدا

باشلانغان ھۇجۇم بىردىنلا يېرىم كېچىدە ئاخىرلىشىدىغان ۋە ياكى ھۇجۇم بىر باشلانسا كېچە - كۈندۈز توختىماي بارغانسېرى شىددەتلىك تۈس ئالىدىغان، ھەتتا بىر - ئىككى كۈن بىر پايمۇ ئوق ئېتىلماي ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالاتتى.

بۈگۈن كېچىمۇ جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى، قورساقلار ئېچىپ كورکىراپمۇ كەتتى. ئەتىگەنلىكى پارتىزانلار بەللىرىگە تۈگۈۋالغان گىردىلىرىنى ئېلىپ غاجاشقا كىرىشتى. گىردىلەر توڭلاپ كەتكەن بولۇپ، چىشمۇ ئاسان ئۆتمەيتتى. مۇنداق چاغدا بىر چىنە قىزىق چاي دورىلىققمۇ تېپىلمايتتى.

دېكابىر كىرىشى بىلەن قار تېخىمۇ قېلىن چۈشۈپ كەتكەن. يەر - جاھان، يوللارمۇ، ئېتىز - قىرلارمۇ، ئۆگزىلەرمۇ، دەل - دەرەخلەرمۇ، مۇز تۇتقان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ يۈزلىرىمۇ... ھەممە يەر ئاپپاق قار بىلەن چۈمكەلگەن، قاياققا قارىسا ئاپپاق قار، بەزى يەرلەرگە قارىساڭ ئاپپاق قار ئارىسىدىن ئىس چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. قار توختىغاندىن كېيىن سوغۇق شۇ دەرىجىگە يېتەتتىكى، تۈكۈرۈكلەر يەرگە چۈشكۈچە توڭلاپ قالاتتى. شاھىجىننىڭ بېغىدىكى پارتىزانلار تولا مېڭىپ، ئۆملەپ چىڭدىلىپ كەتكەن يوللاردىن ئادەم ماڭسا «غاچ - غاچ» قىلغان ئاۋاز كۆتۈرۈلەتتى، ئاياغ ئىزى چۈشمىگەن يەرلەردىكى قارلار تىزغا كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھارۋىدا گوسپىتالغا ماڭغان يارىدارلارغا ئۇچىسىدا جۇۋا، پۇتىدا پىيما بولسىمۇ، قان يۇقى يوتقانلار يېپىپ قويۇلاتتى. ھارۋىلار قايتقاندا ئاشۇ يوتقانلارنى ئۇنتۇماي قايتۇرۇپ كېلەتتى.

— قورساقنىڭ ئاچقانلىقىمۇ راست، ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار! — دېدى شۆبە ئەترەت باشلىقى چولاق تامنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ ۋارقىراپ، — بۈگۈن بىزگە دۆڭمەھەللە كىشىلىرى تاماق ئەكېلىدىكەن.

ھازىرغىچە پارتىزانلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى مەھەللە - مەھەللىلەردىن كېلەتتى. يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ

پارتىزانلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى، كىيىم ـ كېچەكلىگە تېخى قۇربى يەتمەيتتى. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ، كەسپىي تەشكىلاتلارنىڭ، ئىشتاب خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، نامرات خىزمەتچىلەر تاماق ئېتىشكە ياكى نان ئېلىشقا قۇربى يەتمەي، ئۆيىدە ئەتىگەنلىكى سەۋزە، تۇرۇپ، چامغۇرلارنى قايناتىپ يەپ، كەچتە ئۆيىگە بېرىپ يەنە ئاشۇ سەۋزە، تۇرۇپلارنى يەيتتى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن زارلىنىدىغان بىرمۇ ئىشچى ـ خىزمەتچى تېپىلمايتتى. ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچى بولسۇن، ئارقا سەپتىكىسى بولسۇن، ھەرقايسى ئورگانلار، تەشكىلاتلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەر بولسۇن، ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئىنقىلابقا بېغىشلىغان پىداكارلار ئىدى. بايلار، چارۋىدارلار ئىنقىلابقا ئىئانە قىلغان چارۋا ماللار سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا قورال ـ ياراغ ئېلىناتتى. مەسىلەن، بىر قوي ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە، ئون ـ ئون ئىككى تال مىلتىق ئوقى بېرىلەتتى. ئاپتومات ـ پىلىموتلارنىڭ ئوقلىرى بولسا تېخىمۇ قىممەت ئىدى.

مانا، دېگەندەك ئىككى ھارۋا يېمەكلىك — چوڭ ھەم سېمىز ئىككى ئۆكۈزنىڭ گۆشى، تاغار ـ تاغارلاپ گىردە كەلدى. دۆڭمەھەللىلىك جامائەت يوغان ئىككى ئۆكۈزنى سويۇپ، گۆشىنى پىشۇرۇپ، ئۈچ يۈز گىرام چامىسىدا پارچىلاپ، ئۇنىڭغا قوشۇپ نەچچە تاغار گىردە ئەۋەتكەنىدى. ئۇنى ئەكەلگىنى ياشانغان كىشى بىلەن ياش بىر بالا ئىدى.

— گۆشنى پىشۇرۇپ، پارچە ـ پارچە قىلىپ ئەكەلدۇق، — دېدى ياشانغان كىشى، — لېكىن شورپىسىنى ئەكېلىشكە ئامال قىلالمىدۇق. كەلگۈچە گۆشمۇ مۇزلاپ كەتتى. سىلەرگە شۇ تاپتا ئىسسىق چاي بولمىسا بولمايدۇ، مانا بىز خىزمىتىڭلارغا تەييار. ئورۇن تېپىپ بەرسەڭلار، چاي قاينىتىدىغان، چاي ئۇسىدىغان نەرسىلەرنى ئالغاچ كەلدۇق.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — شۆبە ئەترەت باشلىقى بۆلەكچىلا خۇش بولۇپ كەتكەنىدى، — ئەنە ئاۋۇ پەستە، — قولى بىلەن كۆرسەتتى ئۇ، — بومبا چۈشۈپ بىر تەرىپى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بار، ئۇنىڭ قازان - قومۇچىمۇ بار، شۇ يەردە چاي قايناتساق بولىدۇ، چاينى ئۆزىمىز قايناتىمىز، بولدى، سىلەرنى ئاۋارە قىلمايلى، تاغا.

— ياق، ئاۋارە بولىدىغان ئىش يوق، سىلەر جاننى تىكىپ ئۇرۇش قىلىۋاتساڭلار، بىز مۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالامدۇق؟ !

شۇ ئارىلىقتا رىزۋانگۈل پەيدا بولۇپ قالدى.

— گوسپىتالدىن دورا، داكا ئەكەلدىم، — دېدى ئۇ.

— نېمانچە جىق، — دېدى شۆبە ئەترەت باشلىقى، — دورا دۇكىنى ئاچامسىز نېمە، ھوي رىزۋانگۈل؟

— باشقا شۆبە ئەترەتلەرگىمۇ بېرىمەن، دەپ ئۇرۇشۇپ يۈرۈپ خېلى كۆپ ئەكەلدىم، — دېدى رىزۋانگۈل ھارۋىدىن ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ ۋە مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپ.

— قاراڭە، تاماق كېلىپ قالدى، قورسىقىڭىزنى تويدۇرۇپ، ئاندىن تارقىتىپ بەرسىڭىزمۇ بولار؟

— ياق، ئۇلارنىڭمۇ دورىسى تۈگىگەن، ھازىر ئاپىرىپ بەرمىسەم بولمايدۇ، تاماقىمۇ يېمەيمەن.

ھېلىقى ۋەيرانە ئۆيدىن ئىس چىقىشقا باشلىغاندا، رىزۋانگۈل تاماققا شۇنچە تۇتسىمۇ ئۇنىماي ماڭدى.

شۆبە ئەترەت باشلىقى ئويلىنىپ قالدى: «توۋا، بۇ قىز چاڭلىداپ سۆزلەپ يۈرىدىغان، ھەممىلا ئادەمگە ئوچۇق - يورۇق، خۇشخۇي مۇئامىلە قىلىدىغان، خاپىلىقتىن مىڭ گەز نېرى ئىدى ... نېمە بولغاندۇ - ھە؟ ... تۇتۇلۇپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى ... ئۆزىلا بىلىدىغان بىر سىر بارغۇ بۇ يەردە ...»

*　　　　　*　　　　　*

رىزۋانگۈل ئۇرۇش مەيدانىدىن ياردارلارنى مىڭبىر جاپادا ئاچىقاتتى ـ دە، قاننى توختىتىپ، يارىسىنى تېڭىپ دەرھال گوسپىتالغا يولغا سالاتتى (يارىسى ئېغىرلىرىنى ئادەم قوشۇپ ماڭدۇراتتى). ياردارلارنى توشۇيدىغان بىرنەچچە خادىك، دېشلولا بار ئىدى. ئۇ ياردارلارنى ھارۋىغا ئاۋايلاپ سېلىپ، ھارۋىكەشلەرگە جېكىلەپ تۇراتتى:

— ھارۋىنى ئاستا ھەيدەڭلار، يوللاردىكى كاتاڭ، ئېگىز ـ پەس يەرلەرگە دىققەت قىلىڭلار، ئاران توختاتقان قان يەنە چىقىپ كەتسە، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ، قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدىغان ياردارنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولماي قالىدۇ، دىققەت قىلىڭلار.

ئەمما، ئىككى كۈندىن بېرى رىزۋانگۈل ياردارلارنى گوسپىتالغا ئۆزى ئاپىرىدىغان، تېز يولغا سالايلى دەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇ گوسپىتالغا بېرىشقا ئالدىراپ تۇراتتى، چىرايىنىڭمۇ ئۆڭسۈلى يوق ئىدى، بۇغداي ئۆڭ چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى پىلىلداپ قالغان، قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. گوسپىتالدىن كەلگەنلەردىن ئۇ يەردىكى ياردارلارنىڭ ئەھۋالىنى، ئۆلۈم ـ يېتىمنىڭ قانداقلىقىنى سوراپ تۇراتتى.

ئۇ بۈگۈن ياردار بولغان ئىككى پارتىزاننى خادىكقا سېلىپ ئۆزى ئېلىپ ماڭماقچى بولدى ـ دە، باشقا سانىتاركىلارغا:

— ھەممە ئىش سىلەرگە قالدى. ياردارلار ئۇرۇش مەيدانىدا تۇرۇپ قالمىسۇن، بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇ يەردىن تېز ئاچىقىڭلار، مۇنۇ ياردارلارنى گوسپىتالغا ئۆزۈم ئاپارمىسام بولمايدۇ، ئەھۋالى ئېغىر، — دېدى ھارۋىغا چىقىشقا ئالدىراپ.

ھارۋا گوسپىتالغا يېتىپ كەلدى. رىزۋانگۈل ھارۋىدىن

چۈشۈپلا، ھارۋىكەش بىلەن بىللە گوسپىتالنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىككى ناسىلكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە يارىدارلارنى ئۇنىڭ بىلەن ئاپىرىپ دوختۇرلارغا تاپشۇرۇپ، ھارۋىكەشنى يولغا سالدى:

— ئەمدى قۇرۇق ھارۋىنى تېز ھەيدەپ، ئۇ يەرگە چاپسان يېتىپ بېرىڭ. يولدا تونۇشلار ئۇچراپ قالسا، يارىدارلار جىق، دەرھال گوسپىتالغا ئەكەلمىسەم بولمايدۇ، دەڭ، — دېدى ئۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ.

خادىك قوزغالغاندىن كېيىن رىزۋانگۈل كېسەلخانىغا كىردى - دە، نەچچە كىرىپ تونۇش بولۇپ كەتكەن ئون ئىككىنچى ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بوۋاي بىلەن موماي رىزۋانگۈلنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر؟ — دېدى رىزۋانگۈل كۆزىنى ئۇلارنىڭ ئوغلىغا تىكىپ، — قانداق، ھاكىمجان گەپ قىلدىمۇ، كۆزىنى ئاچتىمۇ؟

— ياق، ئاۋۋالقىدەكلا گەپمۇ قىلمىدى، كۆزىنىمۇ ئاچمىدى، — مومايىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى.

بۇ ياتاقتا ئالتە يارىدار ياتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يارىسى ئەڭ ئېغىرى بۇلۇڭدىكى كارىۋاتتا ياتقان بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق، قوشۇما قاش، كېلىشكەن يىگىت ھاكىمجان ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن ئۈچ كۈندىن بېرى گەپمۇ قىلماي، كۆزىنىمۇ ئاچماي ياتاتتى. بوۋاي بىلەن موماي ئوغلى ھاكىمجان كەلگەن كۈنىلا خەۋەر تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى. بۇ كېلىشكەن يىگىت لەڭشاڭ بۇتخانىسىغا قىلىنغان ھۇجۇمدا يارىدار بولغان. بىراق، ئۇرۇش مەيدانىدىن ئاچىقىشقا ئىمكانىيەت بولماي ئۇزاق يېتىپ قېلىپ قان كۆپ چىقىپ كەتكەن. بۇغداي ئۆڭ چىرايى تاتىرىپ - سۇزۇلۇپ، قوشۇما قاشلىرىنىڭ قارىلىقى تېخىمۇ بىلىنىپ، كۆزلىرىنى ھېلى ئاچىدىغاندەك ھالەتتە ئۇخلاپ ياتاتتى، قىمىر قىلمايتتى. شۇنداقتىمۇ، موماي: «بالام، كۆزۈڭنى ئاچقىنە، كۆزۈڭنىڭ ئېچىلغىنىنى بىر كۆرۈۋالاي» دەپ تۇراتتى. باشقا

ياردارلارمۇ ئۇنىڭغا ئېچىنىپ قاراپ كېتىشەتتى. ھاكىمجاننىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى ئاشۇ ھالەتتە يېتىشى ياتاقنىڭ جىمىپ كېتىشىگىمۇ سەۋەب بولغانىدى.

— يىغلىمىسىلا، ئانا، — دېدى رىزۋانگۈل ومايىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، — ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ھەپتە - ھەپتىلەپ گەپ قىلمىغان ئاغرىقلارمۇ ياخشى بولۇپ كەتكەن، ياش ئادەمنىڭ ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرىش كۈچىمۇ زور بولىدۇ. ئەنسىرىمىسىلە.

— ھەي جېنىم قىزىم، قارا كۆزدىن ياش تامغاندەك بىر تاللا بالا ئەمەسمۇ، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

رىزۋانگۈل تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتىپ، مومايىنى بەزلەۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ياش تامچىلىرى قۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ، پارتىزانلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى غەملەيدىغان نۇردۇن ئىسىملىك ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى كىشى بىلەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا داستىخانغا ئورالغان گۆشگىردە، سامسا، مېۋە - چېۋىلەر بار ئىدى.

نۇردۇننى كۆرگەن بوۋاي بىلەن موماي ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى:

— جېنىم ئۇكام نۇردۇن، قاراڭە، نېمە كۈنلەرگە قالدۇق، بالامنىڭ ھالىغا قاراڭە ...

— ھاكىمجاننىڭ ياردار بولغانلىقىنى ئۇقماپتىكەنمەن، بايىلا ھەمشىرە قىزلاردىن ئاڭلاپ، بۇياققا چاپتىم، يوقلاپ كېلەي دەپ كېلىشىم، ئەھۋالى قانداقراق، ئۇخلاپ قالدىمۇيا؟ ... رىزۋانگۈل، سىزمۇ بۇ يەردە ئىكەنسىز - ھە.

— بوۋاي گەپ قىلغۇچە رىزۋانگۈل ئېغىز ئاچتى:

— ھاكىمجان بىلەن ئىنقىلابتىن بۇرۇنلا تونۇشاتتۇق، مەنمۇ يوقلاپ كەلدىم.

— ھاكىمجان ئەقىللىك، جىگەرلىك بالا ئىدى، مەھەللىدە

ھەممە كىشى ياخشى كۆرەتتى، ــ دېدى نۇردۇن ئۈنسىز ياتقان يىگىتكە قاراپ، ــ ئىنقىلاب باشلانغان كۈنلا پەيدائىي بولۇپ ئىنقىلاب سېپىگە كىرگەن. نامىنى ئاڭلاپ تۇردۇق، جەسۇر، مەرد جەڭچى بوپتىكەن، كېيىنرەك شۆبە ئەترەت باشلىقىمۇ بوپتۇ. ئەجەب كۆز تەگكەندەك بىر ئىش بوپتۇ ... خۇدا شىپالىق بېرەر.

ــ ئۇكام نۇردۇن، سىز بىلىسىزغۇ، بىزنىڭ مۇشۇ بىر تاللا بالىمىز بار ئىدىغۇ، يا ئالدىدا يوق، يا كەينىدە يوق. ئىنقىلاب باشلانغان كۈنى: «دادا، مەنمۇ بىر ئوغۇل بالا، كۈتكىنىمىزدەك ئىنقىلاب باشلاندى، مەن قاراپ تۇرمەنمۇ، قىزلار بېلىنى باغلاپتۇ، ماڭا دۇئا بەر، دادا، ئىنقىلابقا قاتنىشىمەن، قولۇمغا قورال ئالىمەن» دېدى. «مەنمۇ سەن بىر تاللا ئوغۇل دېسەم، يەنە بىرىمۇ بىرنېمە دېسە، بۇ ئىنقىلابنى كىم قىلىدۇ؟ يارايسەن، ئوغلۇم، ئاناڭنىڭ بەرگەن ئاق سۈتىنى ئاقلا» دېدىم، دۈشمەننىڭ يەر بىلەن يەكسان بولسۇن دەپ دۇئا بەردىم. مانا قاراڭە بولۇپ قالغىنىنى ... دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، يارىسى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىكەن، بىراق قان كۆپ ئېقىپ كېتىپ قاپتۇ. ئۈچ كۈندىن بېرى ياتقىنى ياتقان. سىز بىلىسىزغۇ، دۇنيالىقتا مۇشۇ بىر تاللا بالا ئەمەسمىدى، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، بىز تىرىك ئۆلمەمدۇق، ئۇكام؟ ...

بوۋاي يىغلاپ كەتتى. پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئېتىلىپ چىقىپ، كەكە ساقىلى ئارىسىدىن سىرغىپ كۆكسىگە تامماقتا، گويا ئۇنىڭ ھېچ نەرسە بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان ئېغىر ھەسرىتى تامچە ـ تامچە ياش بولۇپ قۇيۇلماقتا، ھالسىراپ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئىنتايىن قايغۇلۇق، ئازابلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلماقتا ئىدى. بوۋاينىڭ ھالىغا قاراپ، مومايىنىڭمۇ ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ ئولتۇرغان رىزۋانگۈل كۆز چاناقلىرىغا تولغان يېشىنى يوشۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە قارىۋالدى.

نۇردۇننىڭمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن يىگىتنىڭمۇ كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ پەسكە بېقىپ ئولتۇرۇۋالدى.
نۇردۇن بىردىنلا ئەكەلگەن ئىسسىق تاماقلىرىنى يادىغا ئالدى ـ دە:
— مەن سىلەرگە تاماقمۇ ئالغاچ كېلىۋىدىم، قېنى ئېغىز تەگسەڭلارچۇ، مۇزلاپ قالدىمىكىن، — دېدى داستىخاننى ئېچىپ.
— ھەي نۇردۇن، تاماق ئۆتەمدۇ گېلىمىزدىن، تاماق بىزنى يېسۇن، بالام كۆزىنى ئاچسىلا، بىزگە تاماق دېگەن شۇ، دەڭا.
— ئۇنداق دېمەڭلار، تىرىكلىك تائام بىلەن، ھاكىمجانغا قاراش ئۈچۈنمۇ ئۆزە تۇرۇشۇڭلار كېرەك.
ھاكىمجانغا يېقىن ئولتۇرغان رىزۋانگۇل ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى.
نۇردۇن رىزۋانگۇلنىڭ شۇ ھالىغا بېقىپ ئويلاپ قالدى: «ئۇرۇش مەيدانلىرىدا شۇنچىلىك قورقۇمسىز، غەيرەتلىك، چىدامىلىق قىزنى يىغلىتىۋاتقان بۇ قانداق كۈچتۇر ـ ھە؟ ...»

## 19

ھاكىمجان گەپمۇ قىلماي، كۆزىنىمۇ ئاچماي، ئېغىر ھالدا بەش كۈن يېتىپ، بۈگۈن تاڭ سەھەردە تىنىقتىن قالدى. بوۋاي بىلەن موماي بۇ رەھىمسىز رېئاللىققا چىدىماي قالغان بولسىمۇ، ئەمما يىغا ـ زار كۆتۈرمىدى، تېپىرلاپ ئۆزلىرىنى يەرگە ئۇرمىدى، پەقەت ئوغلىنىڭ جانسىز گەۋدىسىنى قۇچاقلاپ، ئۈنسىز يىغلاپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، ھالىدىن كەتتى. يىگىرمە ئىككى ياشلىق كېلىشكەن يىگىتنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىگە كىممۇ چىدىسۇن! دوختۇر، سېستىرالارمۇ كۆز يېشىنى يوشۇرالماي، ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن

ياتاقتىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كەتتى. ياتاقتىكى ئەھۋالى بىرئاز ياخشى ياردارلارمۇ بېشىنى پۈركىۋالدى. ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەنلەر تارام ـ تارام ياش تۆكۈۋاتقان بولسىمۇ، بوۋاي بىلەن موماينىڭ بېشىنى يۆلەپ، تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتماقتا ئىدى. ھاكىمجاننىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى ئاڭلىغان نۇردۇن ئىككى يىگىتنى باشلاپ كىرىپ، جەسەتنى ناسىلكىغا ئاۋايلاپ قويۇپ، يەم بىلەن ئاچىقىپ ھويلىدا ساقلاپ تۇرغان خادىك ھارۋىغا سالدى ـ دە، بوۋاي بىلەن مومايىنى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيىگە ئەكەتتى.

ھاكىمجاننىڭ ئاخىر بولالماي جان ئۈزگەنلىكىدىن ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ خەۋەر تاپقان رىزۋانگۇل ھېچنېمىگە قارىماي گوسپىتالغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ كەلگەندە جەسەتنى ئۆيىگە ئەكەتكىنىگە يېرىم سائەتتىن ئاشقانلىقىنى، ئۆلۈمنى ئۆزىتىشقا نۇردۇننىڭ بىللە ماڭغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ھاكىمجاننىڭ ئۆيىنى خېلى بۇرۇنلا بىلەتتى، شۇڭا ئانچە ئويلاپ كەتمەيلا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ ماڭدى. «رىئاللىق رەھىمسىز ئىكەن، — دەپ ئويلاپ كېتىۋاتاتتى ئۇ، — ئۇ كۆڭۈل ئاياشنى، ئادەمنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە ئېتىبار قىلىشنى، قىسقىسى، ئادەمگە رەھىم قىلىشنى بىلمەيدىكەن...» ھاكىمجان بىلەن رىزۋانگۇل بۇ يىل كۈزدە، كىچىككەندە كەچ كۈزدە توي قىلىشنى مەسلىھەتلەشكەن. بىراق، ۋەزىيەتتىكى داۋالغۇش، ئەنسىزچىلىك، «تۇت ـ تۇت» قىلىشلار ۋە ئىنقىلابنىڭ پارتلاپ قېلىشى ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىگە سايە تاشلاپ قويغان. «توي قىلىشتىن ئىنقىلابقا قاتنىشىش مۇھىمراق، — دېيىشكەن ئۇلار شۇكۈنلەرنىڭ بىرىدە، — ھازىر زۆرۈرى ئىنقىلاب، قولغا قورال ئېلىش، قايسى ۋاقىتتا توي قىلىش كەلگۈسىگە قالدى، ئۇنى كېيىنرەك ئويلىشايلى.» شۇنداق ۋەدىلەرنى قىلىشقان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ھازىر يوق، ئۇ ھاياتلىقتىن مەڭگۈ كۆز يۇمدى. ئۇنىڭ ھەسرىتى،

ئازابى رىزۋانگۈلگە قالدى. ھاياتنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈۋاتمەن دېيىشمۇ خاتا ئىكەن، ئۇنىڭدا ئاھ ـ پەرياد، قايغۇ ـ ئەلەممۇ بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ چىن دىلىدىن قىلىشقان ۋەدىلىرى قېنى؟ ...

رىزۋانگۈل ئىتتىك قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلگەندە، قورۇ ئىچىدە يىغا ـ زار ئەۋجىگە چىققانىدى. پۈتۈن مەھەللە تەۋرەپ كەتكەن بولۇپ، ھەممىلا ئادەم ھازىدارلاردەك قىلاتتى.

رىزۋانگۈل ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي يىغلاپ كەتتى ـ دە، ھاكىمجاننىڭ ئانىسىنى قۇچاقلىدى. تولا يىغلاپ ھاسىراپ كەتكەن ئانا قىزنى تونۇغانىدى.

ــ جېنىم قىزىم ... ھاكىمجان ... ھاكىمجاندىن ئايرىلىپ قالدۇق، ــ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ــ يىغلىمىسىلا، ئانا، ئۇرۇش قىلىۋاتقان پارتىزانلار ھاكىمجاننىڭ دوستلىرى، سىلىنىڭ ئوغۇللىرى ... مانا مەن خىزمەتلىرىنى قىلىمەن.

ــ گېپىڭىزدىن ئايلىناي، قىزىم، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، خۇدايىم بىر تېنىڭىزگە مىڭ جان بەرسۇن.

رىزۋانگۈل ئويلىنىپ قالدى: «مۇشۇ ئۆيگە كۆچۈپلا كەلسەم قانداق بولار ... دادام، ئاپام، ئاكا ـ ھەدىلىرىم قانداق قىلار؟ ... دادام، ئاكاملارنىغۇ قايىل قىلارمەن، ئاپامنىچۇ؟ بىلمەن، ئاپام ھەرگىز ئۇنىمايدۇ ... ھاكىمجان يالغۇز ئوغۇل ئىدى، ئەمدى بۇ بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالار؟...»

پەرىشانلىقتا موماي بېشىدىن ئاق ياغلىقىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايتتى. رىزۋانگۈل ئۇنىڭ ياغلىقىنى ئېلىپ، بېشىغا ئارتىپ قويۇپ دېدى:

ــ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، مەن سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن.

ــ ۋاي جېنىم بالام، سىز ئۇرۇشتا تۇرسىڭىز قايسىبىر

ئىشقا ئۆلگۈرىسىز.

— مەن ھەممىگە ئۆلگۈرىمەن.

دۈكۈرلىشىپ سەھرادىن نەچچە ھارۋا تۇغقانلار كەلدى. يىغا ـ زار قايتىدىن باشلىنىپ كەتتى.

*　　　*　　　*

شاھاجىنىڭ بىغى بىلەن ئالتۇنلۇقنىڭ غەربىي تەرىپىدىن ئىگىزلىكتىكى گازارمىغا (قەلئەگە) ھۇجۇم قىلغانغا ئىككى سائەتتىن ئاشتى. دۈشمەن جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، بىكىنىۋالغان ئورنىنى بەرمەي جان تالاشماقتا. كېچە قاراڭغۇلۇقى ئانچە بىلىنمەيدۇ. ئاسمان گۈمبىزىدىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ئالتۇن كىرپىكلىرىنى چىمىلدىتىپ، كۆز قىسىشىپ، قايسى تەرەپ يېڭەركىن دەپ تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك قىلىدۇ. قارىنىڭ قېلىن چۈشۈپ كېتىشى، سوغۇقنىڭ ئەدىشى پارتىزانلارنى خۇشال قىلسا، ئاشۇ ئورۇنغا بىكىنىۋالغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى خاپا قىلىپ، ئېيتقۇسىز ئېغىر قايغۇغا سالماقتا ئىدى. چۈنكى، ئۇلار قېلىن كىيىم ـ كېچەكتىن ھەم ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىلىپ، توختىماي ئاسمانغا قاراپ، ئۆز ئايروپىلانلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتمەكتە ئىدى. گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى ئۈرۈمچىدىن ئۇچۇپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلەتتى ـ دە، يېگىرمىلىگەن ـ ئوتتۇزلىغان، ھەتتا ئەللىكلىگەن پاراشوتلارنى تۆكۈۋېتىپ كېتەتتى. پاراشوتلاردىن كۆپ ھاللاردا دورا، يېمەك ـ ئىچمەك تۆكۈلەتتى.

ئالدى بىلەن بىرنەچچە ئايروپىلان كېلىپ پاراشوت تاشلىماستىن، شەھەرنى، پارتىزانلارنى، كوچىدىكى ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن يۈرگەن پۇقرالارنى ئوققا تۇتۇۋېتىپ قايتىپ كېتەتتى. ئارقىدىن يەنە نۇرغۇن ئايروپىلان كېلەتتى ـ دە، پاراشوت

تاشلايتتى. مۇنداق چاغلاردا يەردىن ئاسمانغا قارىتىلغان ھۇجۇم قىزىپ كېتەتتى. بۇ خىل ھۇجۇملاردا يەردىكى ھۇجۇملاردىكىدەك ئالاھىدە ئىلگىرىلەش، ئالغا سىلجىش بولمىسىمۇ، پاراشوت تاشلايدىغان ئايروپىلانلارنىڭ پەسلەپ ئۇچۇشىنى، پاراشوتنى مۆلچەرلىگەن يەرگە تاشلىشىنى توسۇپ قالغىلى بولاتتى. دەسلەپكى ئايروپىلانلار كەلگەن چاغدىلا پارتىزان ئەترەتلىرى كوچىلارغا چىقىپ، يوغان دەرەخلەرنى، دۇكان لەمپىلىرىنى، چېدىرچە يېپىلغان چوڭ دەرۋازىلارنى دالدا قىلىپ ئايرو-پىلانلارنى ئوققا تۇتاتتى. بۇ ئۇرۇشلارنى كوچا ئۇرۇشلىرى دېيىش-مۇ بولىدۇ. بۇنداق ئۇرۇشلار شاھاجىنىڭ بېغىنىڭ تۆۋەن تەرەپ-لىرىدە، ئالتۇنلۇقنىڭ غەربىي شىمالىدا، قىزىلكۆۋرۈك، بوينى-كېسىك، يېڭىھايات كوچىسى، تاشلەپكە بازىرى ئەتراپلىرىدا كۆپرەك يۈز بېرەتتى. ئۇرۇش قىلىشنىڭ قېلىپى، ئۆلچىمى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە ئويلىمىغان، قىياس قىلىنمىغان ئۇرۇشلارمۇ بولۇپ قالاتتى. يەردىن ئاسمانغا، ئاسماندىن يەرگە بولىدىغان ئۇرۇشلار پات - پات بولۇپ تۇراتتى. سەپداشلىرى قىرىلىپ كېتىپ، يالغۇز قالغان جەڭچى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بىردەم پىلى-موتتىن، بىردەم مىلتىقتىن، بىردەم ئاپتوماتتىن ئوق ئۈزۈپ، گىرانات تاشلاپ، دۈشمەننى ئوقلار تورىغا كىرىپ قاپتۇق، دېگۈ-زەلەيتتى. ھەيران قالغۇدەك ئىش، كوچا جەڭلىرىدە كىمدۇر بىرىنىڭ ئاتقان ئاددىي ئوقى ئايروپىلاننىڭ موتورىغا تېگىپ كېتىپ، ئايروپىلان قاپقارا ئىسلارنى پۈرقىرىتىپ قاچقاندا، شەھەردە قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇ چاغدا كىشى-لەر ئاشۇ ئايروپىلاننىڭ ئازاد قىلىنغان رايونغا چۈشۈپ كەتتىمۇ ياكى گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى يەرگە چۈشتىمۇ، بىلەلمەي قالدى. ئەتىسىلا كىشىلەر ئۇنىڭ پەنجىمبۇلاققا چۈشكەنلىكىنى ئۇقتى.

ھەرەمباغ گازارمىسىغا قىلىنغان ھۇجۇم شىددەتلىك داۋام قىلماقتا. مىلتىق، پىلىموت، ئاپتوماتلاردىن توختىماي ئوق

ئۈزۈلمەكتە، قوماچ قورۇغاندەك ئاۋازلار كۆتۈرۈلمەكتە. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ گىراناتلار تاشلانماقتا ۋە گازارما ئىچىدىن ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقلىرى چۈشمەكتە. بىرەر چولاق تامغا ئۆلىشىۋېلىش، كىچىككىنە بىر دۆڭلۈكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىش، سانسىزلىغان قەبرىلەرنىڭ كەينىگە بېرىۋېلىش بىر غەلىبە ھېسابلىناتتى. ئاق قۇلاقچا، ئاق جۇۋا، ئاق پېيما كىيگەن پارتىزانلار ئاشۇ ئۇسۇل بىلەن ئالغا سىلجىماقتا. پارتىزانلارنىڭ قەلئەگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بومبا تاشلاپ ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ تۇرماقتا. ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان ئۈچ جەڭچىنىڭ ئىككىسىگە ئوق تەگدى، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى بەكمۇ يېقىن ئىدى. بۇنى بايقىغان رىزۋانگۈل ئۆزىنى شۇياققا ئاتتى.

— رىزۋانگۈل، خەتەرلىك! ئەھۋالنى بايقىمىدىڭىزمۇ؟!

— ياق، قان كۆپ چىقىپ كەتسە تېخىمۇ خەتەرلىك، — ئۇ ئەترەت باشلىقىنىڭ گېپىگە كىرمەي، يەر بېغىرلاپ ئالغا كەتتى. ئۇنىڭ بېغىنى مۈرىسىدىن ئۆتكۈزۈۋالغان دوختۇرلۇق سومكىسى دۈمبىسىدە پولاڭلاپ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا دەھشەتلىك گۈمبۈرلەپ زەمبىرەك ئوقى چۈشتى. قار ـ توپا توزانلىرى ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. رىزۋانگۈل ئىككى ياردارنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى.

— مەن ياخشى، — دېدى يۈزى گۆشلۈك پالكۆز پارتىزان، — يانپېشىم ئىسسىق تۇرىدۇ، ئوق تەگكەن ئوخشايدۇ. ئېتىشىش سەل بېسىققاندا بۇ يەردىن ئۆزۈم چىقىپ كېتەلەيمەن. ئەنە ئاۋۇ، — دېدى ئۇ كۆزى بىلەن شەرەتلەپ، — قىمىرلىماي ياتىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ بېقىڭ، بېشىڭىزنى كۆتۈرمەڭ، دىققەت قىلىڭ.

رىزۋانگۈل يارىسى ئېغىر پارتىزاننىڭ ساق قولىنى بوينىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇتۇۋېلىپ، بىر قولىدا يەرنى تىرەپ، يەر بېغىرلاپ كەينىگە سىلجىدى. توختىماي ئوق ئېتىلسا، جىممىدە

يېتىۋالاتتى، توختىسا ئىلگىرىلەيتتى. شۇنداق قىلىپ، رىزۋانگۇل ياربدارنى دالدىلىق يەرگە — چولاق تامنىڭ كەينىگە ئەكەلدى ـ دە، تەكشۇرۇپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچ يېرىگە ئوق تەگكەنلىكىنى بىلدى. بىرى ئوڭ مۈرىسىنىڭ سەل تۆۋىنىگىرەك، يەنە بىرى يانپاش بىلەن بەلنىڭ تۇتاشقان يېرىنىڭ ئاستىغىراق، ئۈچىنچىسى سول قولىغا تېگىپتۇ. ئۇ ئون مىنۇتتەك ھەپىلىشىپ ئۈچ ئورۇنغا دورا چېپىپ، داكا بىلەن تېڭىپ، دەرھال گوسپىتالغا يەتكۈزۈش كېرەك، دەپ ئۇنى زەمبىلگە سېلىپ، بىر تەرىپى ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۆينىڭ كەينىگە ئاپاردى. شۇ يەردە ھارۋا بار ئىدى.

ئاغرىق ئازابىدىن ھوشىنى يوقاتقان پارتىزان ھوشىغا كېلىپ قالدى ـ دە، ئېغىز ئاچتى:

— دادام: «دۈمبەڭدىن ئوق يېسەڭ، سەندىن رازى ئەمەس؛ ئالدىڭدىن ئوق يەپ ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ رازى» دېگەن، ماڭا ھەرەمباغ گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلىپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا ئوق تەگدى، ئۆلمىدىم ... ھاياتمەن ...

رىزۋانگۇل ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى.

— دادىڭىزغا چوقۇم يەتكۈزىمىز، سىزگە باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندا ئوق تەگدى، سىز ئۆلمەيسىز، گوسپىتالدا بىر ئاي ياتسىڭىز، ساقىيىپ كېتىسىز. رىزۋانگۇل ئۇنى ھارۋىغا سېلىپ، بىر ھەمشىرە قىزنى قوشۇپ يولغا سالدى.

رىزۋانگۇل ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپلا يانپىشىغا ئوق تەگكەن پارتىزاننى ئورۇش مەيدانىدىن ئاچىقماقچى بولدى.

— سەل تەخىر قىلىڭ، رىزۋانگۇل، ئېتىشىش كىچىككىنە بېسىقسۇن، — دېدى شۆبە ئەترەت باشلىقى، — سىز گەپ ئاڭلىمىسىز، ئاڭلىمامسىز؟

— ئۇنىڭغا ئوق تەگدى، قان ئېقىۋاتىدۇ، قاننى توختاتمىساق بولمايدۇ، قانسىراپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر نۇرغۇن، ئەترەت باشلىقى، يولۇمنى توسماڭ.

— بىر ياربدارنى قۇتقۇزىمەن دەپ، ساپساق ئادەمنى قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمىزمۇ؟ ھازىرچە بارماي تۇرۇڭ.
— مەن ئۆلۈمگە ئەمەس، ياربدارنى قۇتقۇزغىلى بارىمەن.
ھەممە يەر ئاپپاق قار بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قاراڭغۇلۇق ئانچە بىلىنمەيتتى، خۇددى گۈگۈم مەزگىلىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. پارتىزانلار بىر - بىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ.
رىزۋانگۈل يەر بېغىرلاپ يۈرۈپ ھېلىقى يانپىشىغا ئوق تەگكەن ياربدارنىڭ يېنىغا باردى - دە، ئاۋۋال ئەملەشنى ئويلاپ، ئۇنى يېنىدىكى ئازگالغا سۆرەپ چۇشتى ۋە يارا ئېغىزىنى دورىلاپ تاڭدى.
— قاراڭ ئاستىڭىزدىكى قارغا، پۇتۇنلەي قېنىڭىز بىلەن بويىلىپ كېتىپتۇ، قان خېلى ئېقىپتۇ. بىز بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك، — دېدى رىزۋانگۈل تېز - تېز سۆزلەپ، — مەن بىر قولىڭىزدىن تارتىمەن، سىز بىر پۇت، بىر قولىڭىز بىلەن ماڭا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىڭ، ئۇستىخان ساقتەك قىلىدۇ.
— بولىدۇ، ئۇستىخان ساق بولغاندىكىن، ئىككىلا پۇتۇمنى ھەرىكەتلەندۈرەي.
— ياق، بېشىڭىزنى ھەرگىز كۆتۈرمەڭ.
ئۇلار يەر بېغىرلاپ، دومىلاپ يۈرۈپ، ئۇرۇش مەيداندىن سالامەت چىقىپ كەتتى.

* * *

ئۇرۇش شىددەتلىك داۋام قىلماقتا، قۇربان بېرىشلەرمۇ كۆپەيمەكتە. قوشۇننىڭ ئالدى غەلىبە ئۇستىگە غەلىبە قىلىپ، داۋاملىق شەرققە ئىلگىرىلەپ كەڭساي داۋىنىغا يېتىپ باردى؛ غۇلجىدىن چىققان قوشۇن يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇقراق ئۇزاپ كەتتى. ئەمما، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ يېنىدىكى ئۈچ ئورۇننىڭ ئىشغال قىلىنماسلىقى ھەممە ئادەمنى —

پارتىزانلارنىمۇ، پارتىزان يېتەكچىلىرىنىمۇ، پۇقرالارنىمۇ تىت ـ تىت قىلماقتا ۋە غەزەپلەندۈرمەكتە ئىدى.
شۆبە ئەترەت باشلىقى ئالتە نەپەر چەبدەس پارتىزاننى باشلاپ دالدىلىق يەرگە ئاپاردى ـ دە، خەتىرى چوڭ، ئېلىش ئىنتايىن قىيىن بولغان، هازىرغىچە كۆپ قېتىملىق هۇجۇملاردىمۇ گۇمران قىلىشقا مۇمكىن بولمىغان ئىككى قەۋەتلىك پوتەينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:
ــ بۇگۈن كېچە ئاشۇ پوتەينى ئېلىشىمىز كېرەك، ھەممىمىز ھۇجۇم بىلەن يوپۇرۇلۇپ بارساق چىقىم كۆپ بولۇپ كېتىدۇ، قىرىلىپ كېتىمىز، شۇڭا ئۇنى پەم بىلەن، ھىيلە بىلەن ئېلىشىمىز كېرەك. قوماندانلىق ئىشتابى بۇ ۋەزىپىنى بىزنىڭ چوڭ ئەترەتكە تاپشۇرۇپتۇ، چوڭ ئەترەت بىزنىڭ كىچىك ئەترەتكە تاپشۇردى. قانداق، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالامدۇق؟
ئالتە نەپەر پارتىزان تەڭلا ۋارقىراشتى:
ــ چوقۇم ئورۇنلايمىز، قېنى بۇيرۇق قىلىڭ!
ــ پوتەينى گۇم قىلساق، ھەرەمباغ گازارمىسىغا بۆسۈپ كىرىدىغانغا يوچۇق ئېچىلىدۇ، ــ شۆبە ئەترەت باشلىقى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، ــ شۇنداق قىلغاندىلا گازارما بىلەن ئايروپىلان ئىستانسىسىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەڭ ئىشەنچلىك ئورۇندىن يوچۇق ئېچىلىپ، پارتىزانلار بۆسۈپ كىرسە، قالغان جايدىكىلىرى پىتىراپ قېچىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ سۈبھىگىچە پوتەينى كۇمپەيكۇم قىلىشىمىز كېرەك !
ــ بىز تەييار !
ــ ئالتە ئادەم ئىككىدىن ئۈچ گۇرۇپپا بولۇپ بارسىلەر. بىرىنچى گۇرۇپپا ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىسا، ئىككىنچى گۇرۇپپا بارىدۇ. ئىككىنچى گۇرۇپپا ئورۇنلىيالمىسا، ئۈچىنچى گۇرۇپپا بارىدۇ.
ــ گىرانات تاشلاشقا ئۇستا ھېلىقى ئىككى بالىنى

ئېلىۋالساق بوپتىكەن، ــــ دېدى ئېگىز بويلۇق پارتىزان.

ــــ مەن ئۇنى ئويلاشقان، ــــ دەپ چۈشەندۈردى ئەترەت باشلىقى، ــــ بىرى زۇكام بولۇپ قاپتۇ، شەپە چىقارماي ئىلگىرىلەۋاتقاندا يۆتىلى تۇتۇپ كەتسە، دۈشمەن تۇيۇپ قالىدۇ؛ يەنە بىرى ئاسقاقلاپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىلىسى بولمىدى. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش: بىزنىڭ ئىلگىرىلەۋاتقىنىمىزنى دۈشمەن تۇيۇپ قېلىپ، بومباردىمان قىلسا چېكىنىمىز. يەنە بىر ئىش: دۈشمەن سىلەرگە توختاۋسىز ئوق ئاتسا، ئۆزلىرى قالايمىقان ئوق ئېتىۋاتامدۇ ياكى راستلا سىلەرنى تۇيۇپ قېلىپ ئېتىۋاتامدۇ، بۇنى ئوبدان پەرقلەندۈرۈڭلار، شۇنداق قىلغاندا ئوشۇقچە ئىشلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. قېنى بىرىنچى گۇرۇپپا، ئالغا سىلجىڭلار، غەلىبە سىلەرگە يار بولسۇن، مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

رىزۋانگۈل شۆبە ئەترەت باشلىقى بىلەن ئالتە نەپەر جەڭچىنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى توگەل ئاڭلىدى. «دېمەك، ئۇلار ئىككى قەۋەتلىك ئاشۇ پوتەيگە يېقىنلىشىپ بېرىپ بومبا تاشلايدىكەن ـ دە، ــــ دەپ كۆزىنى يۇمۇپ ئويلاشقا باشلىدى قىز، ــــ مەنمۇ بارغان بولسام ياخشى بولاتتى، پوتەي تۆشۈكىگە گىرانات تاشلاش مەشقىدە بىرىنچى بولغان ئەمەسمىدىم ... مەن ئۆزۈمنى مەلۇم قىلسام، ئەترەت باشلىقى قوشۇلارمۇ؟ تايىنلىق ئۇ قوشۇلمايدۇ، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىزمۇ مۇھىم، دەپ تۇرۇۋالىدۇ، ئەمىسە قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ...»

ئىككى كىشىلىك گۇرۇپپا يەر بېغىرلاپ، شەپە چىقارماي ئىلگىرىلەپ كەتتى. دۈشمەنلەر تۇيماي قالدىمۇ، ئۇلار پوتەيگە خېلىلا يېقىنلاپ باردى. بىراق، پوتەيدىن تۇيۇقسىز تاراسلاپ ئوق چىقىپ قالدى. ئوق پىلىموتنىڭ ئوقى ئىدى. ئىككىسى ئۆلگەن ئادەمدەك جىممىدە يېتىۋالدى. پارتىزانلارمۇ بۇيرۇق بېرىلگەندەك ئوق ئۈزمەيۋاتاتتى.

ــــ ئەمدى بولدى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلەيلى، ــــ دېدى ئالدىدىكىسى، ــــ پوتەيگە يىگىرمە مېتىردەك قالدۇق، بىرنەچچە

گىراناتنى بىراقلا ئاتايلى.

— شۇنداق قىلىمىز، — كەيىندىكىسى تەييارلىغان گىراناتلىرىنى ئېتىش ئۈچۈن تىزلانغاندا، دۈشمەن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان بولسا كېرەك، پوتەيدىن ئېتىلغان پىلىموت ئوقى ئۇنىڭ كۆكسىگە تەگدى. ئۇ قولىدىكى گىراناتلارنى ئانچە كۈچىيەلمەي ئېتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئېتىش باشلاندى، بومبىلار تاشلاندى ... مۇشۇ ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئېتىش، بومباردىمان قىلىشتا ئىككىنچى پارتىزانمۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەي يېتىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان شۆبە ئەترەت باشلىقى ئۇنىمۇ قۇربان بولدى، دەپ پەرەز قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى گۇرۇپپا ماڭدى. ئۇلار تېخى نىشاننىڭ يېرىمىغا يەتمەي تۇرۇپلا ئوققا تۇتۇلۇشقا، بومباردىمان قىلىشقا ئۇچرىدى ـ دە، سانسىزلىغان ئوقلار ئاستىدا قالدى ... ئاخىرىدا ئۈچىنچى گۇرۇپپا يەر بېغىرلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئەترەت باشلىقى ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، چۈنكى ئىلگىرىلەۋاتقان كىشى ئىككى ئەمەس، ئۈچ ئىدى. بۇ نېمە بولغىنى، بۇ كىمدۇ؟ ئۇ تازا سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ رىزۋانگۈل ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، قولىنى قاتتىق سىلكىدى. «ئەستەغپۇرۇللا، ماۋۇ رىزۋانگۈلنىڭ ئىشىنى ... ئۇنىڭ ئۆز ۋەزىپىسى بارغۇ، — دەپ ئورنىدا تۇرالماي قالدى ئەترەت باشلىقى، — ئۇنىڭغا ھېچكىم رۇخسەت قىلمىغانغۇ ... بۇ قىزنىڭ باشباشتاقلىقى...» ھەممىنىڭ كۆزى شۇلاردا، بولۇپمۇ رىزۋانگۈلدە ئىدى. ئۇلار پوتەيگە ئاز قالغاندا، پوتەيدىن يەنە تاراسلاپ ئوق چىقىپ قالدى. ئىككى پارتىزان ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىپ يېتىۋالدى. رىزۋانگۈل پەيتىنى كۆزىتىپ پىلىموت ئوقى توختىشىغا، يەنە ئېتىلىپ قالار، دەپ ئويلىمايلا تېزلىكتە تىزلىنىپ تۇرۇپ گىراناتلىرىنى پوتەينىڭ تۆشۈكىگە قارىتىپ ئاتتى. گىراناتلار تۆشۈككە دەل ئېتىلغان بولسىمۇ، كىرىش ئېغىزىدىن نېرىغا سىلجىيالماي پارتلاپ كەتتى. خام

كېسەكلەر گومۇرۇلۇپ چۈشۈپ تۆشۈك ئاۋۋالقىغا قارىغاندا ئۈچ ـ تۆت ھەسسە يوغىناپ قالدى.

ئەترەت باشلىقى پارتىزانلارغا «ئالغا!» دەپ بۇيرۇق بەرمەكچى بولدى ـ يۇ، توختاپ قالدى. چۈنكى، ئۇ قايسى كۈنى لەڭشاڭغا قىلىنغان ھۇجۇمدا خۇددى مۇشۇنداق پوتەيگە بومبا تاشلىنىپ، پوتەي چىماجاپ قالغاندا، كوماندىر جەڭچىلەرگە «ئالغا!» دەپ بۇيرۇق بېرىپ، ھەممىسى «ھۇررا !» دەپ ۋارقىراپ ئېتىلغاندا، تۇيۇقسىز پوتەيدىن ئوق چىقىپ قېلىپ نۇرغۇن پارتىزاننىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ بىرەر مىنۇت توختاپ تۇراي، دەپ تۇرغاندا، پوتەيدىن ئوق چىقىپ قالدى. يوغىناپ كەتكەن تۆشۈككە قارىتىپ پارتىزانلار ئۇزۇلدۇرمەي ئوق ئۈزدى. ئېتىشىش ئەۋجىگە چىقتى. شۇ ئارىلىقتا ئىككى پارتىزاننىڭ بىرىگە ئوق تەگدى. ئۇچەيلەن چېكىنمەكچى بولغانىدى:

— سىز ماڭا ھاپاش بولۇپ، بېشىڭىزنى كۆتۈرمەي يېتىۋېلىڭ، — دېدى رىزۋانگۇل ئوق تەگكەن پارتىزانغان جىددىيلىشىپ، — بىز چېكىنەيلى، بۇنىڭغا مادارىڭىز بارمۇيا؟

— بارلىقىغۇ بار، بىراق ... بىراق سىز ...

— سىز مېنى ئويلىماي، ئۆزىڭىزنى ئويلاڭ، بولۇڭ، ھاڭۋاقتىلىق قىلماڭ ...

ئەترەت باشلىقىنىڭ كوماندا بېرىشى بىلەن سەپ بويىچە يوغىناپ كەتكەن پوتەي تۆشۈكىگە قارىتىپ توختاۋسىز ئوق ئۈزۈلمەكتە ئىدى.

رىزۋانگۇل پۈتۈن گەۋدىسىنى، پۇت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، دۈمبىسىدىكى ياردارنى ئاخىر ئۆز ئىستىھكامىغا ئەكەلدى. قارا تەرگە چۆمۈلگەن قىز ئۆرۈلۈپ ئوڭدا بولۇپ، نەپەس يېتىشمەيۋاتقاندەك ھاسىراپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇرۇۋاتقانلار ئىچىدە ئەترەت باشلىقىنىڭ قايىقى بىردە ئېچىلىپ، بىردە تۈتۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.

# 20

كېچىچە ھەرەمباغ گازارمىسىغا قىلىنغان ھۇجۇم تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بۇيرۇق بويىچە توختىدى. خىلمۇخىل قوراللاردىن ئۇزۇلۇۋاتقان ئوقلار پەسلەپ قالدى. گومىنداڭنىڭ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇم بىلەن ئۇۋىسىدىن چىقىپ كېلىشىنى توسۇش ئۇچۇن پارتىزانلارنىڭ بىر قىسمى ئالدىنقى سەپتە قالدۇرۇلۇپ، قالغانلىرى ئاستا ـ ئاستا تۇيدۇرماي چېكىندۇرۇلدى ۋە ئۇلارنىڭ قورساقلىرىنى تويدۇرۇۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

بىرنەچچە پارتىزان چولاق تامنى دالدا قىلىپ، بېلىدە تۇرۇپ توخلاپ كەتكەن نانلىرىنى غاجاپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۆۋەنرەكىدە نەيزە، ئارا، پالتا، چوماق تۇتقان ھورراچىلارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلار بولۇپ، ھۇجۇم قىلىنغان چاغلاردا پارتىزانلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ قىيقاس ـ چۇقان سېلىپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ گومىنداڭ قىسىملىرىغا تەھدىت سالاتتى. ھۇجۇم توختىغان چاغلاردا بۇ يەرگە كېلىدىغانلارمۇ، ۋەزىپە بىلەن كېتىدىغانلارمۇ نۇرغۇن ئىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن بۇ ئەترەتنىڭ ئورنىغا باشقا ئەترەت كەلدى. رىزۋانگۇل ئىككىنچى چوڭ ئەترەتتە بولۇپ، سېستىرالار باشلىقى ئىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ جەڭگە كىرىدىغان شۆبە ئەترىتى بار ئىدى. بۇ شۆبە ئەترەت دەم ئېلىشقا قايتتى. ئۇلارنىڭ ياتىقى، دەم ئالىدىغان، ھەر خىل قوراللارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىدىغان ۋە ئەترەتنى رەتكە سالىدىغان ئورۇن ھازىر ئوقۇش توختىغان ئۇمىد مەكتىپىنىڭ مەيدان، سىنىپ ۋە ئىشخانىلىرى ئىدى. بۇ ئەترەتتىكى پارتىزانلار كۆككۆۋرۈككە كەلگەندە، بوينىغا گىرمانكا ئېلىشىق، بېلىگە قاتار قىلىپ بىرنەچچە دانە بومبا

ئاسقان، ئىچى يوڭلۇق قىسقا كەمزۇل كىيگەن، بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق، ئېگىز بويلۇق بىرىگە ئۇچراپ قالدى. رىزۋانگۇل ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئېگىز بويلۇق پارتىزانىمۇ بۇ قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي كەلمەكتە ئىدى. ئۆتۈشۈپ كېتىدىغان چاغدا قىز ئېغىزىنى ئېچىپلا تۇرۇپ قالدى. ئۇمۇ توختىدى، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى.

— سىز ... سىز، — دېدى قىز گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي.

— مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن، — دېدى ئېگىز بويلۇق پارتىزانمۇ ھەيران قالغانلىقىنى يوشۇرالماي.

— سىز يۇسۇپ مۇئەللىمغۇ دەيمەن، خاتا تونۇپ قالمىغاندىمەن؟ — دېدى رىزۋانگۇل كۈلۈمسىرەپ.

— مەن سىزنى سودەرۋازىدا — ئۇستەڭ بويىدا كۆرگەنىغۇ دەيمەن.

— توغرا، مەنمۇ سىزنى شۇ يەردە كۆرگەن.

— سىز بىر ئاقساقال بىلەن نەسىھەت قىلىپ، مېنى قاچۇرۇۋەتكەنىدىڭلار، قاچۇرۇۋەتكىنىڭلار ياخشى بوپتىكەن.

— ھېلىقى ئۇچقۇچىلارنى باش - پەشۋا بىلەن ئۇستەڭگە موللاق ئاتقۇزۇۋەتكەنىدىڭىز، سىزنى شۇمىكىن دېۋىدىم.

— شۇ مەن، يۇسۇپجان، قاراڭ سىزنى، پارتىزان بوپسىز - دە، سىز رىزۋانگۇلغۇ دەيمەن.

— شۇنداق، رىزۋانگۇلمەن.

— شۇمىكىن دەپ پەرەز قىلىۋىدىم، سىزنىڭ مەردلىكىڭىز، قورقۇمسىزلىقىڭىز توغرۇلۇق ئاڭلاپ تۇردۇق. يارايسىز، سىڭلىم، جۇرئىتىڭىزگە باركاللا.

رىزۋانگۇل ئىشتاب تارقىتىپ بەرگەن كىيىملەرنى — ئاق جۇۋا، ئاق قولاقچا، ئاق پىيما كىيگەن بولۇپ، قالتىس ياراشقانىدى.

— شۇ ۋاقىتتىكى يولسىزلىق، زورلۇق سىزنى قولىڭىزغا

قورال ئېلىشقا مەجبۇر قىپتۇ ـ دە. شۇنىڭدىن كېيىن سىزنى تۇتۇپ كەتكەنىمىدۇ، ھازىر نەدىدۇ، بارمىدۇ، دەپ پات ـ پات ئويلاپ تۇردۇم.

— شۇ ۋەقەدىن كېيىن قېچىپ يۈردۈم. كۈندۈزى دەريا بويلىرىدا، ئاراللاردىكى توقايلىقلاردا، چەت ـ ياقىلاردىكى چاتقاللىقلاردا يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى ئۆيگە كېلىپ، تاڭ ئاتماستىلا ئۆيدىن چىقىپ مۆكۈنۈپ يۈردۈم. ئۇلار ئۆيدىكىلەرنى بالاگىنى تاپ، دەپ بەك ئاۋارە قىلدى. مەكتەپكىمۇ كەپتۇ. مەكتەپتىكىلەر: «بىرنەچچە كۈن بولدى، يوق، دەرسلىرى قېلىپ يامان بولدى، بىزمۇ ئىزدەۋاتىمىز» دەپتۇ. مەھەللە باشقۇرۇش ئورنىغىمۇ بېرىپتۇ. شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگىمۇ بېرىپتۇ، «يۈسۈپ دېگەن لۈكچەك ئوقۇتقۇچى تۇيۇقسىزلا كېلىپ، بىزنى ئۇرۇپ، بىر سومكا پۇلىمىزنى ئەپقېچىپ كەتتى، تۇتۇپ بېرىڭلار» دەپ ئەرز قىپتۇ. ئاتا ـ ئانامنى ئاۋارە قىلىپ ئارام تاپقۇزمىغاندىن كېيىن، نېمە قىلساڭ قىلارسەن دېدىم ـ دە، ئوسمان گەيجاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم. لېكىن، ئۇ ياخشى ئادەم ئىكەن، «ئۇكا، گېپىمنى ياخشى ئاڭلا، ئۇچقۇچىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگۈچى بولما. بۇ يەرگە ئەمدى ھەرگىز ئاياغ باسما! بۇگۈن سېنى تۇتۇپ بەرسەم، ئەتىلا سەن يوق. شۇڭا، بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدا مۆكۈنۈپ يۈرمەي، يىراقلارغا كەت!» دېدى قوللىرىنى شىلتىپ ۋە مېنى يولغا سېلىپ قويدى. قېچىپ، مۆكۈنۈپ يۈرۈپ بىرنەچچە ئاينى ئۆتكۈزدۈم. ئىلىقىدا پارتىزانلار ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنى، ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئاپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر تارقىلىپ يۈردى. ئىلىقىغا چىقىپ، پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كېتەيمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم. شۇ ئارىلىقتا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غۇلجىدا ئىنقىلاب پارتلىدى. شۇ كۈنلا ھېلىقى شۇمپەنلەرنى يوقىتىدىغان چاغ كەپتۇ، مەنمۇ قولۇمغا قورال ئېلىپ مەيدانغا چىقاي دېدىم ـ دە، ئېتىزلار، يالغۇز ئاياغ يوللار، ئارقا كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ شۇ چاغدىكى پارتىزانلار

ئىشتابىغا كەلدىم. مېنىڭدىن بۇرۇن كەلگەن ساۋاقداش ـ دوستلىرىم بىلەن شۇ يەردە ئۇچراشتىم. بۇرھان دېگەن ساۋاقدىشىم (ئىككىمىز كۇرە دارىلمۇئەللىمىنىدە بىللە ئوقۇغان) چوڭ بىر ئەترەتنىڭ كوماندىرى ئىكەن. ئۇ ماڭا مىلتىق ـ ئوق تېپىپ بەردى. زۇلۇمدىن، يولسىزلىقلاردىن خەلقنىڭ قەلبىگە نۇرغۇن يارا چۈشكەن. بىز قولىمىزغا قورال ئالمىغۇچە بۇ يارىلار ساقايمايدۇ، ـ دە. قانداق دېدىم، سىڭلىم؟

— توغرا دېدىڭىز، — دېدى رىزۋانگۈل كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا، — مۇشۇ قورال بىزنى ھەممە باراۋەر جەمئىيەتكە، بەختىيار تۇرمۇشقا، ئەركىن ـ ئازادە كۈنگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭسىز بىز مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يېتەلمەيمىز، ياخشى كۈنلەرنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايمىز. سىزمۇ ئوقۇتقۇچىلىقىڭىزنى تاشلىغىنىڭىزدەك، مەنمۇ پوچتىخانىدىكى خىزمىتىمنى تاشلاپ بۇ جەڭگىۋار سەپكە قېتىلدىم. بۇ سەپكە قېتىلمىسام، پىغانىم تۈگىمەيتتى، غەزىپىم بېسىلمايتتى، ئارمانلىرىم چېچەك ئاچمايتتى ...

— سىز قالتىس ئىش قىلدىڭىز، «ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن كونىچە قاراشنى، ئەكسىيەتچى پەلسەپىنى بىتچىت قىلىۋەتتىڭىز. سىز سانتاركا بولسىڭىزمۇ، ئۇرۇشتا مەرد جەڭچى ئىكەنسىز، ئۆز ھاياتىڭىز بىلەن ھېسابلاشماي يارىدارلارنى قۇتۇلدۇرىدىكەنسىز، سىز توغرۇلۇق نۇرغۇن باتۇرانە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى، ماقالە ـ ھېكايىلەرنى ئاڭلىدۇق، ئوقۇدۇق. ئۇ قايسى رىزۋانگۈلدۇ دېسەم، ئەسلىدە سىز ئىكەنسىز ـ دە. سىز خانىم ـ قىزلارنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل پارتىزانلارنىڭ ئۈلگىسى، ئەينى چاغدا مېنى قېچىشقا دەۋەت قىلىپ دېگەن سۆزلىرىڭىز ھېلىمۇ ئېسىمدە ...

— بولدى، يۈسۈپجان مۇئەللىم، — دېدى قىز ئۇنىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ، — مېنى بەكلا ئۇچۇرۇۋەتتىڭىز، يەرگە چۈشەلمەي قالماي يەنە ...

— ياق، مەن لاپ ئۇرمىدىم، گەپ قوشمىدىم، ئەمەلىيەتتىكى ئىشلىرىڭىزنى دېدىم، خوش، ئالدىراپ تۇرۇۋاتىسىز، يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز، سەپداشلىرىڭىز كېتىپ قالدى، يېتىشىۋېلىڭ، خوش، كۆرۈشكۇچە ئامان بولۇڭ.

— خوش، يۇسۇپجان مۇئەللىم، بىزنىڭ ئەترەت ئۇمىد مەكتىپىدە، پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرايلى، ئامان بولۇڭ.

ئىككىسى ئايرىلىشتى. رىزۋانگۈل ئويلاپ قالدى: «مەن بۇ ئەپەندىمنى شۇ چاغدىلا تۇتۇپ كەتتىمىكىن، ئۆلتۈرۈۋەتتىمىكىن، دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدىم. خۇداغا شۈكۈر، ھايات ئىكەن، تېخى پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلۇپتۇ. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ مەرد - باتۇرلۇقى، قەيسەر - پىداكارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئادەتتىكى پۇقرالار ئەمەس، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭمۇ كۈچى يەتمەيدىغان ئۇچقۇچىلارنى ئۇرۇپ - تېپىپ پۈكلىۋەتكەن ئەمەسمىدى، شۇنىڭغا جۈرئەت قىلغان ئوغۇل بالا - دە، ئۇ.»

*　　　*　　　*

مۇزەپپەر زالدا بىرىنىڭ كىملەرگىدۇر كايىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى، زەن قويۇپ ئاڭلاپ، كايىۋاتقان كىشىنىڭ ئەترەت باشلىقى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ زالغا چىقتى. ئۈچ - تۆت قىز خۇددى گۇناھكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئاخشام مۇزەپپەر ئىزدەپ تاپالمىغان قىزلار ئىدى. ئەترەت باشلىقى ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاچچىقى كەلگەن بولۇپ، چىرايى تاتىرىپ، چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ كەتكەنىدى. قىزلار لام - جىم دېمەي يەرگە قاراپ تۇراتتى.

— سىلەر تەرتىپ - ئىنتىزام دېگەننى بىلەمسىلەر زادى؟ — دەيتتى ئەترەت باشلىقى قولىنى جوڭۇپ، — بۇ ئۇرۇش ۋاقتى

تۇرسا، سىلەر يوقاپ كەتسەڭلار، بىز سۇرۇشتۇرمەمدۇق، ئەنسىرىمەمدۇق؟ ئاخشام مۇزەپپەر سىلەرنى ئىزدەپ چىقىپ، تاس قاپتۇ بالاغا قالغىلى ... ھەممىمىز رىئايە قىلىدىغان ئىنتىزام نەگە كەتتى؟!

— تەرتىپ - ئىنتىزامنى بىلىمىز، — دېدى قىزلارنىڭ بىرى بېشىنى كۆتۈرمەي، — ئۇنى شۇنچە چىڭ تۇتۇۋالساقمۇ بوي بەرمەي قېچىپ كەتتى.

— ھۇ سېنى ! ... مەن ئىنتىزام توغرۇلۇق سۆزلەۋاتسام، ئۇنى چاقچاقىقا ئايلاندۇرۇۋاتقىنىنى قارا بۇنىڭ ... ھەي رىزۋانگۇل، ھەي رىزۋانگۇل، ئىنتىزامنى بۇزۇپ تۇرىدىغان رىزۋانگۇل.

— ھۆرمەتلىك باشلىق، سىزمۇ ئۇقۇشماي ۋارقىراۋەرمەڭ، ئاۋۋال سىلەر ئاخشام ياتاقىقا قايتىپ كەلمىدىڭلار، نەگە باردىڭلار، دېسىڭىز، بىز ئەھۋالنى مەلۇم قىلساق، شۇنىڭدىن كېيىن بىزنى سوراققا تارتىپ، تىللىسىڭىزمۇ ئۇلگۇرىسىزغۇ؟ قايناۋەرمەي نەگە بارغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇپ باقامسىز؟ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ باقماي كايىۋەرسىڭىز، سۆزلىرىڭىز ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك، چاپانلىرىمىزغا تېگىپ سىڭمەي تورۇكلاپ يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. قانداق دېدىم، قىزلار؟

قىزلار بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئۇندىمەي تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇلاردىن گەپ چىقمىدىغاندەك قىلمايتتى. رىزۋانگۇل تېرىكتى:

— نېمانداق گومىنداڭنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلىرىدەك تۇرىسىلەر، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ پارتىزانلارغا لايىق قىياپەتتە تۇرساڭلارچۇ، — ئۇ بېشىنى بۇراپ ئەترەت باشلىقىغا قارىدى، — تىل - ئاھانىتىڭىزنى توختىتىپ، ئاخشام قايتىپ كەلمىگەنلىكىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئاڭلاپ بېقىڭ: پۈتۈن يىتىپ، پۈتۈن قوپۇپ بەدەنلىرىمىز مەيىنەتلىشىپ، تەر پۇراپ كەتتۇق؛ چاچلىرىمىزمۇ ئالۋاستىنىڭكىدەك چىگىچلىشىپ

كەتتى، پىتلاپمۇ كەتتۇق. رەيھاننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا پار مۇنچىسى بار ئىكەن، دەم ئېلىش ۋاقتى بولغانلىقتىن مۇنچىغا باردۇق، رەيھاننىڭ ئۆيىدە تاماق يېدۇق. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، بىخەتەرلىكىمىز ئۈچۈن شۇ يەردە قونۇپ قالدۇق. قىزلارنىڭمۇ باشقىلارغا ئېيتقىلى بولمايدىغان ئۆزىگە تۇشلۇق ئىشلىرى بولىدۇ، بۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك ـ دە. سىزنىڭمۇ ئايالىڭىز بولغاندىكىن، مۇنداق ئىشلارنى بىلەرسىز. ئادەمگە ئاھانەت قىلماي، قىز ـ ئاياللارنىمۇ چۈشىنىپ قويۇڭ. يۇرۇڭلار، قىزلار، كەتتۇق !

رىزۋانگۈل شۇنداق دېدى ـ دە، بۇرۇلۇپ ماڭدى. رەيھان، شەۋقىيە، زىننەتلەر بىر ئەترەت باشلىقىغا، بىر رىزۋانگۈلگە قارىدى ـ دە، رىزۋانگۈلنىڭ كەينىدىن ئاۋۋال ئاستا، كېيىن ئىتتىك ماڭدى. ئەترەت باشلىقى ئوسال ھالغا چۈشۈپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا قالدى.

قىزلار ياتىقىغا كىرىپ كەتكەندى، ئەترەت باشلىقى قولىنى ئاچچىقى بىلەن بىر سىلكىدى ـ دە، ئالتۇنلۇققا قاراپ يول ئالدى. يالغۇز قالغان مۇزەپپەر ئويلىنىپ قالدى: «رىزۋانگۈل شۇغۇ، مېنى تونۇمىدىمۇ ياكى تونۇماسقا سالدىمۇ؟ ئەسلىدە پارتىزان بوپتىكەن ـ دە ! شۇ چاغلاردىلا —— سەپەردە، ئۇرۇمچىدە ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقى، قورقۇمسىزلىقى، ناھەقچىلىككە چىدىماي، كۆڭلىگە كەلگەن ھەرقانداق گەپنى دەۋېتىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. قاراڭلار، ئۇنىڭ قىز بالا تۇرۇپ بۇ يولنى تاللىغىنىنى ... ئۇ ھېچنېمىدىن يانمايدىغان جۈرئەتلىك قىز، شېڭ شىسەينىڭ سىياسەتلىرىگە پىسەنت قىلماي، تاس قالغان بالاغا قالغىلى ... قىزلار ياتىقىغا كىرىپ ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بېرەي.»

مۇزەپپەر قىزلار ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، «كىرىڭ» دېگەندىن كېيىن كىردى.

—— ئىككىمىز ھېچ ئويلىمىغان يەردىن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ

قالدۇق، — دېدى مۇزەپپەر رىزۋانگۈلگە قاراپ، — ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، ئاتا - ئانىڭىز تىنچلىقتۇ؟

— ھوي، سىز ھېلىقى مۇزەپپەر دېگەن ئۇكام ئاداشقۇ ...

— سىلەر تونۇشىدىكەنسىلەر - دە، — دېدى قىزلارنىڭ بىرى، — ھېلى رىزۋانگۈل: «مۇزەپپەر دېگەن كىم ئۇ؟ ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىۋاتىمەن» دېگەنىدى.

— ھە، بىز كونا تونۇش، ئۇرۇمچىگە ئەبجەق ماشىنىدا كالا ھارۋىسى بىلەن چېپىشىپ ئون ئالتە كۈندە بارغاندۇق، — رىزۋانگۈل سۆزلەپلا كەتتى، — بۇ يىگىت نىلقىلىق، ئىسمى مۇزەپپەر، مېنىڭ ئىنىم، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى سورىسىڭىز، ھەم ياردارلارنى قۇتقۇزۇپ، ھەم ئەترەت باشلىقىنىڭ ئاھانىتىنى ئاڭلاپ يۈرۈۋاتىمىز. سىز ئۈرۈمچىدە قالغان ئەمەسمىدىڭىز، قانداقلارچە بۇ يەرلەرگە كېلىپ، تېخى بىزنى ئىزدەپ يۈرىسىز؟

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، — دېدى مۇزەپپەر، — دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇشنى تاشلاپ قېچىپ كەلگەنىدىم.

— شۇنداقمۇ، ئوقۇشنى تاشلاشقا مەجبۇر بوپسىز - دە.

— شۇنداق، مېنى تۇتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، نىلقىلىقلار ھە - ھۇ دېيىشىپ مېنى يولغا سېلىپ قويىدى. ئىنقىلاب دەسلەپتە نىلقىدا پارتلىغاندىلا مەن بۇ سەپكە قېتىلىپ كەتتىم.

— يارايسىز، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىپسىز. مەن ئوغۇل بالا دەپ بېلىنى باغلاپ يۈرگەنلەر پەيتى كەلگەندە قولىغا قورال ئالالىسا، ئاندىن ھەقىقىي ئوغۇل بالا بولىدۇ. ئىككىمىز ئوقۇشقا بىللە بارغان، مانا ئەمدى يەنە بىر سەپتە گومىنداڭغا قارشى بىللە كۈرەش قىلىۋاتىمىز. بۇ نېمىدېگەن خاسىيەتلىك ئىش - ھە ! ... تۇۋا، تەقدىرىمىزنىڭ يەنە بىر بولۇپ قالغىنىنى قاراڭ ...

زالدىن «تاماققا مېڭىڭلار !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— يۈرۈڭ، بىللە تاماق يەيلى، — دېدى رىزۋانگۈل مۇزەپپەرنى بىللە تاماق يېيىشكە زورلاپ.

— ياق، مەن ئەترىتىمنى تېپىۋالاي... سىلەردەك مەنمۇ ئەترەت باشلىقىمىزنىڭ ئاھانىتىنى ئاڭلىماي، — دېدى مۇزەپپەر. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

مۇزەپپەر ياتىقىدا يېتىپ چىگىچ خىياللارغا چىرمىلىپ قالدى: «رىزۋانگۈل بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدۇق. مەن خىيالدا قالدىم، ماڭا كەلگەن خىيال ئۇنىڭغا كەلمىگەنمىدۇ؟ ... ئەسلىدە مەندە ئۇرۇمچىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلاردىلا ئۇنىڭغا سۆيگۈ ئىزھار قىلىش ئىستىكى تۇغۇلغان. لېكىن، ۋەزىيەتتىكى داۋالغۇش، تۇت ـ تۇت قىلىش، ئەنسىزچىلىك، ئارامخۇدا بىرەر كۈننىڭ بولماسلىقى يۈرىكىمدە تېپچەكلەپ تۇرغان ئارزۇلىرىمغا سايە تاشلاپ قويغان. مانا ھازىر ئۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدۇق. رىزۋانگۈلنىڭ: ‹دۈشمەنگە قارشى بىللە كۆرەش قىلىۋاتىمىز›، ‹تەقدىرىمىزنىڭ يەنە بىللە بولۇپ قالغىنىنى قاراڭ› دېگەن سۆزلىرى مەنىلىك، ياپتا سۆزلەرمىدۇ ياكى كونا دوستلار ئۇچراشقاندا مەقسەتسىزلا دېيىلىپ قالىدىغان سۆزلەرمىدۇ؟ چوڭقۇرراق ئويلىشىپ باقاي. ئەگەر مەن رىزۋانگۈلگە سۆيگۈ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچسام، بۇ يەردە مۇنۇ ئىككى مەسىلە باردەك قىلىدۇ: بىرى، رىزۋانگۈل ئۇرۇش بولۇۋاتسا ‹ئېشىكى ئۆلسە، كۆتى غېجەك تارتىپتۇ› دېگەندەك، بىز نېمە كويدا، سىز نېمە كويدا، دېسە ئۆلمەمدىم؛ يەنە بىرى، ئۇ مەندىن ئىككى ياش چوڭ، ھە راست، چوڭ بولسا نېمە بوپتۇ، مەن چوڭ دېمىگەندىكىن، ئۇ خۇشال بولار، بىراق ئۇ ھە دېسىلا مېنى ئۇكام ئاداش، دەپ سۆزلەيدۇ، تېخى باشقىلارغا شۇنداق دەپ تونۇشتۇرۇپ كېتىدۇ ... شۇڭا يەنە بىر مەزگىل كۆزىتىپ باقاي، ھازىر ئالدىراپ بىرنېمە دەپ قويۇپ، تۈگىمەس كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىۋالماي، بىر ئوبدان دوست بولۇپ يۈرگەندە، دوستلۇقىمىزغا دەز كەتمىسۇن يەنە، مەشەدىرەك تۇرۇپ تۇراي...»

* * *

ھازىر مۇنۇ ئۈچ ئۇرۇش قاتتىق داۋام قىلماقتا ئىدى: بىرى، پارتىزانلار قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ يېنىدىكى ئۇرۇش؛ يەنە بىرى، قىسىملارنىڭ ئالدى شەرققە يۈرۈش قىلىپ يېتىپ بارغان تەلكە داۋىنى ئۇرۇشى؛ ئۈچىنچىسى، ئاچال، كۆكەرچىن، كۆكچوققا داۋىنىدىكى ئۇرۇشلار. گومىنداڭنىڭ مۇشۇ ئۈچ ئورۇندىكى ئۇرۇشلىرىنىڭ مەقسىتى غۇلجىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىدى. بۇ ئۈچ ئورۇندىكى ئۇرۇش قوماندانلىرى ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ، ئۈچ ئورۇندا بىر ۋاقىتتا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ھۇجۇم قىلىپ «باندىت ـ ئوغرىلار»نى تەلتۆكۈس يوقاتماقچى ئىدى. مۇنداق قىلغاندا، پارتىزانلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئۈچ ئورۇنغا بۆلۈنۈپ كېتەتتى ـ دە، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىش ئاسانغا چۈشەتتى. بۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قوماندانلىق مەركىزىنىڭ بۇيرۇقى ئىدى.

غۇلجا ھەرەمباغ گازارمىسى، لەڭشاڭ بۇتخانىسى، ئايروپىلان ئىستانسىسى ھازىرغىچە مۇھاسىرىدە تۇرۇۋاتاتتى. دۈشمەنلەر مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىش ئۈچۈن بۈگۈن قاتتىق ھەرىكەتكە كەلدى، ئۇۋىسىدىن ھۇجۇم بىلەن يوپۇرۇلۇپ چىقتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلار قاپسىلىپ، قىينىلىپ ياتقۇچە ئۆلگەنمۇ ياخشى، دەپ جاننى قولغا ئېلىپ چىققاندەك قىلاتتى. مۇھاسىرىگە قارشى ئۇرۇش بىلەن داۋاملىق مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۇرۇشى شىددەتلىك تۈس ئالدى. پارتىزانلار دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش بىلەن بىللە يوچۇق ئېچىپ گازارمىنى ئىشغال قىلىشقا ئۆتكەنىدى. دۈشمەنلەر مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شەھەرنى ئىشغال قىلىش، ھېچ بولمىسا ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگۈچە گازارمىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي ئۇرۇش قىلماقتا ۋە بىرى ئۆلسە، ئىككىسى ھازىر بولۇپ

قارىشلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى.

رىزۋانگۇل ھېچكىم ھاياتى بىلەن ھېسابلاشمايۋاتقان بۇ قاتتىق ئۇرۇشلاردا ھەم سېستىرالىق، ھەم جەڭچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماقتا ئىدى. بىر پارتىزانغا ئوق تەگسە، ئىلاج بار تېزلىك بىلەن ئۇنى جەڭ مەيدانىدىن سۆرەپ ياكى دومىلىتىپ ۋە ياكى ھاپاش قىلىپ ئاچىقاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەس ئىدى. ھەرقانچە ھېرىپ - چارچاپ كەتسىمۇ، بىر پارتىزانىنىڭ يارىدار بولغانلىقىنى كۆرسە ياكى ئاڭلىسا، ھېچنېمىگە قارىماي، ئۆزىنى يارىدار ياتقان جايغا ئاتاتتى. ئوق تېگىپ كېتىش خەۋپى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنى توسۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋاقتى كەلگەندە، كۆيۈنۈپ قىلىنغان نەسىھەتلەرنى، ھەتتا بۇيرۇقلارنىمۇ ئاڭلىمايتتى. يارىدارلارنى قۇتقۇزۇپ يۈرۈپ بىرەر پىلىموتچىغا ئوق تەگسە، يان - يېنىدىن، قولاق تۈۋىلىرىدىن ئوقلار ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ پىلىموتىنى ئېلىپ، ئورنىنى يۆتكەپ پىلىموتنى سايرىتىۋېتەتتى. دۈشمەن كۆپىرەك پىلىموت ئېتىلىۋاتقان ئورۇننى نىشانغا ئالاتتى ياكى بومباردىمان قىلاتتى. رىزۋانگۇل بۇنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ پىلىموتنى يۆتكەپ ئىشلىتىشكە ئەترەت بويىچە ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ جەڭدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ پارتىزانلارمۇ، ئەترەت باشلىقىمۇ: «ھەي، مۇشۇ قىزىمىزغا ئوق تېگىپ كەتمىگىيدى، خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن...» دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭغا خەيرلىك تىلەكلەرنى تىلەيتتى.

نەق مۇشۇ تەلكە داۋىنىنى تالىشىش جېڭى قاتتىق داۋام قىلماقتا ئىدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى تەلكە داۋىنىدىكى پارتىزانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، كورەدىكى قاپسىلىپ قالغان قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلماقچى ۋە ھەرەمباغ گازارمىسى، لەڭشاڭ بۇتخانىسى، ئايروپىلان ئىستانسىسىدىكى قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ غۇلجىنى ئىشغال قىلماقچى ھەم

ئاچال، كۆكەرچىندىكى قىسىملىرى يېتىپ كەلسە، ئىنقىلابنى پۈتۈنلەي تۈنجۇقتۇرۇۋەتمەكچىدى. لېكىن، تەلكە داۋىنىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى ھالسىراپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى، چىقىمى مۆلچەردىكىدىن ئېغىر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر پولك تولۇقلىنىپ كۈچەيتىلىپ، ئىككى بىرونېۋىك، ئىككى تانكا، ئىككى ئايروپىلاننىڭ ماسلىشىشى بىلەن يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ ئۇرۇش بەكمۇ شىددەتلىك بولدى.

زەمبىرەكلەردىن، مىناميوتلاردىن ئېتىلغان توپلار گۈمبۈرلەپ، گىرانات ـ بومبىلار پارتلاپ يول ئاسرىغۇچىلارنىڭ يول ياقىسىغا سېلىنغان ئۆيلىرى گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. قارىغاي ـ ئارچىلار يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ ئاسمانغا ئۇچتى. توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان توپلار كۈچىدىن يەرلەر سىلكىنىپ، ئېغىر تاغلار تىترەپ، كىشىلەرگە يەر تەۋرەۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرمەكتە ئىدى. ئېگىز تاغلىق، تىك قىيالىق بۇ يەر گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ھېچبىر سىغىشمىدى، ئاتقان توپلىرى مۆلچەرلىگەن يەرگە چۈشەلمىدى، ئايروپىلانلارمۇ نىشانلانغان توچكىلارنى بومباردىمان قىلالمىدى، بىرونېۋىك ـ تانكىلار يول تېپىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. كۈچەيتىلگەن بىر پولك ئەسكەر تاغ قاپتاللىرىغا تېرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتتىق سوغۇق ھەرىدەك چېقىپ، ئەسكەرلەر قوللىرىنى تۈزۈك ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمىدى. يوغان ـ يوغان تاشلارنىڭ دالدىسىدىن، ئادەمنى يوشۇرغۇدەك زور قارىغايلارنىڭ كەينىدىن، ئارچىلارنىڭ ئارىسىدىن پارتىزانلار ئاتقان ئوقتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى موللاق ئاتماقتا ئىدى. قىزىق يېرى شۇكى، ئەگەر گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىلىپ، بېشىڭنى كۆتۈرمەي، ئون مىنۇت قىمىر قىلماي يات دېسە، ئۇلار سوغۇقتا چىدىماي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى ياكى ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ پۇت ـ قوللىرىنى ئىسسىتىشقا تىرىشاتتى، ئالقانلىرىنى ھېلىدىن ـ ھېلى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلەپ ھوردايتتى. بۇلار پارتىزانلارنىڭ نىشان

تورىغا ئاسان چۈشەتتى ـ دە، ئىككى ـ ئۈچ سېكۇنت ئىچىدىلا جانسىز گەۋدىگە ئايلىنىپ قالاتتى. سوغۇق كۆچەيمەكتە، شۇۋىرغان ئەدىمەكتە. پارتىزانلار چاقماق تېزلىكىدە يۆتكىلىپ گومىنداڭ قوشۇنىغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە. دېمەك، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بېشىغا ئەجەل سايىسى چۈشۈۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، كەڭساي داۋىنىدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ھەيۋىسى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، مەغلۇبىيىتىمۇ شۇنچە تېز بولدى. پولك كوماندىرىنىڭ شىرىن چۈشى يوقىتا چىقىپ، يىگىرمە نەچچە ئادىمى بىلەن بىرىنچى بولۇپ چېكىندى.

ئاچال، كۆكەرچىن، كۆكچوققا ئۇرۇشلىرىچۇ؟ تەلكە داۋىنىدىكى ئۇرۇشتا گومىنداڭنىڭ كۈچەيتىلگەن بىر پولك ئەسكىرى ئىككى ئايروپىلان، بىرنەچچە بىرونېۋىك ـ تانكا بىلەن پارتىزانلارنى يوقىتىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ سۈيدۈڭ، كۇرەدىكى قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ غۇلجىغا غەربتىن بېسىپ كىرمەكچى. ئاچال تەرەپتە بولسا ئاچال، كۆكەرچىن، كۆكچوققىدىن ئۆتۈپ، توغراسۇ، چاپقانيوتا، پەنجىمبۇلاق، پەنجىملەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھەرەمباغ گازارمىسى، لەڭشاڭ بۇتخانىسى ۋە ئايروپىلان ئىستانسىسىدىكى قوشۇنلار بىلەن بىرلىشىپ غۇلجىنى ئىشغال قىلماقچىدى. شۇڭا، بىر بىرىگادا ئەسكەر ئاچال ئارقىلىق غۇلجىغا بېسىپ كىرمەكچى بولۇپ، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا جىڭدىن يولغا چىققان. ئۇلار بۇ ئىككى كۈندە ئاچال، كۆكەرچىن، كۆكچوققا داۋانلىرىنىڭ ئاستىغا كەلدى. ئۇلار ئاچالدىن ئۆتۈپ سايغا كىرگەندە قارشىلىقتا ئۇچرىشىنى ھېچ ئويلىمايتتى، شۇنچىلىك خاتىرجەم، ئەركىن ـ ئازادە ئىدى. ساينىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئورۇنلاشقان پارتىزانلار بىر مېتىر، بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە ئىستىھكاملارنى ياساپ، ئۇنىڭغا شاخ ـ شۇمبىلارنى بېكىتىپ، ئۈستىگە قارلارنى چېچىپ تەبىئىي چاتقاللىقتەك ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويغانىدى. قاپتاللار ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. قارىغايلىقلار

ئارىسىدا توپ - توپ بولۇپ يۈرگەن، تۇرقىدىن سەزگۈرلۈكى ھەم چاققان - چەبدەسلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان كېيىكلەرنى چېلىقتۇرغىلى بولاتتى. قەيەردىدۇر بىر يەرلەردە كەكلىك، قىرغاۋۇللارنىڭ ئۈنلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ بۇ يىلقى قېلىن قاردا ئاچ قالغان بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ، ئادەمدە قورقۇنچلۇق تۇيغۇلارنى ئويغىتاتتى. ساي - سايلاردا تاشتىن - تاشقا سەكرىشىپ ئېقىۋاتقان ئويناق، شوخ سۇلار قىرغاقلاردىكى مۇز پارچىلىرىنى يالاپ پارقىرىتىپ قويغانىدى. ساي سۇلىرىدىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈپ، بىردەمدىلا غايىب بولاتتى. قويۇق قارىغايلىق قاپتاللاردىكى ئۆزگىچە خاس گۈزەللىك قىش مەنزىرىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى داۋانلاردىن تىپتىنچلا ئۆتتى، ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىغاندىن كېيىن قەدەملىرىنى تېزلەتتى. سايىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى پارتىزانلار ئۇزۇن ئارىلىققا يېيىلىپ جەڭگە ئاتلىنىشقا تەييار تۇراتتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پارتىزانلارنىڭ ئالدىدىن ئۈچ - تۆت يۈز مېتىردەك ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، چۈشتىن ئاۋۋالقى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مەرگەنلەرنىڭ ئاۋۋال كوماندىرلارنى چەنلىشى بىلەن ئۇرۇش باشلاندى. ئۇزۇن ئارىلىقتا دۈشمەننىڭ ئىزۋوت، روتا، باتالىيون كوماندىرلىرى كەينى - كەينىدىن يىقىلدى. پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ، ھەممىسى دالدىلىق يەرلەرگە يۈگۈردى. مانا شۇ چاغدىلا پارتىزانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمى باشلىنىپ، ھەر خىل قوراللار بەس - بەستە سايراشقا ئۆتتى. ئۈچ - تۆت مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا پەستىن ئېگىزگە، ئېگىزدىن پەسكە ھۇجۇم شەكىللەندى. پارتىزانلار ئەمدى پىلان بويىچە ئىككىنچى تۈرلۈك بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئۆتۈپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مىناميوت، پىلىموتچىلىرى نىشانغا ئېلىندى. مەرگەنلەرمۇ ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئاتماقتا ئىدى. قەيەردە قارشىلىق

كۆچلۈك بولسا، شۇ يەرگە كۆپرەك ئوق ياغدۇرۇلاتتى. قوماچ قورۇغاندەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاۋازلاردىن ئۈركۈگەن ياۋايى ھايۋانلار نە - نەلەرگە بېرىپ، قۇلاقلىرىنى شىڭشايتىپ ئېتىشش يۈز بېرىۋاتقان سايغا ئەنسىز قارىشاتتى. پارتىزانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇش باشلانغاندا كەينىگە يانماي ئۇزاپ، تاغدىن چىقىپ كەڭرى تۈزلەڭلىككە كەلگەندە، پەنجىم، تۇرپانيۈزى خەلقلىرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ، ئۇر - ئۇرغا قالغان چاشقاندەك ھالغا قالدى. ئاچالغا كەلگەن پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى بىر گۇرۇپپا ئادەمنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ، قالغان پارتىزانلارنى باشلاپ شەھەرگە قايتتى. چۈنكى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھايات قالغانلىرى چېكىنىپ جىڭغا قاراپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي چاپماقتا ئىدى. ئۇرۇشنى ھېچكىم ئۆز كۆڭلىدىكىدەك ياسىۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇرۇشتا ئويلىمىغان ئىشلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ھەرەمباغ گازارمىسىدىن يوپۇرۇلۇپ چىققان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بوي بەرمەي شاھاجىنىڭ بېغىدىن ئۆتۈپ، قىزىلكۆۋرۈككىچە كەلگەنىدى. شۇ يەردىكى رۇس باشلانغۇچ مەكتىپىگە يوشۇرۇنۇپ، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان پارتىزانلار تۇيۇقسىز چىقىپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالدى ۋە قول بومبىسى تاشلاپ، ئاپتومات، مىلتىقلاردىن ئوق ئۈزۈپ، ئۇلارنى چېكىندۈردى. ياردەمگە كېلىدىغان گومىنداڭ قوشۇنىدىن ھېچبىر خەۋەر بولمىغاندىن كېيىن، قىزىلكۆۋرۈككىچە كەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بېرىلىۋاتقان زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قەدەممۇقەدەم چېكىنىشكە باشلىدى. پارتىزانلارنىڭ بىر قىسمى گومىنداڭچىلار بىلەن ئون - ئون بەش مېتىر ئارىلىقتا تۇرۇپ ئېتىشماقتا ئىدى. مۇشۇ ئۇرۇش مەيدانىدىمۇ رىزۋانگۈل پەيدا بولدى. ئوقلار ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ تۇرسىمۇ، ھەربىر تال ئوق

ئەجەل ئەكېلىۋاتسىمۇ، ئۇ پىسەنت قىلمايتتى. ئەسلىدە سانتاركىلار بىرەر جەڭچىگە ئوق تەگسە، دەرھال شۇ مەيداندا پەيدا بولۇپ، ياردارنى ئۇرۇش مەيدانىدىن ئاچىقىپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلاتتى. ئەمما، رىزۋانگۈل ئۇنداق قىلمايتتى، ئۇرۇش مەيدانىدا ھەم سانتاركا، ھەم جەڭچى ئىدى. پارتىزانلاردىن ياردار چىقمىسا، يېنىدىكى قورال بىلەن جەڭگە كىرەتتى، ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. ئەگەر ياردار بولسا دەرھال ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلىناتتى. بىر پىلىموتچى پارتىزان دۈشمەنلەرنى راسا ئوققا تۇتۇۋاتقاندا، يان تەرەپتىن كەلگەن ئوق ئۇنى يىقىتىۋەتتى. بۇنى بايقىغان رىزۋانگۈل دەرھال پىلىموتنى قولىغا ئېلىپ ئورنىنى يۆتكەپ، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى ئوققا تۇتتى. مەيلى پىلىموتچى بولسۇن، مەيلى ئاپتوماتچى بولسۇن، ئۇ سەپتىن چىقسا، رىزۋانگۈل ئۇنىڭ قولىدىكى قورالنى بىمالال ئىشلىتەلەيتتى. مانا ھازىر قىزىلكۆۋرۈكتىكى جەڭدە ئۇ ھەم جەڭچى، ھەم سانتاركا، ھەم جەڭچىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتكۈچى ئىدى. قايناق جەڭگاھتىكى پارتىزانلارغا ئۇ يېنىچە يېتىۋېلىپ بۇيرۇق بەرمەكتە ئىدى. تىزلىنىپ ئاپتومات ئېتىۋاتقان جەڭچىنى نېرىدىن نىشانغا ئالغان گومىنداڭچىنى كۆرۈپ قالغان رىزۋانگۈل ئاپتوماتچى پارتىزانغا: «يېتىۋېلىڭ، بېشىڭىزنى كۆتۈرمەڭ!» دەپ ۋارقىرىدى. يەنە بىر پارتىزان يېنىدىن گىراناتنى ئېلىپ ئاتماقچى بولۇۋاتقاندا، بىر گومىنداڭچى ئۇنى مىلتىقى بىلەن نىشانغا ئالدى. رىزۋانگۈل دەرھال پارتىزانغا بۇيرۇق بەردى: «ئىككى دومىلاڭ، ئاندىن ئوڭ تەرەپكە قاراڭ!» ئۇ پارتىزانلارغا: «ئارقىڭىزغا بۇرۇلۇپ ئىتتىك ئۇرۇڭ»، «سول يېنىڭىزدىكى ئازگالغا چۈشۈۋېلىپ، قىيپاش ئۇدۇلىڭىزغا گىرانات تاشلاڭ!»... دەپ ۋارقىراپ پارتىزانلار بايقىمىغان، كۆرمەي قالغان، دىققەت قىلمىغان تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆلارنىڭ ھاياتىنى ئۆلۈمدىن، خېيىم - خەتەردىن نېرى قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلارنىڭ جەڭ غەلىبىسىگە بولغان

ئىشەنچىنى ساقلاپ قالاتتى.

ئۈرۈش بىردىنلا پەسلەپ قالدى. چۈنكى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاستا ـ ئاستا چېكىنمەكتە ئىدى. قۇلاقچىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويغان قاشلىق پارتىزان پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ يېنىدىكى ئاق سېرىق پارتىزانغا دېدى:

— يائاللا، رىزۋانگۇل ماڭا بۇيرۇق بەرمىگەن بولسا، بۇ چاغقىچە جانسىز گەۋدىگە ئايلىنىپ قالاتتىم جۇمۇ.

— مەنچۇ، — دېدى يەنە بىرىمۇ، — ئىككى دوملاپ، ئوڭ تەرەپكە قارىمىغان بولسام شېھىت بولۇپ كېتەر ئىكەنمەن، ئىككى دوملاپ، ئوڭ تەرەپكە قارىسام، مېنى چەنلەۋاتقان گومىنداڭچى تەمتىرەپ قاپتۇ، دەررۇ ئېتىۋەتتىم. «ئىككى دوملاڭ» دېگىنى ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى ئەمەسمۇ.

— ئەسلىدە بىزگە ئەترەت باشلىقى بولىدىغان ئادەم ئاشۇ قىز ئىكەن جۇمۇ.

— مۇنۇ قىز ياربدارلارغىلا كۆيۈنۈپ قالماي، ھەممىمىزگە ئوخشاشلا كۆيۈنىدىكەن.

ھەرەمباغ گازارمىسى، لەڭشاڭ بۇتخانىسى، ئايروپىلان ئىستانسىسىدىكى دۈشمەنلەر بىرلا ۋاقىتتا قامالنى بۆزۈپ چىققانىدى، يەنە بىرلا ۋاقىتتا ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ، چېكىنىپ ئۈۋىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈۋىسىغا كىرىپ كېتىشىگە تەلكە ۋە ئاچال، كۆكەرچىن داۋانلىرىدىكى مەغلۇبىيەتلىرى سەۋەب بولدى. پارتىزانلار ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپ ئۈۋىسىغا كىرگۈزۈۋېتىپ، بۆرۈنقى ئىستېھكاملىرىغا ئورۇنلاشتى. ئۇرۇش بۆرۈنقىدەك تىركىشىش باسقۇچىغا كىردى، ئەمما پارتىزانلار ھۇجۇملىرىنى توختاتمىدى.

ئەمدى دۈشمەنلەرنىڭ ئوق ئۆزۈشلىرى پەسلەپ، پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئوق ـ دورىلىرىنى

ئاياۋاتقانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئاسمانغا تولا قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئايروپىلان كۆرۈنسە خۇشال بولىدىغان، كۆرۈنمىسە چۈشكۈنلىشىپ غودۇڭشىيدىغان بولۇۋالدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، شەھەر ئىچىدىكى ھېلىقى ئۈچ ئورۇنغا جايلاشقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆنى ئايروپىلاندىن تاشلاپ بېرىدىغان ئوق ـ دورا، يېمەك ـ ئىچمەككە قاراشلىق بولۇپ قالغانىدى.

*　　　*　　　*

قىزىلكۆرۈك ئەتراپىدا نۇرغۇن ئۆلۈكلەر قالدى. پارتىزانلار ئۆز ئىستىھكاملىرىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئاشۇ ئۆلۈكلەر توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدى.

— پارتىزانلارنىڭ قۇربان بولغانلىرىنىمۇ گوسپىتالغا ئاپىرىدۇ، — دېدى بىر پارتىزان، — گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ نۇرغۇن ئۆلۈكلىرى شۇ يەردە قالدى، ئۇلارنى قانداق قىلار؟

— قانداق قىلسا قىلامدۇ، ئۇ ئۆلۈكلەرنى ئىت يەيدۇ، — دېدى يەنە بىر پارتىزان يىگىت، — ئىتلارنىڭ رىزقى ـ دە، ئۇلار.

— ئۇنداق دېسەك بولمايدۇ. پارتىزانلارنىڭ شەنىگە داغ چۈشىدىغان گەپلەرنى قىلماسلىقىمىز كېرەك، — ئەترەت باشلىقىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، — ئەسىرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۆلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى قانداق كۆمۈش توغرىسىدا بەلگىلىمە بار.

— قانداق بەلگىلىمە ئىكەن ئۇ؟

— ئەسىرلەرنى جىسمانىي جەھەتتىن خورلىماسلىق، ئۇرماسلىق، روھىي جەھەتتىن زەربە بەرمەسلىك، ھاقارەت قىلماسلىق، سوراقتا تارتماسلىق، ئۆلۈكلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆز ئادىتى بويىچە كۆمۈش... دېگەندەك.

— بىزنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىگەن، بىگۇناھ ئادەملەرنى

ئۆلتۈرگەنلەرگە ئەجەب شەپقەت قىلىدىغان بەلگىلىمە ئىكەن ئۇ. مېنىڭ ئاكام سەھرادىن سۈت - قايماق ئەكىرىپ ساتاتتى. ئىنقىلاب باشلىنىشتىن بىرەر ئاي بۇرۇنمىكىن، چوڭكۆۋرۈكتە سۈت - قايماقلىرىنى سېتىپ ئولتۇرسا، بىر ئۇچقۇچى كېلىپ بەش چىنە قايماق ئاپتۇ - دە، چىنىسى بىلەنلا خادىكقا سېلىپ مېڭىپتۇ. ئاكام قايماقنىڭ پۇلىنى بېرىڭ دەپ ئالدىغا بارسا، «ماڭ، يوقال!» دەپ تىللاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا كۆك چاپان - ئىشتان كىيگەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمىگە ئوخشايدىغان بىرى ئۇچقۇچىغا يان بېسىپ، ئاكامغا: «بولدى قىل، بۇلار بىزنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزنى قوغدايدىغانلار. ئۈچ - تۆت چىنە قايمىقىڭنىڭ پۇلىنى ئالمىغانغا ئۆلەتتىڭمۇ؟!» دەپ نەسىھەت قىپتۇ. ئاكام: «مۇشۇ سۈت - قايماقلارنى سېتىپ قېرى ئاتا - ئانامنى بېقىۋاتىمەن، پۇلنى بەرمىسىڭىز زادى بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇچقۇچى ئاكامنىڭ كاچىتىغا بىرنەچچىنى ساپتۇ. ئاكام نېمانداق زورلۇق قىلىدۇ ماۋۇ، سەن ئۇرۇشنى بىلمەيدىكەنسەن، دەپ ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇچقۇچىغا بىر كاللا قويغانىكەن، ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كېتىپتۇ. ئەتراپقا ئولاشقان ئادەملەر ئاكامغا: «قاچ، بولمىسا ئېتىۋېتىدۇ» دەپتۇ. ئاكام سېۋەتلەرنى كۆتۈرۈپ قاچقانىكەن، ئۇچقۇچى يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئىككى - ئۈچ پاي ئوق ئېتىپتۇ. ئاكام يىقىلىپتۇ. ئۇچقۇچى ئالدىرىماي ئاغزى - بۇرنىنى سۈرتۈپ، ئاكامنى بىرمۇنچە تىللاپ، خاتىرجەم ھالدا خادىكقا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاكامنىڭ يانپىشىغا بىر پاي، بىقىنىغا بىر پاي ئوق تەگكەنىكەن. ئاكامنى كىشىلەر زەمبىلگە سېلىپ ئۆيگە ئەكەلدى. ئاكام ئىككى كۈن يېتىپ، ئاخىر قازا قىلدى. ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ساقچى ئىدارىسىگە بارساق، ئىدارە باشلىقى: «ئۇچقۇچىلارغا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ. ھۆكۈمەتكە بېرىڭلار» دېدى. ھۆكۈمەتكە بارساق، «قوماندانلىق ئىشتابىغا بېرىڭلار» دەپ يولغا سالدى. قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدىكەن. ئاخىر

زىياننى بىز تارتىپ، ئاكامدىن ئايرىلىپ قالدۇق. كەمبەغەللەر ئۇچۇن ياقا يىرتىدىغان سوراقچى تېپىلمىدى. ئىنقىلاب باشلىنىپ ئەتىسى دادام مېنى يېتىلەپ پارتىزانلار ئىشتابىغا كېلىپ، ئاكاڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئال، دەپ پىدائىيلىققا تىزىملاتتى: شۇنىڭدىن بېرى ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتىمەن. بۇ خۇمسىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، بىزنى ھاقارەتلىگەن، تەڭ كۆرمىگەن، ئۆلتۈرگەنلەرگە يەنە شەپقەت قىلامدۇق، نېمە ئۇ خورلىماسلىق، روھىي زەربە بەرمەسلىك دېگەنلەر ! ھەممىسىنىڭ جاجىسىنى بېرىپ قويۇش كېرەك، جاجىسىنى بېرىمىز دەپ ئىنقىلاب قىلدۇق. شۇنداق ئەمەسمۇ ئاغىنىلەر؟

ھەممىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ شۈككىدە ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ھاي، ھاي، بۇ سۆزلىرىڭ توغرا بولمىدى، ئۇكا، — دېدى ئەترەت باشلىقى ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، ئۇ قولىغا قورال ئالغانلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىپ قويمىسا، ئىنقىلابتا ئېغىش ۋە زور خاتالىق يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، — بىزنى تەڭ كۆرمىگەن، ھاقارەتلىگەن، ئۆلتۈرگەنلەر كەڭ خەنزۇ خەلقى ئەمەس، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن خەنزۇ ئاممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىسەك توغرا بولمايدۇ. رەھبىرىمىز ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئېنىق قىلىپ: «بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابى. خەنزۇ خەلقىنىڭ ھەممىسى گومىنداڭ ئەمەس، سەن ئېيتىۋاتقان خۇمسىلارمۇ ئەمەس. خەنزۇ ئەمگەكچىلىرىمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش گومىنداڭنىڭ زۇلمىنى تارتقان، ئېزىلگەن، پۈتۈن خەلقىمىز بۇ تەرىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى، ئىتتىپاقلىشىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جەڭگە ئاتلىنىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. سەپداشلار، بىزنىڭ نىشانىمىز ئېنىق بولۇشى كېرەك !

كۆزىنى يۇمۇپ ياتقان رىزۋانگۈلنى باشقىلار: «بۇ قىز بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتى، شۇ تاپتا ئۇ ئۇخلاۋاتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ئۇ ئۇخلىمىغانىكەن، ئەترەت باشلىقىنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى:

— ئەترەت باشلىقى قالتىس توغرا گەپ قىلدى، — دېدى ھەم ئۇنىڭ پاللىدە ئېچىلغان قوي كۆزلىرى جىددىي تۈس ئالدى، — ئەترەت باشلىقىنىڭ سۆزىنى مەن ئىسپاتلاپ بېرەي: مەن ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا خەنزۇ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارمۇ شىڭ شىسەي ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىگە قارشى ئىدى. مېنىڭ بىللە توپ ئوينايدىغان بىرنەچچە خەنزۇ دوستۇم بار ئىدى. ئۇ قىزلار ئادەتتە شىڭ شىسەينى ماختاپ قويۇپ، ئۆزئارا پىچىرلىشىپ سۆزلەشكەندە بولسا ئۇنى تازا قارغايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈرمىگە ئېلىنغانلار، تۇتقۇن قىلىنغانلار ئۇلاردىن كۆپرەك بولدى. بىر كۈنى بىزنىڭ مەكتەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن ھەر خىل كىتابلار قاتارىدا فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا كىتابلىرىنىمۇ يىغىپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. مەن: «بۇ فىزىكا، خىمىيە كىتابلىرىدا سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم دېگەن گەپلەر بولمىسا، بۇلارنى كۆيدۈرۈۋەتسەڭلار، بىز نېمە ئوقۇيمىز؟» دېگەنىدىم، يەنە بىر قېتىم ئاشخانىدا ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتقاندا: «قوزغال، قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار» (پىدائىيلار مارشى) دەپ ناخشا ئېيتىپتىمەن. شۇ كۈنى بىزنىڭ مەكتەپنىڭ جاڭ دېگەن تەرتىپ مۇدىرى مېنى چاقىرتىپتۇ. «ھە، ئادەم ئوغرىلىرىنىڭ بۈگۈن ماڭا چولىسى تېگىپتۇ ـ دە» دەپ قىياس قىلدىم. شۇ چاغدا بىر ياتاقتا ياتقان دوستلىرىممۇ، ئۆزۈممۇ مېنى قولغا ئالىدىكەن ـ دە، دەپ ئويلىغان. بىراق، جاڭ مۇدىر مەن بىلەن سۆھبەتلىشىپ: «سىز ھازىر خەتەر ئۈستىدە، سىزنى پايلاپ يۈرگەن ئادەم بار، ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇپ يۈرۈڭ» دەپ چىقىرىۋەتتى. كېيىن ئۇقسام، جاڭ مۇدىرنىڭ ئۆزىمۇ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ

سىياسىتىگە قارشى ئادەم ئىكەن. ئۇنى قولغا ئېلىپ، تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بىزدەك ئۇيغۇرلارنىمۇ خەنزۇلار قوغلاپ قالغان. مۇنداق مىسالار كۆپ. بۇلارنىمۇ خۇمىسلار دېسەك بولامدۇ؟ سەپداشلار، ئەترەت باشلىقىنىڭ سۆزلىرى توغرا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن خەنزۇ خەلقىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتسەك بولمايدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، خەنزۇ خەلقى بىزنىڭ دوستىمىز، ئىتتىپاقچىمىز.

رىزۋانگۈلنىڭ بۇ گېپى بۇ يەردە بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ خۇلاسىسىدەك ھەممە تالاش ـ تارتىشلارنى بېسىپ چۈشتى.

# 21

رىزۋانگۈل چوڭ ئەترەتنىڭ سېستراسى ھەم سېستىرالار باشلىقى بولغاچقا، نۇرغۇن ۋاقتى جەڭدە ئۆتتى. چوڭ ئەترەتكە قاراشلىق شۆبە ئەترەتلەر نۆۋەتلىشىپ ھۇجۇمغا چىقاتتى. شۆبە ئەترەتتىكىلەر دەم ئالغاندا، رىزۋانگۈلمۇ بەزىدە ئارام ئالاتتى. بۈگۈنكى دەم ئېلىشتا ئۇ ئەرلەر ياتىقىغا كىرىپ قورال ئىشلىتىشنى، بولۇپمۇ ھەرخىل پىلىموتلارنى ئېتىشنى، چۇۋۇپ ـ قۇراشتۇرۇشنى قايتا ـ قايتا مەشىق قىلماقتا ئىدى. ياتاقتا بەزىلەر قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، نوقۇسىمۇ ئويغانمايتتى. «پاھ، مۇنۇ ئاداش دۈشمەن تويۇقسىز باستۇرۇپ كەلسە، تىرىك قولغا چۈشۈپ قالىدىكەن ـ دە» دەيتتى بەزىلەر. يەنە بەزىلەر يانپاشلىنىپ ياتقان ھالدا نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتاتتى. يەنە بەزىلەر ئۆزئارا پاراڭغا چۈشكەنىدى. شۇ ئارىلىقتا ياتاققا چىرايى تۇرۇلۇپ كەتكەن شۆبە ئەترەت باشلىقى كىردى ـ دە، دېدى:

— سەپداشلار، خۇش خەۋەر!

پارتىزانلار سەگەكلىشىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى.

— بورتالا، ئارشاڭ ناھىيەلىرى ئازاد بوپتۇ.

— ھۇررا، ھۇررا ! — دېيىشتى پارتىزانلار قىن - قىنىغا پاتماي.

— كىمنىڭ قوشۇنى ئازاد قىپتۇ؟ — دېدى پارتىزانلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— غېنى باتۇرنىڭ قوشۇنى !

— غېنى باتۇرنى كۆرمىدىم، بىراق جەڭگىۋار ئىشلىرىنى، ئۇ ھەقتىكى رىۋايەت - چۆچەكلەرنى كۆپ ئاڭلىدىم. شۇ باتۇرنى بىر كۆرگۇم بار ئىدى.

— ئۆزى زور ئادەم بولغىنى بىلەن، — دېدى پارتىزانلاردىن يەنە بىرى، — ناھايىتى چاققان، چەبدەس ئىكەن.

— شۇنداق، — دېدى يەنە بىر پارتىزان، — باش ساقچىخانىنى ئالالماي نۇرغۇن قۇربان بېرىلگەندە، ئۇ كېلىپ قېلىپ: «ھەي ئۆلۈمتۈكلەر، سادىر پالۋان سېپىلنى قانداق تەشكەن، دورىنى قانداق كۆمگەن، شۇنىمۇ بىلىشمىدىڭما؟! ئۆتۈش ماياققا !» دەپ باش ساقچىخانىنىڭ سېپىلدەك قېلىن ھەم ئېگىز ئارقا تېمىنىڭ تۈۋىگە ئۇچقاندەك بېرىپ، ئۆزى يالغۇز تامنىڭ ئاستىنى كولاپ دورا قويۇپ، ئوت يېقىپتۇ. تام گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەندە، ئېچىلغان يوچۇقتىن باش ساقچىخانىنىڭ ئىچىگە پارتىزانلار بىر ياقتىن ھۇررا تۈۋلاپ، بىر ياقتىن ئوق ئۈزۈپ بېسىپ كىرىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئاچقان تۆشۈك باش ساقچىخانىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغانىكەن.

— غېنى باتۇر دېگەن خۇدانىڭ نەزىرى چۈشكەن، نۇسرەتكە مۇيەسسەر ئادەم ئىكەن. ھەرقانداق يەرگە ھۇجۇم قىلسىلا، سۆزسىز شۇ يەرنى ئالالايدىكەن، — دېدى يەنە بىر پارتىزانمۇ ئېتىخارلىنىپ، — خۇدانىڭ ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلغىنىمۇ راست. ئۇ ئىلگىرى بايلارنىڭ ماللىرىنى ئوغرىلاپ كېلىپ، كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرەتتىكەن. خۇدا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا

نۇسرەت بەرگەن ـ دە.

يەنە بىر پارتىزان سۆز ئالدى:

— ئۇ جەڭگە كىرسە ئوق تەگمەيدىكەن، ئوق تەگكەن تەقدىردىمۇ چاپىنىدىن ئۆتەلمەي، تورۇكلاپ يەرگە چۈشۈپ كېتىدىكەن. ئەگەر دۈشمەنلەر ئۇنى كۆرۈپ قالسا، قورققىنىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىۋېتىدىكەن ياكى قوراللىرىنى ئىشلىتەلمەي قالىدىكەن.

— بەك كۆپتۈرمە گەپلەر ئىكەن بۇ، ئۇنداقمۇ بولامدۇ، ئەقىلگە سىغمايدىغان گەپلەرغۇ ئۇ، — دېدى **بىرى** يېنىچە ياتقىنىچە.

— بىر ئادەم باتۇر، قەھرىمان بولسا، — دېدى رىزۋانگۈل گەپكە ئارىلىشىپ، — ئۇ توغرۇلۇق كۆپتۈرمە گەپلەرنىڭ چىقىشى تەبىئىي، چۈنكى ئۇنىڭ باتۇرلۇقى كۆپتۈرمە گەپلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرەلەيدۇ ھەم كىشىلەر ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشىنى تىلەيدۇ. سىلەرگە ئىككى مىسال ئېيتىپ بېرەي: ئىلقىدا ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەر پەيدا بوپتۇ، ئۇلار ناھىيەنى تارتىۋاپتۇ، تېخى ئۇلار غۇلجا شەھىرىگىمۇ كىرىپتۇ، دېگەن گەپلەر چىققان چاغلاردا، بىر كۈنى يېرىم كېچىدە غېنى باتۇر بىر سەپدىشى بىلەن ئاتلىق كېلىپ، قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئالدىدا پوستتا تۇرغان ئىككى ئەسكەرنى ئېتىۋېتىپ، قوراللىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ يالغان ئەمەس، راست، ئۇلار ئاتلىق كېلىۋاتقاندا، نېمىشقا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى ئاتالمىدى؟ چۈنكى، دۈشمەن ئەسكەرلىرى قورقۇپ كەتتى، ھودۇقۇپ تەمتىرەپ قالدى، ئالاقزەدىلىكتە قوراللىرىنى تەڭلەپ بولغۇچە ئېتىۋېتىلدى. بىزنىڭ تىلىمىز بويىچە ئېيتساق، ئۇلار سامسا يېدى. مانا شۇنىڭدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ غېنى باتۇرغا ئوق تەگمەيدىكەن، ئوق تەگسە تورۇكلاپ يەرگە چۈشۈپ كېتىدىكەن دېگەن گەپلەرنىڭ چىقىشى تەبىئىي ئەمەسمۇ؟ يەنە بىرى، شۇ مەزگىللەردە قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىرى

بولغان پاتىخ مۇسلىموف تاغلاردا ئىنقىلابچىلارنى تەشكىللەپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى توپادەك ساقچىخانىسى سولىۋېلىپ: «ئېرىڭنى تېپىپ بەر، ئېرىڭ ھازىر قەيەردە؟» دەپ سوئال - سوراققا ئالدى. مۇشۇ جىددىي پەيتتە غېنى باتۇر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، كېچىدە بىرەيلەن بىلەن توپادەك ساقچىخانىسىغا كېلىپ، بىرنەچچە دىجورنى ساقچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، پاتىخنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى ئامان - ئېسەن قۇتقۇزۇپ كەتتى. بۇمۇ بولغان ئىش. بۇ ئىشلارنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. مانا مۇشۇ ئىشلارغا قاراپ بايىقىدەك كۆپتۈرمە گەپلەر پەيدا بولىدۇ. كىشىلەرمۇ ئۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاۋامنىڭ غېنى باتۇردەك جاسارەتلىك قەھرىمانلارغا بولغان ئەقىدە - ئىخلاسىنىڭ، شۇنداقلا زۇلۇمغا قارشى ئەنە شۇنداق باتۇرلارچە كۈرەش قىلىش ئارزۇ - ئىستىكىنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا، ئۇنداق گەپلەرنى كۆپتۈرمە دېمەي قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك، قانداق دېدىم، كوماندىر؟

— توغرا دېدىڭىز، ئارىمىزدىن مۇشۇنداق باتۇرلار كۆپرەك چىقسا، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم يوقالسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! — دېدى ئەترەت باشلىقى رىزۋانگۈلنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر بولايلى، ئايال بولايلى، قولىمىزغا قورال ئېلىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلساق، ھامان بىر كۈنى زۇلۇم ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئازادلىققا ئېرىشەلەيمىز... خوش، گەپمۇ تۈگەپ قالغاندۇ، ئوبدانراق دەم ئېلىڭلار. ئەتە ئۇرۇشقا چىقىمىز.

ئەترەت باشلىقى ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پارىڭى يەنە باشلاندى. پارتىزانلار ياتاقتا دەم ئېلىپ ياتقان كۈنلىرى، ئۇرۇش قىلماي گۈلخان يېقىپ ئولتۇرغان چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىپ بۇ سەپكە قاتنىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالاتتى. بۈگۈن بورتالانىڭ ئازاد بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەچكە، پارتىزانلار بورتالالىق

سەمەتنى ئارىغا ئالدى.
— توختى بوۋى نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ، ئاداش؟ قېنى سۆزلىگىنە، — دېدى گەپ خۇمار بىرى، — باشتىن سۆزلە.
— گەپلىرىڭ ئىچىڭدە سېسىپ كەتمىسۇن، دەۋەتسەڭ ئىچىڭ بوشاپ، يېنىكلەپ قالىسەن.
— ئەمىسە كەلگەن يېرىمدىن باشلاپ سۆزلەي، — دېدى سەمەت.
— ياق، بىز ئاڭلىمىغان ئىشلارنى بېخىللىق قىلماي سۆزلە.
ئەھۋالدىن قارىغاندا، سەمەتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر بۇرۇن ئانچە - مۇنچە سۆزلەنگەن چېغى، ئۇنى ئاڭلىغانلارمۇ ئىككىلا ئادەم ئىكەن. باياتىن گەپكە ئارىلاشمىغان رىزۋانگۇل قولىدىكى پىلموتنى قويۇپ سەمەتكە مەدەت بەردى:
— مەنمۇ بۇرۇن باشقىلاردىن ئازراق ئاڭلىغان، تولۇقىنى ئاڭلايلى، قېنى سۆزلەڭە، سىزگە ئەقىل كۆرسىتىمىز، «كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ» دېگەن گەپ بار.
— سۆزلىسەم سۆزلەي، — دېدى سەمەت باشقىلارنىڭ سۆزىنى ماقۇل تېپىپ، — ماڭا ئەقىل كۆرسەتسەڭلار بولىدى ئەمەسمۇ. مەن ئىنتايىن نامرات بىر ئائىلىنىڭ بالىسى ئىدىم. ئون تۆت ياشقا كىرگەن چېغىمدا ئاتا - ئانام قارا كېزىك بىلەن كەينى - كەينىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، يالغۇز موماملىنىڭ ئالدىدا قالدىم. موماملىنىڭ يېرىمى شاپتۇللۇق، يېرىمى ئالمىلىق بىر بېغى بار ئىدى. موماملىم ئىككىمىزنىڭ كۈنى مېۋىلەرنى سېتىش بىلەن ئۆتەتتى. يازلىقى شاپتۇللارنى سېتىپ، قىشلىقى ئامبارغا ئەكىرىۋالغان ئالمىلارنى سېتىپ، تۇرمۇشىمىزنى قامدايتتۇق. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، مەن ئون ئالتە ياشقا كىرىپ قالدىم.
بىر كۈنى موماملىم مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ:
— بالام، بوۋاڭ رەھمەتلىك ئەھيا قىلىپ قويغان باغ بىلەن تۇرمۇشىمىزنى قامداپ كېلىۋاتاتتۇق. كۆزۈڭ كۆردى، شاپتۇل دېگەن چاپسان مېۋىگە كىرىدىغان، بىراق تېزلا قۇرۇپ كېتىدىغان دەرەخ ئىكەن، ئۇلار قۇرۇپ كەتتى. سېنى بىرىگە مەدىكارلىققا

بىرەي دەيمەن، ئەر بولۇپ قالدىڭ، ئۆز كۇنۇڭنى ئۆزۈڭ ئىلىپ، ماڭمۇ ئانچە ـ مۇنچە قارايدىغان ھالغا كەلدىڭ. قانداق دەيسەن، بالام؟ شۇنداق قىلماي بولمىدى. مىنىڭ يالغۇزلۇقۇمدا ئالدىمدا تۇرساڭغۇ ياخشى بولاتتى، بىراق بۇنىڭغا ئىلاجىم يوق ... — دىدى چىن دىلى بىلەن. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ:

— ماقۇل، موما، ساڭا ئىغىرىمنى سىلىڭۋەرسەم قانداق بولىدۇ. مەدىكار بولسامۇ، يىللىقچى بولسامۇ بولىدۇ. بىراق، ساڭا قارىمىسامۇ بولمايدۇ، سىنى پات ـ پات كۆرۈپ تۇرىدىغانغا يىقىنراق يەر بولسا تىخى ياخشى، — دىدىم.

— ھىكىم باي ئادەم ئالىمەن دەپتۇ. ئۇ ياخشى ئادەم، باشقا بايلارغا ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭكىگە بىرىپ باقايلى، بالام، ئىلىپ قالسا، ئۆيىمۇ يىراق ئەمەس، پات ـ پات كۆرۈشۇپ تۇرىمىز. قول ئىلكىمدە ئازراق بىرنىمە بولغان بولسا، سىنى كىشىلەرگە خار قىلاتتىممۇ، بالام، — دىدى مومام كۆز يىشى قىلىپ.

— كۆڭلۇڭنى بۇزما، موما. خەقنىڭ ئىشىنى قىلسام نىمە بوپتۇ، بىكارغا ئىشلەيتتىممۇ، ھالال ياشىسام بولمىدىمۇ، ئۆزۈمنى خار قىلمايمەن، كۇچۇمنى خار قىلىمەن.

— ۋاي جىنىم بالام، سۆزلىرىڭدىن ئايلىناي، خۇدايىم ئۆمرۇڭنى بەرسۇن، بىر تىنىڭگە مىڭ جان بەرسۇن، بالام.

شۇ كۇنى كەچقۇرۇن ھىكىم باينىڭ ئۆيىگە باردۇق.

— ياخشىراق ئىشلىسەڭ، مەشەدە تۇرۇپ قالساڭمۇ بولىدۇ. مەن ياخشى ئىشلىگەن ئادەمنىڭ قەدرىنى قىلىمەن، — دىدى ھىكىم باي.

— ئۆزلىرى بىلىدىلا، مەن يالغۇز، ھەپتىدە بىر قىتىم بىرىپ، قاتتىق ـ يىرىك ئىشلىرىمنى قىلىپ بىرىپ كەلسە، قانداق دەيدىلا؟ — دىدى مومام.

— بولىدۇ، بولىدۇ، سىلىنى يوقلاپ تۇرمىسىمۇ بولماس. بارمايمەن دىسىمۇ ئۆزۈم ئەۋەتىپ تۇرىمەن. خوش، ھەققىگە قانچىلىك ئالىمەن دەيدىلا؟

— باشقا يىللىقچىلارغا قانچىلىك بەرگەن بولسىلا، بۇ

بالامغىمۇ شۇنچىلىك بەرسىلە بولىدۇغۇ.
— بولىدۇ، «باشتا سۆز بولسا، ئاياغدا ئۇن يوق» دېگەن گەپ بار. ھازىر يىللىقچىلارغا يۈز تەڭگە، تۆت خو بۇغداي، قىشلىق، يازلىق كىيىم بېرىۋاتىمىز. سىلى يالغۇز بولغاندىكىن، بۇنىڭغا يەنە بىر ساغلىق قوشۇپ بېرەي، — دېدى ھېكىم باي.
مومام باينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە:
— رەھمەت سىلىگە، ئىگەم بايلىقلىرىنى زىيادە قىلسۇن، — دېدى ئېگىلىپ. ھېكىم باي ئۆسكىلەڭ بويۇمغا، نومۇسچانلىقىمغا قىزىقىپ قالدىمۇ، ئۇستىبېشىمغا يېڭى - يېڭىشلاپ قاراپ كەتتى.
شۇنداق قىلىپ، ھېكىم باينىڭ قورۇسىدا تۇرۇپ قالدىم. ئىشىمۇ ئېغىر ئەمەس، ئەتىگەندە بەش - ئالتە سىيىر، ئون بەش - يىگىرمە قوينى ھەيدەپ چىقىپ كېتىمەن. ئۇلارنى كەچكىچە بېقىپ كېلىمەن (باي قورسىقىغا ئامراق بولۇپ، ھەر ئۈچ - تۆت كۈندە بىر قوي سويدۇرىدۇ)، ماللارنىڭ ئاستىنى تازىلايمەن. مېنىڭ بار - يوق ئىشىم مۇشۇلا.
بۇ چوڭ قورۇدا ئادەم كۆپ، ھېكىم باي ئىككى خوتۇنلۇق ئادەم ئىكەن. ئىچكىرىكى قورۇدا يەنە كىچىك ئىككى ھويلا بار ئىكەن. ئىككى خوتۇن ئايرىم - ئايرىم ئۆيدە تۇرىدىكەن. بۇ قورودا مەندىن باشقا ھارۋىكەش، ئات باقار، قورۇنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى قىلىدىغان ھەم باغقا قارايدىغان بىر ئادەم بولۇپ، تۆت ئەر، تاماق ئېتىدىغان بىر خوتۇن، ئۆيلەرنىڭ تازىلىقىنى قىلىدىغان بىر خوتۇن بار ئىدۇق. بىز تۆت مالاي بىر تاشقىرىقى قورۇدا يېتىپ - قوپاتتۇق، قالغانلار ئىچكىرىكى قورۇدا تۇراتتى. ياخشى يېرى، بۇ قورۇدىكى ھەممىمىزگە بىراقلا تاماق ئېتىلەتتى؛ باي خوتۇن - بالىلىرىغا ئايرىم، مالايلارغا ئايرىم تاماق ئېتىشكە يول قويمايتتى. مەن بۇ يەرگە كېلىپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە، ھېكىم باي ئىچكىرىكى قورۇنىڭ بىر چېتىگە ئاستىنى كۆتۈرۈپ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سالدى. مەن بۇ ئۆينى نېمىگە سالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. باينىڭ چوڭ

خوتۇندىن تۆت، كىچىك خوتۇندىن ئىككى بالىسى بار ئىكەن. بۇلاردىن چوڭ خوتۇندىن بولغان چوڭى ئوغۇل بولۇپ، ئۇ ئوتتۇز ياشلار چامىسىدا، قورۇ - جايى ئايرىم، باشقا يەردە تۇرىدىكەن. ئىككىنچىسى قىز بولۇپ، ئون يەتتە ياشلار چامىسىدا، ئۇ غۇلجا شەھىرىدە گىمنازىيەدە ئوقۇيدىكەن. قالغانلىرى تېخى كىچىك ئىكەن. بۇ ئۆينى نېمىشقا، كىمگە سالغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. باشقىلارمۇ بىلمەيدىكەن.

شۇ يىلى كۈزدە ھېكىم باي ئۆيلىنىپ، ئۇ ئۆينىڭ ئىگىسى چىقتى. باينىڭ ئۆيلەنگىنى ئۆزىنىڭ گىمنازىيەدە ئوقۇۋاتقان قىزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك توختى بۇۋى ئىسىملىك سەھرالىق قىز ئىدى.

— يائاللا، ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشى چىقمىدىما؟ چوڭ خوتۇن، چوڭ ئوغلى غوۋغا كۆتۈرمىدىما؟ — دېدى تىڭشىغۇچىلارنىڭ بىرى.

— ئاغزىڭنى يۇمۇپ تىنچ ئولتۇرغىنا، تازا قىزىق يېرىگە كېلىۋاتقاندا گەپ ئارىلاپ نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ.

— ھېكىم باي كىشىلەرگە كۆيۈمچان بولغىنى بىلەن، — سەمەت ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ جىددىي تۇستە سۆزگە كىرىشتى، — چىرايى سۇرلۇك، كەم سۆز، زەھەر گەپكە ئۇستا ئادەم ئىدى. ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ بىر قارىسىلا، ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيتتى. ئاياللىرىغا زىبۇ - زىننەتلەرنى ئايىماي ئېلىپ بېرەتتى. ئۇ كىچىدىمۇ مېھمانغا بارىدىغاندەك ياسىنىپ يۈرەتتى. چوڭ ئوغلىمۇ دادىسىنىڭ دۇنياسىنى يۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ تۇرغاچقا، چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. ئۇنىڭ تاغدا ئۈچ مىڭ تۇياق قويى، يۈزدىن ئارتۇق يىلقىسى، يەتمىش - سەكسەندەك كالىسى، بورتالانىڭ ئۆزىدە ئىككى - ئۈچ يەردە گەزمال، مىلىچمال دۇكانلىرى، ئارشاڭ، جىڭ، سۇيدۇڭ، چىلپەڭزە، غۇلجا، شىخۇ، ساۋەنلەردە سودا دۇكانلىرى بار ئىدى. بۇ بايلىقلار باشقىلارنىڭ ئېغىزىنى ئاچۇرمايتتى ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى كۈندىن - كۈنگە ئاشۇرۇپ بارماقتا ئىدى.

ھېكىم باي بۇرۇنلاردا پار ئات قوشۇلغان خادىكقا ئولتۇرۇپ ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە، پۈتۈن سودا دۇكانلىرىنى ئارىلاپ كېلىشكىچە ئون بەش كۈندىن يىگىرمە بەش كۈنگىچە ۋاقىت كېتەتتى. توختى بۇۋىگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۇ ئۆيىگە ئالدىراپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. مەيلى بۇرۇن كەلسۇن، مەيلى كېيىن كەلسۇن، توختى بۇۋىنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايتتى. بۇرۇن كەلسە خۇش بولىدىغان، كېچىكىپ كەلسە خاپا بولىدىغان روھىي ھالەتمۇ كۆرۈلمەيتتى، ھېكىم باي سىرتقا چىقمىغان ۋاقىتتا قانداق بولسا، سىرتتىن كەلگەندىمۇ شۇنداقلا ئىدى.

توختى بۇۋى بۇ قورۇغا كېلىپ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بىر كۈنى ماللارنى ھەيدەپ قورۇغا كىرسەم، ئۇ تونۇرنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ. ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. قىز چىرايلىق بولار، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنىڭچىلىك بولماس. ئاق ئادەمنىڭ قاش ـ كۆزى قارا، بۇرنى قاڭشارلىق، ئاغزى ئويماقتەك بولسا، ئادەم ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇنتۇپ قاراپلا قالىدىكەن. ئۇنىڭمۇ ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى بايقاپ، يەرگە قارىۋالدىم. ماللارنى قوتانغا سولىۋېتىپ قايتىپ چىقسام، ئۇ تېخىچە ئورنىدا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. غەيرەت قىلىپ ئۇنىڭغا يەنە بىر قارىۋالدىم. ئۇ ئىللىق چىراي بىلەن كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى. ئىتتىك پەسكە قاراپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتىم، ئۆتكۈچە پۇتلىرىم دىرىلداپ تىترەپ كەتتى، قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك مەن ماللارنى ھەيدەپ قورۇغا كىرگەندە، ئۇنىڭ قورۇنىڭ بىر يەرلىرىدە ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولدۇم. ھەر قېتىم ئۇنىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم ـ دە، باشقا ياقلارغا قاراشقا مەجبۇر بولاتتىم. ياتىقىمغا كىرىپ، ئابدۇقادىر ئاكام بار بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تۈگىمەس گەپلەرگە چۈشۈپ كېتىمىز، ئۇ يوق بولسا، ئويغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن: «ئۇ نېمىشقا كۆزۈمنىڭ ئىچىگە ئادەمنى يەۋەتكۈدەك قارايدۇ، ھەرقىسما جىلۋىلەرنى

كۆرستىدۇ؟ يەنە كېلىپ، ئۇ ھېكىم باي سودا دۇكانلىرىنى ئارىلاشقا كەتكەندە، ئۆزى يالغۇز قالغان چاغلاردا شۇنداق قىلىدۇ. مەن شۇنچىلىك قىلىشقا ئەرزىمەدىمەن، مەن بىر مالاي تۇرسام ـ ھە ... ماڭا راستلا مەيلى بارمۇيا؟ ... شۇنچە كاتتا باينىڭ ئايالى بولغان ئادەمنىڭ ماڭا مەيلى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سانىماي سەككىز دېمەي، يا ماڭا شۇنداق بىلىنىۋاتامدىكىنتاڭ ...»

بۇ چوڭ قورۇدا ھەممىسى مېنى ياخشى كۆرەتتى، بولۇپمۇ تاماق ئېتىدىغان نىساخان دېگەن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى تەمبەل ئايال بىلەن ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى ئات باقار ئابدۇقادىر ماڭا بەك ئامراق ئىدى. نىساخان ھەدەم ماڭا تاماقلارنىڭ گۆشلۈكرەك يەرلىرىنى ئېلىپ قوياتتى. ئابدۇقادىرئاكام كېچىلىرى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قوپۇپ ئاتلارغا بېدە ـ چۆپ سالىدۇ، ماڭا: «بولدى، سەن ئۇخلاۋەر، ماللارغا مەن قاراپ قويىمەن»، دەيتتى. نىساخان ھەدەم گۆشنان، مانتا، پولۇ ئەتكەن كۈنلىرى مومامغا ئاتاپ ئالايتەن پىشۇرغانلىرىنى داستىخانغا ئوراپ ماڭا بېرىپ: «موماڭغا چاپسان ئاپىرىپ بەر» دەيتتى. مەن ئۇنى مومامغا شۇنداق تېز يەتكۈزۈپ بېرەتتىم. بۇ ئىككىيلەن بىلەن بەزى كۈنلىرى پاراڭلىشىپ، مۇڭدىشىپ كېتەتتىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى مۇنداق بىر ئىش بولدى: دالادا مال باققاندا يەيمەن دەپ ئالما ئالغىلى باغقا كىردىم. كەينىمدىن توختى بۇۋىمۇ باغقا كىردى. مەن ئالما ئۈزۈپ يۇرسەم، ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئىككى دانە قىزىرىپ پىشقان ئالمىنى ماڭا سۇندى.

— كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنگەن بۇ ئىككى ئالمىنى چۈشتە ئۈزۈپ، چۆپىنىڭ ئارىسىغا سىزگە بېرىمەن دەپ يوشۇرۇپ قويغان، مەڭ، ئېلىڭ، — دېدى ئەركىلىگەندەك ھالەتتە.

— ئۆزىڭىز يەڭ، مەن جىق ئالدىم، — دەپ بۇرۇلۇپ مېڭىۋىدىم، ئۇ چاپىنىمنىڭ پېشىنى چىڭگىدە تۇتۇۋالدى.

— سىزگە ئاتاپ تاللاپ ئۈزدۈم، بۇنى يېسىڭىز روھلىنىپ

كېتىسىز. قۇۋۇەتكە تولسىز، مېنىڭدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرمايدىغان بولسىز، ــ دەپ قولۇمغا ئالمىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ قولۇمنى تۇتۇشى بىلەن پۇتۇن بەدىنىمگە ئوت كەتكەندەك بولدى ـ دە، يۈرىكىم دۇپۇلدەپ كەتتى ... (ئۇنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، رىزۋانگۈل ياتاقتىن تۇيدۇرماي چىقىپ كەتتى.) پۇت ـ قوللىرىم تىترەپ ئۆزۈمنى باشقۇرالماي قالدىم ـ دە، يېنىدىن تېزلا كېتىپ، باغدىن يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەتتىم. ئابدۇقادىرئاكام بىلەن ئاتىنىڭ ئېگەر ـ جابدۇقلىرىنى قويىدىغان ئۆيدە بىللە ياتاتتۇق. ياتاققا كىرسەم، ئابدۇقادىرئاكام يېنىچە ياتقانىكەن، مېنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

ــ نېمە بولدۇڭ، سەمەت، يۈزۈڭ قىزىرىپ، پۇت ـ قوللىرىڭ تىترەپ كېتىپتۇغۇ ؟ ــ دېدى ماڭا ھەيران بولۇپ قارىغىنىچە.

مەن يالاڭ چاپىنىمنىڭ بىر پېشىگە ئالغان ئالمىلارنى يەرگە تۆكتۇم. ئابدۇقادىرئاكام توختى بۇۋى بەرگەن ئىككى ئالمىنىڭ بىرىنى ئالدى ـ دە ئېغىزىغا ئاپاردى.

ــ قادىرئاكا، ئۇنى يېمە، ــ دەپ ئۇنىڭ قولىدىن ئالمىنى ئېلىۋالدىم. يەردىكى ئالمىلار ئىچىدىن يەنە بىرىنىمۇ ئېلىۋالدىم، ــ ئەمدى ھەممىنى يەۋەتسەڭمۇ مەيلى.

ــ بۇنى يېسەم نېمە بوپتۇ؟ پاھ ـ پاھ، قىز بالىدەك ئالمىكەنا بۇ !

ــ بۇنى باينىڭ ئۇچىنچى خوتۇنى ئۆزىڭىز يەڭ، دەپ بەرگەن.

ــ توختى بۇۋىما؟

ــ ھەئە، شۇ ...

ــ مەن پەرەز قىلغان. توختى بۇۋىنىڭ كۆزلىرى سېنى ئىزدەپلا يۈرەتتى. ئاخىر ئالما بېرىپتۇ ـ دە، ئەمدى ئۆزىنىمۇ بېرىۋېتەرمىكىن ...

ــ ساراڭدەك گەپ قىلمىغىنا، مەن بىر مالاي تۇرسام.

ــ مالاي بولساڭ نېمە بوپتۇ. ئىشق ـ سۆيگۈ دېگەن باي ـ

گاداي دەپ ئايرىمايدۇ.

— ئالمىنى بېرىپلا بولدى قىلدىما، يەنە نېمىلەرنى دېدى، مەندىن يوشۇرما، ئۇكا، — ئۇ موخۇركا يۆگەپ ئالدىرىماي ئوت تۇتاشتۇردى — ئەينەن گېپىنى دەپ باققىنا قېنى !

مەن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. قانداق گېپىم بولسا ئابدۇقادىر ئاكامغا دەيتتىم، ئۇ ماڭا كۆيۈنۈپ، يول كۆرسىتەتتى، نەسىھەت قىلاتتى.

— ساڭا راست گەپنى قىلاي، بۇ ئىككى ئالمىنى ئالماي تۇرۇۋالسام، «ئېلىڭ، قۇۋۋەتكە تولىسىز، مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرمايدىغان بولىسىز» دەپ تەڭلەپ تۇرۇۋالدى. ئالدىم - دە، قاچتىم.

— هە، مۇنداق دېگىن ... مەن ساڭا ئېيتاي، ئۇكا، سەن كەمبەغەل بولغىنىڭ بىلەن ناهايىتى چىرايلىق، قاملاشقان بالىسەن، ساڭا هەرقانداق قىزنىڭ كۆزى چۈشىدۇ. پەممىچە، توختى بۇۋى مۇشۇ قورۇغا كەلگەندىن تارتىپلا ساڭا كۆزى چۈشكەن. هېكىم باي دېگەن ئاتمىشتىن ئاشقان ئادەم، سەن دېمەتلىك ياش قىزنىڭ چاپچىپ تۇرغان كۆڭلى ئاشۇ قېرىدىن قانچىلىك سۇ ئىچەر؟ ئىچمەيدۇ. ياش قىزنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان تەلەپلىرى قانچىلىك قانار؟ قانمايدۇ ... توختى بۇۋى سېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەمدى پەيت تاپسىلا سېنى ئىزدەيدۇ ۋە كۆڭلىنى ئىزهار قىلىدۇ. مەن نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرگەن، بۇنداق ئىشلاردا قىزلار قېلىنىراق بولىدۇ، ئۇكا. باي يوق چاغلاردا سېنى هەتتا هۇجرىسىغا چاقىرىدۇ. ئەمدى كۆرىسەن ...

مەن ئابدۇقادىر ئاكامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، چۆچۈگىنىمدىن هەرە چاققاندەك ئورنۇمدىن قوزغىلىپ كەتتىم.

— يائاللا، خۇدايىم ئۆزى ساقلار، ئاران يۇرگەندە ...

— خۇدايىم ساقلىماي، ئۇنىڭ كۆڭلىگە شۇ گەپنى ساپتۇ. ئىشق - مۇھەببەت دېگەن يامان نەرسە، ئادەمنى هەر كويغا سالىدۇ، تېخى ئەقىللىك ئادەمنى ئەقىلسىز قىلىپمۇ قويىدۇ.

سەن ئۆزۈڭ قانداقراق؟ سېنىڭمۇ بىر يەرلىرىڭدە لاۋۇلداپ بولمىسىمۇ، پىلىلداپ ئوت كۆيۈۋاتقاندۇ تايىنلىق؟

— قويغىنا، ئابدۇقادىرئاكا، نېمە ئوت ئۇ؟ قورققىنىمدىن تىترەپ كەتتىم.

— قورققىنىڭ ياخشى، ئۆزۈڭگە ھېزى بول، ئۇكا، ئۇنىڭ ناز - كەرەشمىلىرىگە چىرمىلىپ قالما. ئۇ قېرى ئەرگە تېگىپ قالغىنىغا چىدىماي، ساڭا كۆز تاشلاۋېتىپتۇ، بايغا خىيانەت قىلساڭ، ئاقىۋەتتى جېنىڭغا تاقىلىدۇ، جېنىڭغا. ھەرگىز كۆڭلۈڭنىڭ كەينىگە كىرىپ قالما. كۆڭلۈڭ بىر چىرايلىق ئۆتۈۋاتىدۇ، شۇنىڭغا شۈكۈر قىل.

ئابدۇقادىر ئاكامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ دېگەندەك قەيەردىدۇر بىر يەرلىرىمدە پىلىلداپ ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە توختى بۇۋى مېنى كۆرۈپ قالغۇچە بىر چىنە چاينى ئالدىراپ ئىچتىم - دە، ماللارنى ھەيدەپ قورۇدىن شۇنداق تېز چىقىپ كەتتىم. ماللارنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، قېرى قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتىم. ئۇ كۆز ئالدىمدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى. نېمىنى، قەيەرنى ئويلىسام، ئۇ شۇ يەردە پەيدا بولاتتى ۋە كۈلۈمسىرەپ يېنىمغا كېلەتتى - دە، قولۇمنى تۇتۇپ مېنى نەگىدۇر بىر يەرگە سۆرەيتتى. ئابدۇقادىر ئاكامنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا قاتتىق قارشىلىق قىلىشنى ئويلايتتىم - يۇ، لېكىن قارشىلىق قىلالمايتتىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەتتىم، قاياققا ماڭسام، ئۇ مەن بىلەن بىللىلا يۈرەتتى. ئاخىر كۆزۈمنى چىڭگىدە يۇمۇپ يېتىۋالاتتىم، كۆزۈمنى قانچە چىڭ يۇمسام، ئۇنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدا شۇنچە روشەن پەيدا بولاتتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، كەچقۇرۇن ئۇنۇمنى چىقارماي ماللارنى ھەيدەپ قورۇغا كىرسەم، توختى بۇۋى تاشقىرىقى قورۇدا تۇرۇپتۇ. ئۇ نېمىگە بۇ يەردە تۇرىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. ماللارنى قوتانغا سولىۋېتىپ چىقىشىمغا، تېخىچە قاراپ تۇرغان توختى بۇۋى:

— ئاخشام ئىشىك ئوچۇق قاپتىكەن، بوراندا شاندىرى قايرىلىپ يېپىلماس بولۇپ قاپتۇ. شۇنى سىزنى جۆندەپ بېرەمدىكىن دېۋىدىم. بولقا، ئامبۇرلارنى ئىشلىتىپ مەن تۈزىيەلمىدىم، قانداق، جۆندەپ بېرەمسىز؟ — دېدى يىلىنغاندەك قىياپەتتە.

— ماقۇل، جۆندەپ بېرەي، بولقا، ئامبۇرلار نەدە؟ — دېدىم مەن.

— ھۇجرامدا.

— ئەمىسە مەن ھازىر كىرەي.

— مەن ساقلاپ تۇراي ئەمىسە.

— ماقۇل.

ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرمەي دەيمەنۇ، پۇتلىرىمنىڭ شۇ ياققا قەدەم بېسىشىغا بويسۇنۇپ قالدىم. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ، پۇتۇن بەدىنىم تىترەپ كەتسىمۇ، توختى بۇۋىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم. قارىسام، دېگەندەك ئىشىكنىڭ شاندىرى سەل قوزغىلىپ، مىخلىرى بىرئاز سۇغۇرۇلۇپ قاپتۇ. بىر قولۇمدا ئىشىكنى ئاستىدىن كۆتۈرۈپ، بىر قولۇمدا بوشاپ قالغان مىخنى قېقىپ قويۇۋىدىم، ئىشىك ئەسلىگە كەلدى. توختى بۇۋى كۈلۈمسىرەپ:

— قولىڭىزدىن خېلى ئىش كېلىدىكەن - ھە؟ — دېدى.

— كېلىپ - كەلمەي بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، مىخنى ئىككىلا ئۇرسا تۈزۈلۈپ قالدۇ ئەمەسمۇ؟

— ئىككى - ئۈچنى ئۇرالىغان ئادەم ئۇرالايدۇ - دە.

— بۇنى ھەرقانداق ئادەم ئۇرالايدۇ.

— ياق، پەقەت سىزلا ئۇرالايسىز. ئۇرۇش سىزنىڭلا قولىڭىزدىن كېلىدۇ، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، كېلىپلا مېنى كەينىمدىن قۇچاقلىۋالدى.

مەن قورقۇپ كەتتىم، ئۇنىڭ باغرىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇندۇم، لېكىن ئۇ مېنى قويۇپ بەرمەستىن، تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇۋالدى. تولغان كۆكسى دۈمبەمگە تىرەلدى. ئاستا -

ئاستا بەدىنىمگە تولىمۇ شېرىن بىر سېزىم تارىلىپ بوشاپ كەتتىم ـ دە، ئىختىيارسىز ئارقامغا ئۆرۈلۈپ مەنمۇ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم. ئايال كىشى شۇنداق قىلغان يەردە، ئەر كىشىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالمىقى تەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرىغا، كۆيدۈرگۈچ تىنىقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، چاڭقاپ كەتكەن لەۋلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن قانچىلىك باغاشلاشقىنىمنى، لەۋ يېقىشقىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا كاللامغا «بىرى كىرىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئوي كەلدى ـ دە، ئۇنىڭدىن ئاجراپ ئىتتىك ماڭدىم. توختى بۇۋى:

— يېرىم كېچىدە كىرىڭ، سىزنى ساقلايمەن، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھېكىم باي ئۆيدە يوق چاغلاردا توختى بۇۋىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ تۇرىدىغان بولدۇم. ئەل قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن چاغلاردا كىرسەم، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇنراق قايتىپ چىقاتتىم. كۈندۈزى مالاي، كېچىسى توختى بۇۋىنىڭ ئەزىز مېھمىنى، ئەتىۋارلىق ئادىمى بولىدىغان كۆنلىرىم خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. لېكىن، خۇپىيانە ئىشلىرىمىزغا چېچەك چىققان ئوخشايدۇ. ھېكىم باي سەپەردىن كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى ماللارنى ھەيدەپ قورۇغا كىرسەم، ھويلىدا توختى بۇۋى تۇرۇپتۇ. نېمىشقا مېنى ساقلايدىغاندۇ، باي بولمىسىلا ھۇجرىسىغا كىرىپ تۇرۇۋاتمەنغۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا ئەنسىزلىك يانغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويۇپ: «ھەرگىز ئىقرار قىلماڭ» دېدى ـ دە، ئىتتىك كېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن ھەيران قالدىم. «بۇ نېمە دېگىنى؟ ... چىرايىمۇ تاتىرىپ كېتىپتۇ. بىرى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ـ چىققىنىمنى كۆرۈپ قېلىپ بايغا چېقىپ قويغان بولسا، توختى بۇۋىنى سوئال ـ سوراققا ئالدىمۇيا؟ ھەرگىز ئىقرار قىلماڭ دېگىنى — مەنمۇ ئىقرار قىلمىدىم، سىزمۇ ھۇجرامغا كىرگىنىڭىزنى ئىقرار قىلماڭ، دېگىنى ئوخشايدۇ ـ دە» دەپ ئويلاپ، بېشىمغا ئېيتقۇسىز ئېغىر غەم چۈشتى. قانداق قىلىشىمنى، سوراققا ئالسا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. بېشىم قېتىپ تۇرغاندا، باي مېنى

باغقا ئەكىرىپ سوراقا ئالدى. مەن قەتئىي ئىقرار قىلمىدىم. خۇدانى ئېغىزىمغا ئېلىپ تۇرۇپ قەسەم ئىچتىم. لېكىن، باي مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ئىشەنمىدى. ئۇنىڭغا توختى بوۋاي ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى خېلى ئىشەنچلىك ئادەم دېگەن ئوخشايدۇ. ئاخىر باي ئىككىمىز ئارىسىدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقىمنى قاتتىق تاپىلىدى، يەنە ئىقرار قىلسام، بۇ ئىشنى يەڭ ئىچىدە تۈگىتىۋېتىدىغانلىقىنى، ئىقرار قىلمىسام، قاتتىق جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىمنى ئوچۇق ئېيتتى. ئەتىسى ئابدۇقادىر ئاكامنى سوراقا ئاپتۇ، كېچىلىرى ئاتلارغا بېدە سالغىلى تۇرغاندا، مېنىڭ ياتقان ئورنۇمدا بار - يوقلۇقۇمنى يېنىش - يېنىشلاپ سوراپتۇ.

— مەنمۇ يالغان ئېيتتىم، — دېدى ئابدۇقادىر ئاكام باينىڭ ئېيتقانلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ، — سەن ھەقىقەتەن بەزى كۈنلىرى ئورنۇڭدا يوق، ھەي، بۇ بالا ئاشۇ چىرايلىق، ئۆزى دېمەتلىك ياش خوتۇنغا ئۆگىنىپ قالدىمىكىن، دەپ ئويلىغۇدىم. ئەمما، بايغا: «قاچان ئويغانسام، ئۇ ئورنىدا بار» دېدىم. سېنىڭچۇ قارا، باينىڭ چوڭ خوتۇنى بىر كۈنى سەھەردە بامداتقا تەرەت ئېلىۋاتقاندا، توختى بوۋىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ قاپتۇ، — سەمەتنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ رىزۋانگۈل كىردى - دە، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋالدى، ھەممەيلەن سەمەتنىڭ ھېكايىسىگە بېرىلىپ كەتكەندى، ئۇ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى، — باي ئەمدى سېنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ، پۇل بىلەن سېنى سولىتىۋېتىدۇ، ھەتتا سېنى سولاقتا قىرىتىۋېتىدۇ ياكى چىرىتىۋېتىدۇ. نىساخان ھەدەمنىڭ ئېيتىشىچە، باي توختى بوۋىنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ، ئۇ ئۆز ئۆيىدە يېتىپ قاپتۇدەك. نېمىشقا ئۇرغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ساڭا مەسلىھەتىم، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەي دېسەڭ، بۈگۈن كېچىدىن قالماي بۇ ھويلىدىن كەت، قاچ، قانچە يىراققا كەتسەڭ، شۇنچە ياخشى.

— مەنغۇ كېتەرمەن ، بىراق مومام قانداق قىلار، ئابدۇقادىر ئاكا؟

— موماڭغا تارتىشىپ قالساڭ، ئۆلگۈنۈڭ شۇ. ياخشىسى، ئېغىر ئەل ياتقۇدا ئېغىلدىن كۆك ئاتنى ئاچىقىپ مىگىن ـ دە، قامچا سال، تاڭ ئاتقۇچە ستەيگە بارىسەن. موماڭدىن خاتىرجەم بول، ئۇنىڭغا مەن قاراپ قويىمەن. ستەيگە بارساڭ، گورسايغا كېتىدىغان يول بار، بۇ يول سېنى نىلقىنىڭ تاغلىرىغا ئېلىپ چىقىدۇ. قالغان ئىشلارنى باشقىلاردىن سوراپ بىرنېمە قىلارسەن، ساڭا يول كۆرسىتىدىغان ئادەملەر چوقۇم تېپىلىدۇ.

— توغرا دېدىڭ، ئابدۇقادىر ئاكا، بۈگۈن كېچىدىن قالماي ماڭاي.

ئىككىمىزنىڭ مەسلىھەتى شۇ بولدى. يېرىم كېچىدە ئېغىلدىن كۆك ئاتنى ئاچىقىپ توقۇدۇم، ئابدۇقادىر ئاكام مېنى دەرۋازىدىن چىقىرىپ قويدى. يۈگۈرۈك ئاتقا مىندىم ـ دە، تاڭ سۈزۈلگۈچە ستەيگە كېلىپ، ئۇ يەردىن گورسايىنىڭ يولىغا چۈشتۈم. گورسايىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا كەلگەندە، بىرنەچچە قازاق مالچىغا ئۇچرىدىم. ئۇلاردىن غۇلجىدا ئىنقىلاب باشلانغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇ يەردە ئاتنى بىر كۈن دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن غۇلجا شەھىرىگە قاراپ ماڭدىم. غۇلجىغا كىرسەم، ئىنقىلاب باشلانغانلىقىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئىكەن. ياشلار، ھەتتا چوڭلارمۇ پىدائىيلىققا تىزىملىتىۋېتىپتۇ. ئەجەب ياخشى بوپتۇ، دېدىم ـ دە، شۇ كۈندىن باشلاپ ئىنقىلاب سېپىگە كىرىپ كەتتىم. مانا ھازىر سىلەر بىلەن بىر سەپتىمەن.

ھەممىسى جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. سەمەتنىڭ ھېكايىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر سوئال تاشلاپ قويغاندەك قىلاتتى.

— ۋاي ئىسىت ... توختى بوۋىگە ئۇۋال بوپتۇ ـ دە، — دېدى پارتىزانلاردىن بىرى خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئۇ ئەمدى قانداق قىلار؟ ...

— قانداق قىلار دەيسەنغۇ؟ ئۇ ھازىر ھاياتمىدۇ ياكى باي ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىدۇ دېگىنە، — دېدى يەنە بىرى قايغۇرۇپ.

— باي ئۇنداقمۇ قىلماس، خېلى رەھىمدىل ئادەمدەك تۇراتتىغۇ.

— قانداقلا بولسۇن، توختى بۈۋى ھايات بولسىلا ئۇنى تېزلىكتە باينىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش كېرەك ـ دە.

— ھازىر بورتالا ئازاد بولدى، ئۇنى ئەكېلىۋېلىش تەسكە توختىماس.

— ئاشكارا ئەكېلىۋېلىش ئاسان ئەمەس، خۇپىيانە ئەكېلىۋالغىلى بولىدۇ، — دېدى رىزۋانگۈل ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى بايان قىلىپ، — ئاشكارا ئەكەلگىلى بولمايدۇ، بايلار پېتىدىن چۈشمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئىنقىلابقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن نۇرغۇن ياردەم بېرىۋاتىدۇ. ئىنقىلابنى كىم قوللىسا، ياردەم قىلسا، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەسمۇ. مېنىڭچە، سەمەت بورتالاغا بېرىپ، توختى بۈۋى بىلەن يوشۇرۇنچە كۆرۈشسە بولىدۇ. بۇنىڭغا ھېلىقى ئابدۇقادىر دېگەن ئادەممۇ ياردەم قىلىشى مۇمكىن. توختى بۈۋىنىمۇ يوشۇرۇنچە غۇلجىغا ئەكېلىۋېلىش كېرەك. ئۇ بۇ يەرگە كەلسىلا باشقىلار چېقىلالمايدىغان ئورۇنغا جايلىشىۋېلىشى كېرەك. پارتىزانلارغا كىيىم تىكىۋاتقان ئورۇنغا ئورۇنلىشىۋالسىمۇ بولىدۇ ياكى بىزنىڭ ئەترەتكە كېلىپ سېسترا بولسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭغا سېسترالىقنى مەن ئۆگىتىپ قويىمەن. سەمەت بىلەن ئىككىسى بىر سەپتە بولسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ. ئاساسلىق گەپ سەمەت بورتالاغا بارالامدۇ، يوق. گەپ مانا مۇشۇنىڭدا.

— ئەترەت باشلىقى رۇخسەت قىلسىلا چوقۇم بارىمەن، — سەمەت روھلىنىپ كەتكەندى.

— بولدى، بىز ئەترەت باشلىقىدىن رۇخسەت ئېلىپ بېرەيلى.

— مەن ئۇقتۇم، ئارقا سەپنىڭ ماشىنىلىرى بورتالاغا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىكەن.

سەمەتنىڭ ھېكايىسى ئۆزىنىڭ ئالدىغا بىر قىيىن مەسىلىنى تاشلاپ قويدى.

سەمەتنىڭ ھېكايىسى رىزۋانگۈلگە قاتتىق تەسىر قىلغانىدى.

«ئۆلۈمگە ئامال يوق ئىكەن. ھاكىمجان ھايات بولغان بولسا، ھازىرغىچە قانلىق جەڭلەرگە قاتناشقان ۋە نۇرغۇن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولاتتى...» ياتاقتا ھېلىلا ھېكايە ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىر قىسمى تارقىلىپ كەتكەن، بىر قىسمى ئېغىر قايغۇغا پېتىپ سۆزسىز ئولتۇرىدۇ. رىزۋانگۈلمۇ قايغۇدا قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ قايغۇسى باشقا جەڭچىلەرنىڭكىگە ئوخشاش توختى بۇۋىنى قانداق قۇتقۇزۇۋېلىش توغرۇلۇق بولماستىن، بەلكى ھاكىمجاننىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق ئىدى: «شۇ چاغدا لەڭشاڭ بۇتخانىسىدا كىم سېستىرا ئىدىكىن، ئوق تەگكەن يەردە ئۇزاق يېتىپ قېلىپ، قانسىراپ كېتىپتۇ، — دەپ ھەسرەتلىنىك پىچىرلىدى قىز، — ئەگەر سېستىرا دەرھال ئۇنى شۇ يەردىن ئاچىققان بولسا، قانمۇ كۆپ ئېقىپ كەتمەيتتى، ھاكىمجانمۇ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولاتتى. سېستىرا ئۆلۈمدىن ياكى ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقۇپ، ئۇ ياردار بولغان جايغا بارالمىغان. كوماندىر توسۇۋالسىمۇ، سېستىرا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدىغۇ، چۈنكى بۇ بىر جەڭچىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ئەمەسمىدى. ئەگەر ھاكىمجان بىزنىڭ ئەترەتتە بولغان بولسا، مەن ئۇنى چوقۇم قۇتقۇزۇپ چىققان بولاتتىم، ھەرگىز دۈشمەننىڭ ئوقى ئاستىغا تاشلاپ قويماس ئىدىم. ۋاي ئىسىت، ئەجەب ئىش بولدى ـ دە. ئەمدى ئۆزۈمگە مۇۋاپىق ئادەمنى تاپتىم، دەپ خاتىرجەم بولسام... ئىسىت، ئىسىت، مۇنداق جۇدالىق ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن. ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ تېخىمۇ قايناق جەڭلەرگە كىرىپ، ھاكىمجان ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىم كېرەك!»

## 22

گومىنداڭنىڭ ھەرەمباغ گازارمىسى، لەڭشاڭ بۇتخانىسى، ئايروپىلان ئىستانسىسىدا قاپسىلىپ قالغان ئەسكەرلىرى تەس

كۆنگە قالغانىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان ئايروپىلانلار تاشلاپ بېرىدىغان ئوق ـ دورىغا، يېمەك ـ ئىچمەككە قاراشلىق ئىدى. بىراق، تاشلانغان پاراشوتلار مۆلچەر قىلىنغان ئورۇنلارغا تولۇق چۈشمەيتتى، بەزىلىرى ئۆز جايىغا چۈشسىمۇ، يەنە بەزىلىرى پارتىزانلارنىڭ ئالدىغا، مۇشۇ ئۈچ ئورۇنغا يېقىنراق مەھەللىلەرگە، ئېدىرلىقلارغا، بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قۇرۇلغان ئىستىھكاملارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن شىددەتلىك ئېتىشىشلار باشلىنىپ كېتەتتى. بۇنى غۇلجىدىكى گېزىتلەر: «گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئايروپىلانلىرى پاراشوتلىرىنىڭ كۆپىنى ئۆز جايىغا تاشلىيالمىدى» دەپ يازسا، ئۈرۈمچىدىكى گېزىتلەر: «باندىتلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىق قىلىشىدىن پاراشوتلىرىمىزنىڭ ئاز بىر قىسمى مۆلچەرلىگەن جايغا چۈشەلمەي قالدى» دەپ خەۋەر بېرەتتى. دەرۋەقە، پاراشوت تاشلاش ھەر كۈنى بولمىسىمۇ، ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىن تارتىپ ئاددىي ئەسكەرلىرىگىچە ھەممىسى ئاسمانغا قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاسماندا غارقىراپ ئايروپىلانلار كۆرۈنسە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى خۇشال بولۇشۇپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي ئالقىش ـ چاۋاك ياڭراتسا، پارتىزانلار ئايروپىلانلارنى چەنلەش، شىددەتلىك ئوق ئۈزۈشلەر بىلەن قارشى ئالاتتى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىككى جايدا — ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجىدا مەزمۇنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان يىغىنلار ئېچىلىپ تۇراتتى. ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ كاتتىباشلىرى ئۇچقۇچىلارنى: «سەنلەر ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئېگىز ئۇچۇپ، پاراشوتلارنى بەلگىلىگەن نىشانلارغا تاشلىيالمايۋاتىسەن» دەپ ئەيىبلىسە، غۇلجىدىكى پارتىزانلار يېتەكچىلىرى: «سىلەر ئايروپىلانلارغا ئۆلۈمدىن قورقماي، قاتتىق زەربە بەرگەچكە، دۈشمەنلەر پاراشوتلىرىنى بەلگىلەنگەن نىشانلارغا تاشلىيالمىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشتى. يەنىمۇ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، تېخىمۇ

كۆپ پاراشوتلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىڭلار» دەپ پارتىزانلارنى ئىلھاملاندۇراتتى.

ئايروپىلانلار غارقىراپ كېلىپ ئاۋۋال كوچىدا يۈرگەن پۇقرالارنى ئوققا تۇتاتتى؛ ئاندىن ئونلىغان، يىگىرمىلىگەن، ئوتتۇزلىغان پاراشوتلارنى تاشلىۋېتەتتى. بىر مەھەل غۇلجا ئاسمىنىنى ئايپاق پاراشوتلار قاپلاپ كېتەتتى. پاراشوت تاشلانغان ياكى تاشلىنىدىغان چاغدا ئالدىنقى سەپتە بولسۇن، مەھەللە كوچىلىرىدا بولسۇن، ئايروپىلانلارغا قارىتىپ سانسىزلىغان ئوقلار ئۈزۈلەتتى. قىزىق ئىش، پاراشوتلارنىڭ بىرى بوينىكېسكىنىڭ ئاۋات چوڭ كوچىسىغا چۈشتى. لەيلەپ چۈشۈۋاتقان پاراشوتقا ئوق تەگكەنمۇ ياكى تۆۋەنرەك يەردىن تاشلانغانمۇ، ھېلىقى پاراشوت يەرگە قاتتىق چۈشۈپ، ئۇنىڭغا باغلانغان خېلىلا يوغان يەشىك يېرىلىپ كەتتى، يېرىلىپ كەتتى - دە، كوچىنى ھورنان، مانتا، تۈگرىلەر بىر ئالدى. كىشىلەر بۇنىڭغا قاراپ پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە يەردە يېيىلىپ ياتقان پاراشوتقا قاراپ يۈگۈرۈشتى. بىر پاراشوتنى بىرنەچچە ئادەم ئۇياق - بۇياققا تارتىشماقتا ئىدى. پاراشوت يىپەكتىن توقۇلغان ئېسىل رەخت بولغاچقا، تارتىشىۋاتقانلار ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشنىڭ كويىدا ئىدى. ئاخىر ئوندەك ئادەمنىڭ كۈچەپ تارتىشى بىلەن پاراشوت پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەندە، تارتىشىشمۇ ئاخىرلاشتى. لېكىن، ھېچكىم چېچىلىپ كەتكەن ھورنان، مانتىلارغا قىزىقمىدى.

— مەن پاراشوت چۈشۈۋاتقاندا، يەشىكنىڭ چۈۋۈلگىنىنى قاراپ ئىچىدە يېمەك - ئىچمەك بارمىكىن دەپ ئويلىغان، دېگىنىمدەك چىقتى. يەشىك كېچىكرەك بولغان بولسا، ئۇنىڭدا قورال - ياراغ بولاتتى، — دېدى بىرى.

نەق شۇ چاغدا قىزىلكۆۋرۈككە ئىككى پاراشوت چۈشكەنىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىدە قورال - ياراغ بار ئىكەن. ئۇنى پارتىزانلار ئىشتابى ئەكېتىپتۇ. يەنە بىرىدە يېمەك - ئىچمەك بار ئىكەن. ئۇنى بېلىقلار يېسۇن، دەپ ئۆستەڭگە تاشلىۋېتىپتۇ.

ئەگەر بۇ يېمەك ـ ئىچمەك قاچىلانغان پاراشوت گازارمىنىڭ ياكى لەڭشاڭنىڭ ئىچىگە چۈشكەن بولسا، ئالتۇندىن قىممەت نەرسىگە ئايلانغان بولاتتى، سىرتىغا چۈشۈپ ئەخلەتكە ئايلىنىپ قالدى. ھېلىقى قورال ـ ياراغ قاچىلانغان پاراشوتنى ئەكەلگەن پارتىزانلار بىر ـ بىرىگە: «بىزگە قورال ـ ياراغ يېتىشمەيۋاتقاندا، گومىنداڭنىڭ قورال ـ ياراغ تاشلاپ بەرگىنىگە رەھمەت دېسەك بولىدۇ جۇمۇ» دېيىشتى. دەرۋەقە، ھازىر قورال ـ ياراغ يېتىشمەي، نەيزە، كالتەك، تۆمۈر ئارا بىلەن جەڭگە كىرىۋاتقان پىدائىيلار نۇرغۇن ئىدى. ھېچكىم بۇلارنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغىنى يوق، ھەممىسى ئۆزلۈكىدىن ئوتتەك قىزغىنلىقى، دۈشمەنگە يانغان غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلارنى ئۆگۈت ـ نەسىھەت بىلەنمۇ، بۇيرۇق ـ قورقۇتۇش بىلەنمۇ ياندۇرغىلى بولمايتتى. «سىلەرنىڭ جەڭگە كىرىشىڭلار بەك خەتەرلىك، قۇربان بېرىشلەر كۆپىيىپ كېتىدۇ. قورال يېتىشكەندە سىلەرنى چوقۇم چاقىرىمىز، ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭلار» دېسە، ئۇلار: «ئەنە ئاۋۇ دۈشمەننىڭ قولىدىكى قورال ئەتە بىزنىڭ بولىدۇ» دەيتتى. دېمىسىمۇ راست، نەيزە، كالتەك، تۆمۈر ئارا تۇتقانلارنىڭ ئالدى ئۈچ ـ تۆت كۈندە، كەينى يەتتە ـ سەككىز كۈندە قورالغا ئىگە بولاتتى.

*　　　　*　　　　*

ئۇرۇشقا دائىر كىتابلاردا «پاراشوت تالىشىش جېڭى» دېگەن ئاتالغۇ بولمىسا كېرەك. ئەمما، بىزنىڭ شەھەردە مۇنداق جەڭلەر يۈز بېرىپ، «پاراشوت تالىشىش جېڭى» دېگەن ئۇقۇم پەيدا بولۇپ، پاراشوت تالىشىش جېڭى مۇھىم جەڭگە ئايلانغانىدى. چۈنكى، ئاشۇ پەيتتە ئۈچ ئورۇنغا قاپسىلىپ قالغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئوق ـ دورىغا، يېمەك ـ ئىچمەككە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى، شۇ نەرسىلەر بولمىسا ئۇلار ھالاك بولاتتى. شۇڭا، ئۇلار بىر پاراشوتنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىرنەچچە

ئەسكىرى ھالاك بولسىمۇ، پىسەنتىگە ئالمايتتى. پارتىزانلار قاپسىلىپ قالغان گومىنداڭ ئارمىيەسىنى ئوق - دورىدىن، يېمەك - ئىچمەكتىن قىسىش ئۈچۈن ئۇلارغا تاشلانغان پاراشوتلارنى قولغا كىرگۈزۈشكە تىرىشاتتى. بۇنداق بولغاندا، دۈشمەننىڭ قارشىلىقى سۇناتتى، تەسلىم بولۇشى ياكى گۇمران بولۇشى تېزلىشەتتى. بۇ مەزگىلدە گومىنداڭ ئايروپىلانلىرى بىلەن پارتىزانلار ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش خېلى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى.

بۈگۈن ئايروپىلانلار غارقىراپ كېلىپ غۇلجا ئاسمىنىدا پەيدا بولدى - دە، پەسلەپ ئۇچۇپ، كوچىلارنى ئوققا تۇتۇۋېتىپ، ئاندىن پەسلىگىنىچە نىشانلارغا جەزمەن چۈشىدۇ، دەپ ئويلاپ نۇرغۇن پاراشوتلارنى تاشلىۋېتىپ قايتتى. پاراشوتلاردىن ئىككىسى دۈشمەن پوزىتسىيەسىگە يېقىنراق، پارتىزانلار پوزىتسىيەسىگە يىراقراق ئارىلىققا چۈشكەنىدى. مانا شۇنىڭ بىلەن پاراشوت تالىشىش جېڭى باشلاندى. ھەر ئىككى تەرەپ پاراشوتلارنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەممە ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھەرىكەت قىلاتتى. دەسلەپ پارتىزانلار دۈشمەن پوزىتسىيەسىنى ئوققا تۇتتى. بىر پارتىزان يەر بېغىرلاپ سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى. دۈشمەن پوزىتسىيەسى مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا قارىماي، ئۇ پارتىزاننى ئوققا تۇتتى. تۇيۇقسىز پارتىزانغا ئوق تېگىپ كەتتى - دە، ھەرىكەتتىن (پاراشوتقا قاراپ سىلجىشتىن) توختاپ قالدى. لېكىن، ئۇ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ ئۆز ئىستىھكامىغا قارىدى. بۇنى پارتىزانلار ئېنىق كۆردى.

— ئۇنى قۇتقۇزۇش كېرەك، — دېدى ئەترەت باشلىقى ئۈنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراپ؛ — ئۇ تېخى ھايات ئىكەنغۇ ...

— مەن چىقاي، — دېدى رىزۋانگۈل دەرھاللا.

— ياق ! — ئەترەت باشلىقى بېشىنى قاتتىق سىلكىدى، — بارىدىغان ئادەم بار.

— يارىسىنى تاڭمىساق بولمايدۇ، ئۇ شۇ يەردە يېتىۋەرسە، قانسىراپ ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن.

— بارىدىغان ئادەم بار دېدىمغۇ! بولدى گەپ قىلماڭ!

ئۇنى قۇتقۇزىدىغان پارتىزان ئىستىھكامدىن چىقتى، دۈشمەن ئىستىھكامىنى ئوققا تۇتۇش باشلاندى. شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشقا پەرۋا قىلماي، دۈشمەن ئىستىھكامىدىن ئۈزۈلمەي ئوق چىقىشقا باشلىدى. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشىشقا ئۆتتى. ۋاي ئىسسىت، ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى. يارىدار بولغان پارتىزانغا يەنە ئوق تېگىپ، ياتقان يېرىدە ئىككى قېتىم سىلكىنىپ جىمىپ قالدى.

— قېرىندىشىمىز قۇربان بولدى! — دېدى ياشقا چوڭراق پارتىزان ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ، — ئۇمۇ مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدا قالدى!

— بۇدا مەن چىقىمەن، — ياشقىنە بىر پارتىزان ئەترەت باشلىقىنىڭ ئالدىغا كەلدى، — دۈشمەننى قاتتىق ئوققا تۇتۇڭلار ھەم ماڭا بىردىن گىراناتىڭلارنى بېرىڭلار.

ياش پارتىزان ئىستىھكامدىن چىقتى. شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشنىڭ ھىمايىسىدە ئۇ ئون بەش مېتىردەك ئالغا ئىلگىرىلىدى ۋە تىزلىنىپ تۇرۇپ دۈشمەن پوزىتسىيەسىگە كەينى - كەينىدىن ئۈچ گىرانات ئاتتى. دۈشمەن ئىستىھكامى بىردىنلا جىمىپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئىستىھكامىغا قاراپ «ئېتىڭلار!» دېگەن مەنىدە قولىنى پۇلاڭلاتتى - دە، ئالدىغا يەتتە - سەككىز مېتىردەك سىلجىپ بىر قولىدا پاراشوتنى، بىر قولىدا قۇربان بولغان سەپدىشىنى سۆرەپ ئۆز جايىغا قاراپ ماڭدى. شۇ چاغدا دۈشمەن پوزىتسىيەسىدىن بىردىنلا ئوق چىقىپ قالدى ۋە توختىماي ئېتىلىشقا باشلىدى. سەپدىشىنى ھەم پاراشوتنى سۆرەپ كېلىۋاتقان پارتىزان ئۆلگەن ئادەمدەك جىمىدە يېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئۆز جايىغا يېتىپ كېلىشىگە ناھايىتى ئۈچ - تۆت مېتىردەكلا ئارىلىق قالغانىدى. پارتىزانلارمۇ دۈشمەنلەرگە قارشى شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى. ئۇ سانسىزلىغان ئوقلار ھىمايىسىدە ئۆز ئىستىھكامىغا چۈشۈۋاتقاندا ئوق بىلىكىگە ئوق تەگدى. باشقىلار پاراشوتنى، قۇربان بولغان سەپدىشىنى تارتىپ ئۆز ئىستىھكامىغا چۈشۈرۈۋالدى. رىزۋانگۈل ئۇنىڭ يارىدار

قولىنى جۇۋىسىنىڭ يېڭىدىن چىقىرىپ، ئوق ئىزىنى دېزىنفېكسىيەلەپ تاڭدى ـ دە، جىددىي تەلەپپۇزدا دېدى:

— سىزنى ھازىرلا گوسپىتالغا ئەۋەتمىسەك بولمايدۇ.

— بۇنچىلىك ئىشقا ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى ياردار قاتتىق ئاغرىققا چىداپ.

— بىلىمەن، سىز ئاغرىققا چىداپ تۇرۇۋاتىسىز، ئەمما ئوق تەگكەن يەردىكى ئۇستىخان قاتتىق زەخىملىنىپتۇ. ئەمدى قورال تۇتالمايسىز ... پىلىموتىڭىزنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىككى قولىڭىز ساق بولمىسا بولمايدۇ. قېنى تۆۋەنگە چۈشۈڭ، ھارۋا تەييار، گوسپىتالغا ھازىرلا مېڭىشىڭىز كېرەك. سىز بىلەن بىر ئادەم بىللە بارىدۇ.

ياردار پارتىزان ئۈندىمەستىن رىزۋانگۈلگە ئەگىشىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

ئىككى ئوتتۇرىدا يەنە بىر پاراشوت تۇرىدۇ، ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۇنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ كويىدا. بۇ پاراشوت تالىشىش جېڭى قانداق بولاركىن؟

ئەترەت باشلىقى ئۇ پاراشوتنىمۇ قولغا چۈشۈرۈش تەدبىرى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندا، دۈشمەن ئىستىھكامىدىن ئۇزۇن بىرخادا چىقىپ كەلدى. خادىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىردەك كېلەتتى، ئۇچىغا ئىلمەك تۆمۈر بېكىتىلگەنىدى. ئۇلار مۇشۇ خادا بىلەن پاراشوتنى بىر يېرىدىن ئىلىپ سۆرەپ ئەكىرىپ كەتمەكچى بولسا كېرەك.

ئەترەت باشلىقى مەرگەن دەپ ئاتالغانلارنى مۇۋاپىق يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىلمەك تۆمۈرنى چەنلەشكە بۇيرۇدى. پاراشوت تالىشىش جېڭى باشلاندى. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە قارىتىپ توختىماي ئوق ياغدۇرماقتا ئىدى. مانا شۇنداق جىددىي پەيتتە ئۇچىغا ئىلمەك بېكىتىلگەن خادا ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ پاراشوتقا يېقىنلاپ كېلىپ، ئىلىدىغان يەرنى ئىزدەشكە كىرىشكەندە ئەترەت باشلىقى بۇيرۇق قىلدى:

— ئىلمەك تۆمۈرنى چەنلەپ ئوق ئۈزۈڭلار!

ئاردىن تۆت ـ بەش سېكۇنت ئۆتۈپ، كىمدۇر بىرىنىڭ ئاتقان ئوقى دەل نىشانغا تېگىپ ئىلمەك تۆمۈر پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. پارتىزانلار خۇشاللىقىدىن قىيقاس ـ چۇقان سېلىشىپ، ئوقنىڭ جايىغا تەگكەنلىكىگە تەنتەنە قىلىشتى، «سەنلەرنىڭ پاراشوتنى ئەكىرىپ كېتىشىڭگە ھەرگىز يول قويمايمىز !» دەپ ۋارقىراشتى. دۈشمەنلەر ئىلمەكسىز قالغان خادىنى قايتۇرۇشقا باشلىدى. ئەترەت باشلىقى ئەمدى خادىنى چەنلەشكە بۇيرۇق قىلدى. لېكىن، قوراللاردىن ئۇزۇلگەن سانسىزلىغان ئوق ئۇنىڭغا تەگمىدى. ئۇرۇش دېگەنمۇ قىزىق بولاتتى. كىچىككىنە تۆمۈرگە تەگكەن ئوق، ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە يوغان ياغاچقا تەگمەيۋاتاتتى. خادا سۆرەلگىنىچە كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېتىشىشمۇ پەسلەپ قالدى. بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. لېكىن، كۆزلەر پاراشوتقا تىكىلگەنىدى. پاراشوتنى قايسى تەرەپ قولغا چۈشۈرسە، گويا پۈتۈن ئۇرۇش شۇ تەرەپنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدىغاندەك ھالەت شەكىللەنگەنىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ سوئال پۈتۈن پارتىزانلارنىڭ ئەس ـ يادىنى چۇلغىۋالغانىدى. نەق مۇشۇ جىددىي پەيتتە ئۇچىغا قايتىدىن ئىلمەك تۆمۈر بېكىتىلگەن خادا دۈشمەن ئىستىھكامىدىن يەنە چىقىپ كەلدى. ئۇ پاراشوتقا يېقىنلاشقاندا سىلجىشتىن توختىدى، بىراق پاراشوتنى ئىلىش ئۈچۈن ئوڭ ـ سولغا توختىماي ھەرىكەت قىلاتتى. بىركەمدە ئىلمەك پاراشوتنىڭ قەيىرىدۇر بىر يېرىگە ئىلىندى ـ دە، سۆرىلىشكە باشلىدى. ئەترەت باشلىقىنىڭ ئابايىقى بۇيرۇقى يەنە تەكرارلاندى. تاراسلاپ ئوق ياغدى. پاراشوت تۆت ـ بەش مېتىردەك دۈشمەن ئىستىھكامىغا يېقىنلاپ باردى. قايسىدۇر بىر پارتىزان ئاتقان ئوق ئىلمەكنى خادىدىن ئاجرىتىۋەتتى، پارتىزانلار ئارىسىدا يەنە قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. لېكىن، پاراشوت دۈشمەن ئىستىھكامىغا يېقىنلاپ قالغانىدى. خادا ئۈچىنچى قېتىم چىقتى، ئۇنىڭ ئۇچىغا يەنە ئىلمەك بېكىتىلگەنىدى. پاراشوت ئۇلارغا يېقىنلىشىپ قالغاچقا، پاراشوتنى ئەكىرىپ كېتىش

بۇرۇنقىدەك تەسكە توختىمايتتى. خادا ئانچە كۈچىمەيلا پاراشوتنى ئىلىۋالدى دە، سۆرەشكە باشلىدى. بۇ ھال پارتىزانلارنى جىددىيلەشتۇردى، سەگەكلەشتۇردى. يەنە بىر ـ ئىككى مىنۇت ئۆتسە، پاراشوت ئۇلارنىڭ بولۇپ كېتەتتى. شۇنچىلىك شىددەت بىلەن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئىلمەك تۆمۈرگە تەگمەيۋاتاتتى.

— ئەترەت باشلىقى، قاراپ تۇرۇپ ئۇ پاراشوتنى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويامدۇق؟ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— ئەترەت باشلىقى، بۇيرۇق بېرىڭ، ئۇنىڭدىن كېچەيلى!

— ئەترەت باشلىقى، پاراشوتنى پارتلىتىۋېتەيلى!

پاراشوت بارغانسېرى دۈشمەن ئىستىھكامىغا يېقىنلىماقتا، پارتىزانلارنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترىمەكتە...

— قاراپ تۇرۇپ پاراشوتنى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويارمىزمۇ؟ — دېدى رىزۋانگۈل ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، — يەشكىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىغاندا، جەزمەن ئۇنىڭدا ئوق ـ دورا بار. ئۇنى قولغا چۈشۈرەلمىگەننى ئاز دەپ، يەنە پارتلىتىۋەتسەك، ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بولمامدۇق؟

ئاخىر ئەترەت باشلىقى بۇيرۇق قىلدى:

— ئاۋۇ يەشىكنى ئوققا تۇتۇڭلار! ئۇنىڭ دۈشمەن قولغا چۈشۈپ كەتكىنىدىن ۋەيران بولغىنى ئەۋزەل.

شىددەتلىك ئوققا تۇتۇش بىلەن يەشىك قاتتىق پارتلاپ، خادا دۈشمەن ئىستىھكامىدىن چىقىپ كەتتى، پارچىلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپپاق يىپەك پاراشوتمۇ، ئۇنىڭغا بېكىتىلگەن ئوق ـ دورا قاچىلانغان يەشىكمۇ، خادا ۋە ئۇنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلغان ئىلمەك تۆمۈرمۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غايىب بولدى.

* * *

رىزۋانگۈل دوستى رىزۋان ناسىر بىلەن ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىدا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار ئىككىسى پىدائىي بولىمىز دەپ

پارتىزانلار ئىشتابىغا بىللە بارغان، پارتىزانلىققا بىللە تىزىملانغان. رىزۋانگۈل ئالدىنقى سەپكە، رىزۋان ناسىر تەشۋىقات ئەترىتىگە ئەۋەتىلگەن. بۇنداق بولۇشى تىزىملاش ئورنىدىكى مەسئۇل كىشى رىزۋان ناسىرغا: «سىز ئوقۇتقۇچى بولغانىكەنسىز، شۇڭا تەشۋىقات ئەترىتىگە تازا باب كېلىدىكەنسىز. قېنى سىڭلىم، قارشىلىق قىلماي، بىز بۆلگەن ئورۇنغا بېرىڭ» دېگەن. ئىككىسى ئىككى سەپتە يۈرۈپ، كۈنلىرى ئالدىراشچىلىقتا ئۆتكەن، بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە بىر ئايدىن ئاشقانىدى.

— كۆزۈمدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭغۇ دوستەك، قانداق، ئاپا - دادىڭ تىنچلىقتۇ؟ كىچىككىنە شەھەردە يۈرۈپمۇ كۆرۈشەلمەيدىكەنمىز، تۇۋا، — دېدى رىزۋانگۈل دوستىنى قۇچاقلاپ.

— ئىشقىلىپ، ئامان - ئېسەن بولساقلا كۆرۈشىدىكەنمىز، — دېدى رىزۋان ناسىر، ئۇنىڭ چىرايىدىن شادلىق يېغىپ تۇراتتى، — سەل جۇدەپ قاپسەن، ئەمما زىلۋالىشىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن.

— جۇدەپ كەتسەممۇ كەتكەندىمەن، ئالدىنقى سەپ، ئۇرۇش مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپمۇ قويغاندۇ ياكى ئۇرۇش ئوتى چېنىقتۇرۇپ زىلۋالاشتۇرۇۋەتكەندۇ، ئاداش.

ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

رىزۋانگۈل ئاق جۇۋا، ئاق قۇلاقچا، ئاق پىيما كىيىپ، بېلىنى تاسما بىلەن باغلاپ، پىيمىسىنىڭ قونچىنى قايرىۋالغان بولۇپ، زىلۋا كۆرۈنەتتى.

— تەشۋىقاتىڭلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە ئىكەن؟ — دېدى رىزۋانگۈل.

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خەلققە گومىنداڭچىلار بىلەن خەنزۇ ئەمگەكچىلەرنى (پۇقرالارنى) پەرقلەندۈرۈشنى، خەنزۇ ئەمگەكچىلەرنىڭمۇ بىزگە ئوخشاشلا گومىنداڭنىڭ زۇلمىنى

چەككەنلىكىنى، ئېزىلگەنلىكىنى، شۇڭا بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خەنزۇ خەلقى ئەمەس، مۇستەبىت گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈق. يېقىندىن بېرى ئىنقىلابقا ئىئانە توپلاش، ياردەم قىلىشنى تەشۋىق قىلىۋاتىمىز.
— ھازىر ئالدىنقى سەپكە مەھەللە - مەھەللىلەردىن ئاش - تاماق ئەكېلىۋاتقانلار ئەسلىدە سىلەرنىڭ تەشۋىق - تەربىيەڭلارنى قوبۇل قىلغانىكەنىكەن - دە!
— ئالدىنقى سەپكە ئاش - تاماقنى مەھەللىلەردىكى ئادەتتىكى كىشىلەر يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ. بايلارنىڭ، چارۋا ئىگىلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىئانىلىرىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال ئېلىۋاتىمىز. ئورۇسلارمۇ ياردەمنى بىكارغا قىلمايدىكەن. بىز ئىئانە قىلىنغان ئونلىغان، يۈزلىگەن، مىڭلىغان چارۋا ماللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز، شۇنىڭ ھېسابىغا ئۇلار بىزگە قورال - ياراغ بېرىدۇ.
ئىككىسى باشلىرىنى مەنىلىك لىڭشىتىپ بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرى يېنىك ئۇرۇۋاتقان ئاچچىق شامالدىن قۇياش نۇرىغا قېنىپ پىشقان تاغ ئالمىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ تېتىكلىكى، خۇشخۇي چىرايىدىن قىلىۋاتقان ئىشلىرى، ئىشلەۋاتقان خىزمەتلىرىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.
ئۇلار بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ئارانلا بىر قېتىم كۆرۈشەلىدى، يەنە كۆرۈشۈش، مۇڭدىشىش قاچان نېسىپ بولىدۇ، نېسىپ بولامدۇ، يوق، بۇنى بىلمەيتتى. شۇڭا، ھەربىي سەپتە ئىشلەۋاتقانلىقىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە يەنە بىرنەچچە قىز بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشۈۋالدى.

## 23

1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى.
بۈگۈن پارتىزانلار گومىنداڭ ئارمىيەسى بېسىپ ياتقان

ئورۇنلارغا قارشى شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. ئاشۇ ئۈچ ئورۇندا قاپسىلىپ قالغان دۈشمەننى يەتمىش نەچچە كۈنگىچە تارمار قىلالماسلىق شۇلارنىڭ يېنىدا، ئەتراپلىرىدا ياشاۋاتقان خەلقنى تىت ـ تىت قىلىپ، نۇرغۇن سوئاللارنى پەيدا قىلماقتا ئىدى. بولۇپمۇ، بۈنىڭدىن پارتىزانلار ئىشتابىدىكىلەر بۇ ھەقتە تولا كاللا قاتۇرۇپ ھەرىكەتنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. بۈگۈنكى ھۇجۇمنىڭ شىددەتلىكىگە قارىغاندا، قانچىلىك چىقىم كەتسۇن، شۇ ئۈچ ئورۇننى جەزمەن ئىشغال قىلىش قارار قىلىنغان بولسا كېرەك. پارتىزانلار ھېچنېمىنى ئويلىماي، ئالغا ئىنتىلىپ، پارتلاشقا تەييار تۇرغان بومبىدەك ھالغا كەلگەنىدى. ھەر خىل قوراللاردىن توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان ئوقلار، تاشلىنىۋاتقان بومبىلار قۇلاق ـ مېڭىنى يەپ تۇراتتى. كىچىككىنە چولاق تامغا بىرىنۆپلىش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلەنسە مەيلى ئىدى. ئوقلار ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ، ئەجەل سايە تاشلاپ تۇرسىمۇ، ھەربىر قەبرىنىڭ دۆۋىلەنگەن توپىلىرى ئۇلارغا پاناھ بولغاچقا، شۇ يەرگە بىرىنۆپلىشقا ئالدىرايتتى.

ھەرەمباغنىڭ غەربىي تۆپىلىكى دەھشەتلىك جەڭ قاينىمىغا ئايلاندى. دۈشمەنمۇ پۈتۈن كۈچىنى بۈگۈن ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن ئوخشايدۇ. ئۇلار پوتەيلەردىن، ئاكوپلىرىدىن، ئىستىھكاملىرىدىن ئۈزۈلدۈرمەي ئوت ئاچماقتا، پارتىزانلار ئۇلارغا سەللا يېقىنلاپ قالغان جايلارغا ۋىڭىلداپ كېلىپ گىراناتلار چۈشمەكتە، قارلار، توپىلار ئۇچماقتا ... مۇشۇنداق ئەھۋالدا قالغان جەڭچىلەر ئۆزىنى دەھشەت ئىچىدە قالدىم، دەپ ئويلىمايدۇ، ئۆزىنى قەستلەپ ئەجەل ياغدۇرۇۋاتقان پوتەينى يوق قىلسام، كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتسەم، دۈشمەنلەرنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقاتسام، دەپ ئويلايدۇ.

ئۇرۇشنىڭ دەھشىتىنى كۆرمىگەن ئادەم بىلمەيدۇ، كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇرۇش قاينىمىدا يۈرگەن ئادەم يان ـ يېنىدا ئۆلۈۋاتقانلارنىڭ، قان ئىچىدە ئىڭراپ ياتقانلارنىڭ كۆپلۈكىدە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىگە پاناھ

بولغۇدەك ھەم ئوق ئۇزۇشكە ئەپلىك جايغا خېيىم - خەتەرگە قارىماي ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئۆلۈمنى پۇتۇنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ، دۇشمەنگە زەربە بېرىشنىلا ئويلايدۇ، قىزارغان كۆزلەردىن ئوت يانىدۇ، سۇرلۇك يۈزلەردىن دەھشەت ياغىدۇ ... ئادەتتە كىشىلەر بىر چۇمۇلىنى كۆرمەي قېلىپ دەسسەپ قويسا، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىدۇ؛ ئۇرۇشتا دۇشمەننى خەنجەر سانجىپ ئۆلتۈرگەندە بولسا، خۇشال بولۇپ بېشى ئاسمانغا يېتىدۇ. جەڭگاھتىكى قانلىق قىرغىنچىلىق ھەرقانداق جەڭچىنى رەھىمسىز قىلىپ قويىدۇ، سەپدىشىغا ئىچ ئاغرىتىشقا پۇرسەت بەرمەيدۇ. ئۇرۇشتا پۇرسەت دېمەك، غەلىبە دېمەكتۇر.

قانلار دەريا بولۇپ ئاققان، ئادەم باللىرىنىڭ قىيا - چىيالىرىغا، ئېچىنىشلىق ئىڭراشلىرىغا تولغان جەڭگاھتا باشقىلارنىڭ ھاياتىنى ئويلايدىغان، يارىلىنىپ جان تالىشىۋاتقانلارنى قۇتقۇزۇش كويىدا پايپېتەك بولىدىغانلارمۇ بولىدۇ، ئۇلار بولسىمۇ سېستىرالاردۇر. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى ئويلىمايدۇ. ئۇلار ياردارلارنى قۇتقۇزۇش جەريانىدا ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆلۈمنى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى ئويلىسا، قۇربان بولغانلار جايىدىلا تۇپراققا، جان تالىشىۋاتقانلار جەسەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. باشقىلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇش روھى ئەنە شۇ سېستىرالارغا «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» دېگەن ئۇلۇغۋار نامنى ھەدىيە قىلغان.

رىزۋانگۇل بۈگۈن ئادەتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان، كۆيۈمچان، چاققان - چەبدەس بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەتراپىغا توختىماي كۆز تىكەتتى. بۈگۈنكى ئۇرۇش مەيدانىغا پارتىزانلار قوشۇلۇپ نۇرغۇن كىشىلەرمۇ كىرگەنىدى. سەپنىڭ ئالدىدا پارتىزانلار ھەر خىل قوراللاردىن ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئۈزۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە نەيزە، چوماق، تۆمۈر ئارا تۇتقان پىدائىيلار، ئەڭ كەينىدە ھۇجۇم يۇقىرى دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە ھەرىكەتكە كېلىدىغان قىيقاس - چۇقانچىلار ھازىر بولغانىدى. رىزۋانگۇل ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك

مەغرۇرلانمىغان، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ تىپچەكلىمىگەن ۋە ھاياجانلانمىغان ... ئۇ ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان، ئازاد زامان ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان، ئۆلۈمدىن قورقماس ئەزىمەتلەرنى كۆرۈپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى. ئۆلۈم ناھايىتى دەھشەتلىك، قايغۇلۇق ھادىسە، لېكىن يېڭى نەرسە ئەمەس، ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كونا نەرسە. ئۆلۈم قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، رىزۋانگۈلنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. قىسقىسى، ئۇ ئۆلۈمنى يادىغا ئالمايتتى، ئويلىمايتتى، خاتىرىسىدە «ئۆلۈم» دېگەن ئۇقۇم يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئەڭ خەتەرلىك، ئۆلۈم كۆرۈنۈپ تۇرغان يەرلەرگىمۇ «جەڭچى يارىدار بولدى» دېگەن گەپنى ئاڭلىسىلا ئۆزىنى مەردلەرچە ئاتاتتى. بۇ مۇھەببەت - نەپرەتتى ئېنىق، زۇلۇمغا قارشى ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان تاغ يۈرەك ئادەملەردىلا كۆرۈلىدىغان ھالەت ئىدى.

رىزۋانگۈلگە بۈگۈن جاھىل قورغان — ھەرەمباغ گازارمىسى بىتچىت قىلىنىدىغاندەك، يەتمىش نەچچە كۈنگە سوزۇلغان ئۇرۇشتىن خۇلاسە چىقىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

پارتىزانلار يەر بېغىرلاپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئالغا سىلجىماقتا. دۈشمەنمۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىۋەتكەندەك قىلاتتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار، تاشلىنىۋاتقان بومبا، گىراناتلار گۈمبۈرلىگەن، قوماچ قورۇلغاندەك ئاۋازلارنى پەيدا قىلىپ، ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ كېتەتتى ۋە كىشىگە نەپىسى سىقىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلار زومچەك - زومچەك قەبرىلەرنى چۆمكىۋالغان قارلارنى توزۇتۇۋېتەتتى.

ئۇرۇش دەھشەتلىك تۈس ئالدى. شۇ چاغدا: «دۈشمەن ئىستىھكامىغا يېقىنلاپ قالغان بىرنەچچە جەڭچىگە ئوق تەگدى!» دېگەن سادا كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان رىزۋانگۈل شۇ ياققا ئۆزىنى

ئاتتى. ئۇ ئۆرە يېتى يۇگۇرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ دۇمبىسىدە دوختۇرلۇق سومكىسى پۇلاڭلاپ تۇراتتى.
جەڭچىلەر ۋارقىرىشىپ قالدى:
— ئۆرە ماڭماڭ!
— توختاڭ، يېتىۋېلىڭ، سىڭلىم! ئۆمىلەڭ، قىزچاق!
ئوقلار ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ۋىڭىلداپ ئۇچماقتا، بىر ئوق جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى. رىزۋانگۇل تېخىچىلا ئۆرە يۇگۇرمەكتە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا سەپداشلىرىنىڭ ۋارقىراشلىرى كىرمەيتتى، ئۇ پەقەت خەتەرلىك جايدىكى ياردارلارنى قۇتقۇزىمەن، دېگەننىلا ئويلايتتى. پارتىزانلارمۇ ئۇنى ھىمايە قىلىپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا ئۇزلۇكسىز ئوق ياغدۇرماقتا ئىدى. رىزۋانگۇل ياردارلار يېنىغا يېتىپ باردى - دە، ياتتى. ياردار بولغىنى ئىككى جەڭچى ئىكەن. بىرىنىڭ يارىسى يېنىك، يەنە بىرىنىڭ ئېغىر ئىكەن. رىزۋانگۇل يېنىكرەك زەخىملەنگەن پارتىزاننىڭ يارىسىنى تازىلاپ تېڭىپ قويدى.
— بولدى، مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، — دېدى ياردار پارتىزان، — بۇ يەردىن ئۆزۈم چىقىپ كېتەلەيمەن. مۇنۇ ياردارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسىڭىزلا بولدى.
رىزۋانگۇل دەرھال ئىككىنچى ياردارنى ئەملەشكە كىرىشتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى، ئوق ئۇڭ بىقىنىغا تەگكەن بولۇپ، ھوشسىز ياتاتتى. ئۇنى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرغۇزۇشقا بولمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئوق تەگكەن يېرىنى ۋاقىتلىق تېڭىپ، قاننى توختىتىپ، ئەنە، ئاۋۇ چولاق تامنىڭ كەينىگە ئاپىرىپ، رەسمىي تېڭىپ گوسپىتالغا ئەۋەتىش كېرەك ئىدى ... رىزۋانگۇل ئۇنى سۆرەپ چولاق تامنىڭ كەينىگە ئەكەلدى. تېڭىقنى ئېچىپ، يەنە بىر قېتىم يارا ئېغىزىنى تازىلاپ، دورا چېچىپ تاڭدى. ياردار كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ياتاتتى، چىرايى قانسىراپ ئاقىرىپ كەتكەنىدى. رىزۋانگۇل ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىڭشىدى، تومۇرلىرىنى تۇتتى. ئۇ قىمىر قىلمايتتى، ۋۇجۇدىدا ھاياتلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئاستىدىكى

چىقىدالغان قار قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى. «ئۇ جان ئۈزۈپ بوپتۇ - دە» دەپ ئويلىغان رىزۋانگۈل قانغا قاراپ پىچىرلىدى: «باشقىلارنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئازادلىققا، تەڭ - باراۋەر كۈنلەرگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تۆكۈلگەن قان — قۇتلۇق قان! ئەي قەدىرلىك ئىنسان، سېنى سەپداشلىرىڭ، زامانداشلىرىڭ ئۇلۇغلايلا قالماي، كەلگۈسى ئەۋلادلارمۇ ئۇلۇغلايدۇ! ئازادلىق - ئەركىنلىك ئۈچۈن تۆكۈلگەن قان ئادەتتىكى ئىشلار ئۈچۈن تۆكۈلگەن قانغا ئوخشىمايدۇ. سەن باشقىلار ئۈچۈن، ئازاد زامان ئۈچۈن قان تۆكتۈڭ، شۇڭا سەن ئەڭ بەختلىك ھەم مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئىنسان! سېنى ھەممە ياد ئېتىدۇ، ئەنە، ئاۋۇ پىستان تېرىپ يۈرگەن باللار سېنى بىر ئۆمۈر ئېسىدىن چىقارمايدۇ ۋە خاتىرىلەپ تىرىك ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. سۇلار ئاقىدۇ، يىللار ئۆتىدۇ، سەن تىككىلگەن بايراق يىقىلمايدۇ! ئەتىياز كېلىپ ئىللىق شامالللار ئۈچىقاندا، مۇشۇ ياتقان يېرىڭدىن قىزىلگۈل ئۈنىدۇ ... خەير، سەپدىشىم، سەن تىرىكلەرنىڭ تىرىكىسەن!»

رىزۋانگۈلنىڭ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىككى تامچە ياش سىيرىلىپ چۈشۈپ مەڭزىدە قېتىپ قالغان، لېكىن ئۇ ئۇنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ تاشلانمىغان ئاق جۇۋىسىنىڭ پەشلىرى قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى، ئۇنىمۇ كۆرمىدى. قۇربان بولغان پارتىزاننى ئارقا سەپكە ماڭغۇزۇۋېتىشكە يەنە سادا كەلدى:

— سېسترا! قېنى سىز رىزۋانگۈل، ئىككى پارتىزان يارىدار بولدى!

رىزۋانگۈل ئورنىدىن ئالمان - تالمان تۇرۇپلا سادا كەلگەن تەرەپكە يۈگۈردى. ئوقلار ۋىڭىلداپ ئۇچماقتا، قەبرىلەر ئۈستىگە قونغان قارلارنى توزۇتماقتا ...

ئۇ يارىدارلار يېنىغا بېرىپ ياتتى. دۈشمەن ئىستىھكامىدىن ئېتىلغان سانسىز ئوقلارنىڭ بىرى قوشۇما قاش پارتىزاننىڭ ئوڭ چېكىسىگە تەگكەن بولۇپ، قىپقىزىل قان مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتاتتى. رىزۋانگۈل سومكىسىدىن دورىلىرىنى ئېلىپ، يارا

ئورنىنى پاكىز سۈرتۈپ تېزلىكتە تاڭدى. رىزۋانگۈلگە ئايان ئىدى: ياربدار بولغان ئادەم ئۇسساپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كېتىدۇ. رىزۋانگۈل بىر قولىدا ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سۇدانىدىن سۇ ئىچۈردى. ئۇنى ئارقا سەپكە ماڭدۇرۇۋېتىپ، يەنە بىر ياربدارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى هازىر ئارقا سەپكە ماڭدۇرۇۋېتىلگەن ياربدارنىڭكىدىن ئېغىر بولۇپ، ئىككى يېرىگە ئوق تەگكەن: بىرىنچى ئوق مۈرىسىنىڭ ئاستىغىراق تېگىپ، ئۇستىخانلىرىنى چۇل - چۇل قىلىۋەتكەن؛ ئىككىنچى ئوق سول تىزىغا تېگىپ، لېپەك ئۇستىخىنىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەنىدى. رىزۋانگۈل ئاۋۋال ئۇنىڭ مۈرىسىنى داكا ئارىسىغا قېلىن پاختا قويۇپ تاڭدى. ئاندىن ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن لېپەكنى جاي - جايىغا قويۇپ، دېزىنفېكسىيەلەپ، تېڭىپ قويدى. لېكىن، ئۇ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ۋاي - ۋايلاپ قالايمىقان جۆيلۈپ ياتاتتى. بىردە: «ئاغرىققا چىدىمىدىم، مېنى ئېتىۋېتىڭلار، بىراقلا ئارام تاپاي» دېسە، بىردە: «مېنىڭ ياربدار بولغانلىقىمنى ئاتا - ئانامغا دېمەڭلار، ئاپام چىدىمايدۇ ... ۋاي رىزۋانگۈل، ئوق تەگكەن يېرىمنى كېسىپلا ئېلىۋەتسىڭىز بولمامدۇ، ئاغرىق پەسلەيمۇ قالاتتى ئەمەسمۇ» دەيتتى. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، يۈزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقىنى يېشىمۇ ياكى ئاغرىق ئازابى پەيدا قىلغان تەر تامچىلىرىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى.

— ئازراق چىداڭ، هازىرلا گوسپىتالغا بارىمىز. ئاغرىق پەسەيتىش ئوكۇلىدىن بىرنى سالسىلا، ئاغرىق پەسلەيدۇ. سىزنى گوسپىتالغا ئۆزۈم ئاپىرىمەن. غەيرەت قىلىڭ، — دەيتتى رىزۋانگۈل.

رىزۋانگۈل يەنە بىر پارتىزاننىڭ ياردىمىدە ئۇنى بۇ يەردىن يەتتە - سەككىز ماڭدام نېرىدىكى ئويمانلىققا چۈشۈرۈۋالدى. شۇ ئەسنادا يەنە سادا كەلدى:

— رىزۋانگۈل، قېنى سىز، ياربدار ! ياربدار ! ...

رىزۋانگۈل ئۆزى گوسپىتالغا ئاپارماقچى بولغان ياربدارنى

باشقا بىر سېستراغا تاپشۇرۇپ، تۆپىلىككە قاراپ يۈگۈردى.

پارتىزانلار تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئۆرە ماڭماڭ، هوي سىڭلىم!

— يېتىۋېلىڭ ... يەر بېغىرلاپ ئىلگىرىلەڭ!

— ئەستاغپۇرۇللا، نېمانداق گەپ ئاڭلىمايدىغاندۇ بۇ قىز ....

رىزۋانگۈلنىڭ پۈتۈن ئەس - يادىنى يارىدارنى تېز قۇتقۇزۇش كېرەك، دېگەن بىرلا ئوي چۇلغىۋالغانىدى، شۇڭا باشقا گەپلەر قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ئوقتەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر پاي ئوق بېشىغا تېگىپ، ئۇنى يىقىتىۋەتتى.

— ئاھ ... رىزۋانگۈل!

— رىزۋانگۈلگە ئوق تەگدى!

— رىزۋانگۈل يىقىلدى!

يۈرەكلەردىن ئېتىلىپ چىققان بۇ قايغۇلۇق سادالارغا پارتىزانلارنىڭ ئۆز شەپقەت هەمشىرىسىگە، كۆيۈمچان قىزىغا بولغان مېهىر - مۇهەببىتى، قايغۇ - هەسرىتى سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇشقىرتىپ چىقىۋاتقان شامال رىزۋانگۈلنىڭ مەڭزىگە تېمىپ چۈشكەن قان تامچىلىرىنى تەۋرىتىپ، بۇغداي ئۆڭ يۈزىگە يېيىلغان تال - تال قارا چاچلىرىنى يەلپۈمەكتە ئىدى.

— رىزۋانگۈل، كۆزىڭىزنى ئېچىڭە، راستلا بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىزما؟ — دېدى كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغان بىرى.

— رىزۋانگۈل، مەن ... مەن ... هاشىم ئاخۇن ئاكامغا ... نېمە دەيمەن؟ — دەيتتى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۆكسۈپ تۇرغان يەنە بىرى.

قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تەسىرىدىن رىزۋانگۈل سىلكىنىپ كۆزلىرىنى ئاستا ئاچتى، تىلى بىلەن ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىدى. ئۇنىڭ نۇرسىز قوي كۆزلىرىنىڭ كۆرگىنى ئۆز ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان پارتىزانلارنىڭ كۆز چاناقلىرىدىكى، كۆز چاناقلىرىدىن مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن ياشلىرى بولدى. ئۇ

كۆچىنىپ تۇرۇپ بوش شىۋىرلىدى:

— يىغلىماڭلار ... ئەمدى بىزگە يىغا ياراشمايدۇ ... — ئۇنىڭ ئاۋازى ئۈزۈك - ئۈزۈك چىقاتتى، — بىز ئىنسانىدەك ياشىدۇق ... ئىنساننىڭ ئىنسانلىقى ... ئادەتتىكىدەك ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشتە ئەمەس ... تارىخقا يېزىلغۇدەك ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشتە ... بىزنى بۈگۈنكى زاماندىشلىرىمىزلا ئەمەس ... ئەنە ئاۋۇ ئىنقىلابنى قوللاپ ... قىيقاس - چۇقان سېلىپ يۈرگەن باللار، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئەسلەيدۇ ... بىزنى تارىخ ئۇنتۇمايدۇ ... بىز تارىخقا يېزىلغۇدەك ئىشلارنى قىلدۇق ...

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، كۆزلىرىنى مەڭگۈلۈككە يۇمۇپ شۈك بولۇپ قالدى. پارتىزانلارنىڭ كۆزلىرىدىن توختاۋسىز ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئارىسىدىكى يېڭى سېستىرا — توختى بۇۋىنىڭ: «رىزۋانگۈل ماڭا يارىدارلارنى قانداق ئەملەشنى، قورالنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگەتكەنىدى ... ئاھ خۇدا، بۇنىڭدەك كۆيۈمچان، ئوت يۈرەك، زۇلۇمغا باش ئەگمەيدىغان، ئاق كۆڭۈل بەندەڭنى ئەكەتكۈچە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدەك زۇلۇمخورلارنى ئۆز دەرگاھىڭغا ئاپىرىپ، ئۆز بەندىلىرىڭگە سالغان ئازابلىرى ئۈچۈن قاتتىق جازالىساڭ بولمامدۇ؟!...» دەپ پىچىرلاپ يىغلاشلىرى باشقىلارنىڭ قايغۇ - ئەلەمدىن پارە - پارە بولغان يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ سانجىلدى. چاڭقىلداپ سۆزلەپ تۇرىدىغان، ھەممىگە كۆيۈمچان رىزۋانگۈلنىڭ ياشلىق گۈللىرى ئېچىلماي، ھاياتنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەي، بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانلىقى پارتىزانلارنىڭ قەلبىدە ساقايماس يارا پەيدا قىلدى. بۇ يارا شۇنچىلىك ھەسرەتلىك، شۇنچىلىك پىغانلىق ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ئاھۇ زارى پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ، قارا بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ يىراق - يىراقلارغا كەتتى.

قاپىقى سېلىنغان، چىرايىدا قايغۇ - ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى يانغان شۆبە ئەترەت باشلىقىنىڭ ئاۋازى گۈرۈلدەپ چىقتى:

— خەير، قىزىم، سىزنى ئاسراپ قالالمىدۇق، سىز باشقىلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ، باشقىلارغا ھاياتلىق

ئاتا قىلمەن دەپ سولدىڭىز، سىز ئۆلمەيسىز، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە گوياكى چولپاندەك مەڭگۈ پارلاپ تۇرىسىز. ھايات قالغان سەپداشلىرىڭىز، مىڭلىغان پارتىزانلار سىزنى ئۇلۇغلايدۇ. سىزنىڭ ھاياتىڭىز ئانا ۋەتىنىنىڭ، خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بېغىشلانغان شانلىق ھايات! ... ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلغان كىشى ئەبەدىلئەبەد ئۇنتۇلمايدۇ. سىز ۋەتەن بېغىدا ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرغان توزۇماس گۈل! ئۆلمەس رىزۋانگۈل! قېنى سەپداشلار، رىزۋانگۈلنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قوراللىرىمىزدىن ئوق ئۈزەيلى!

تاراسلاپ ئېتىلغان ھۆرمەت ئوقلىرى ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ، تۇرۇلۇپ كەتكەن بۇلۇتلارنىڭ باغرىنى يېرىپ، دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىلارنى قوزغىغۇەتتى ۋە يىراقتىن غايىبانە سادا كەلدى:

خەۋەر كەلدى گويا بىر —
سولدى دېگەن قىزىل گۈل.
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا
ئەمەسمىدى رىزۋانگۈل.

ئەل داڭقىنى ياد ئېتىپ،
دۈشمەنلەرنى ئېتىپ كۈل،
بەل باغلىغان جەڭلەردە
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.

ئۇنتۇلسۇنمۇ، ھېچ قاچان
ئۇنتۇلمايدۇ رىزۋانگۈل.
ئۇ بىر توزۇماس ئېچىلىپ
تۇرغان ئەسلا قىزىل گۈل①.

2005 ـ يىلى 8 ـ ماي، ئۈرۈمچى.

---

① بۇ قادىر ھەسەنوفنىڭ شېئىرى.

# تورزۇماس گۇل

ئاپتورى: ئابدۇراخمان قاھار
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شېڭتوڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 8.5
نەشرى: 2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 14272 - 9
باھاسى: 25.00 يۈەن